# «ھدايەت نۇرىنى ئىزدەش»

بىر ياش مۇسۇلماننىڭ ھەقىقەتنى ئىزدىشى

مەخسۇت ئەخمەدخان

## مۇندەرىجە


1.باب خىيالى چۈش..............................3

2.باب باللىق دەۋرىم..............................5

3. باب ئۆسۈپ چوڭ بولۇش..........................20

4.باب ئۇنىڭ يولىدا بولۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈش....32

5.باب ھەقىقەتكە تەشنا بولۇش.........................51

6.باب ئورۇندىن تۇرۇش.............................68

7.باب قېچىش......................................78

8.باب جەنۇپقا سەپەر...............................95

9.باب ئۆلۈم گىردابىدا..............................116

10.باب مۇقەددەس كىتاپ ۋە قۇرئان.....................127

11.باب يۇرۇقلۇققا چىقىش...........................140

12.باب مەسىھ يولىغا قەدەم تاشلاش.....................151

13.باب داۋاملىق ئىلگىرىلەش..........................162

## 1 باب «خيالى چۇش»

مەن تۆت كوچىغا كېلىپ قاپتىمەن. ئېزىپ قالغانلىقتىن ئۆزىنى يوقاتقان هالدا يىغلاۋاتقان بىر بالا ئىدىم. مەن كېتىۋاتقالاردىن ئۆيۈمگە بارىدىغان يولنى سورىدىم. بىراق، هېچكىم ماڭا توغرا يولنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. ئاخىرى خالىغان بىر يولغا چىقىپ، غېرىپلىق ئىچىدە ماڭدىم.

مېنىڭ قورسىقىم شۇنداق ئېچىپ كېتىپتۇ. تۇيۇقسىزلا، ئالدىمدا مېۋىلىرى مەي باغلاپ پىشقان گۈزەل بىر باغ پەيدا بولدى. بۇ باغنىڭ تاملىرى ناهايىتى ئېگىز بولۇپ، دەرۋازىلىرى قولۇپلاقلىق ئىدى. مەن دەرۋازىنى ئېچىشقا تىرىشىپ باقتىم، لېكىن ئاچالمىدىم. مەن كۈچۈمنىڭ بېرىچە:

ئادەم بارمۇ؟ ئىشىكنى ئېچىپ بېرىڭلار، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى. ماڭا مېۋە سېتىپ بېرىڭلار! قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى! دەپ ۋارقىرىدىم.

ئالدىمدىكى دەرۋازا ئۆزى تىنىسىز ئاستا ئېچىلدى. باغدا باللار ئويناۋاتقانىكەن. مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا بارسام، ئۇلار مېنى كۆرۈپ ئويۇنلىرىنى توختاتتى. مەن ئۇلارغا:

مەن ئۆيۈمگە قايتىدىغان يولنى تاپالمىدىم. ئەگەر، مەن كەچ قالسام ئاتا ئانام مېنى ئۇرىدۇ، دېدىم.

شۇ يەردە، بىر بالا ئالما يەۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ:

مېنىڭ قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، دېدىم. تويۇقسىز، باللار مېنى كۆرۈستىپ تۇرۇپ:

دادا! قارا, كىم كەلدى؟ دەپ چۇرقىراشتى.

مەن  ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام، چاتقاللىق تەرەپتىن ئىنتايىن تىمەن، ساغلام ھەم قاۋۇل كەلگەن بىر ياشانغان بوۋاينىڭ بىزگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ خوددى مېنىڭمۇ دادامدەك تۇيۇلدى. لېكىن نېمىشقادۇ  ، مەن چۆچۈگەن ھالدا ئۇنىڭدىن قېچىشقا باشلىدىم. بىراق، ئۇنىڭ مۇلايىم ئاۋازى مېنىڭ قەدىمىمنى توختاتتى.

ئوغلۇم! سەنمۇ مۇشۇلارغا ئوخشاش مېنىڭ بالامسەن. مېنىڭ ھەرگىز سەندىن كۆڭلۈم ئاغرىنغىنى يوق!

گەرچە، بۇ  ئاۋاز مېنىڭ دادامنىڭ بولمىسىمۇ، مەن ئارقىمغا بۇرۇلۇپ، ئۆزۈمنى ئۇنىڭ باغرىغا ئاتتىم. ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلىدى. باشقا باللارمۇ  خۇشاللىقدىن ئەتراپىمغا ئولىشۇپ مېنى قۇچاقلىدى. ئۇلار سېۋەتلىرىدىكى مېۋىلەردىن ماڭا بەرگەچ، بۇ ئاقساقالنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دادىسى ھەم ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە كۆرسەتكەن مېھىر  مۇھەببىتىنى بەس  بەستە سۆزلەپ بەردى. مەن ئۆز ئۆيۈمدە بۇنداق مېھرىبانلىقنى كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇشنى ئۆتۈنۈپ:

مېنى ئېلىپ قېلىڭلار! سىلەر بىلەن بىرگە تۇراي. سىلەر بىلەن بىللە مەكتەپكە بارىمەن. شۇنداقتا، ئۇستازىم مۇھەممەد ئىسمائىل مېنى ئۇرالمايدۇ،   دېدىم.

ئاقساقال بوۋاي كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

ئوغلۇم، مەن مۇھەممەد ئىسمائىلغا سېنى ئۇرماسلىقنى تاپىلىدىم. بۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ سېنى يامان بالا دەپ قارىمايدۇ،    دېدى.

مەن ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ، يۈزۈمنى ئۇنىڭ ئاق تونى ئاستىغا يۇشۇرۇپ:

ياق دادا،  مەن سىز بىلەن بىرگە تۇراي!    دېدىم.

ئۇ ماڭا مۇلايىملىق بىلەن:

ئوغلۇم، سەن ياخشى بالا. ياخشى بالا دادىسىنىڭ گېپىگە كىرىدۇ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ. ھازىر ئۆز مەكتىپىڭگە قايت! ئۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلار سېنى تۆگەتكەندىن كېيىن، سېنى مېنىڭ مەكتىپىمگە قوبۇل قىلىمەن. يۈر، ئەمدى! سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قوياي، دېدى.

ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!... ئەزان ئاۋازى مېنى ئويغاتتى. ئاھ ... ئۇ بىر چۈش ئىكەن ئۇ! دەپ قولۇم بىلەن ئىسسىق كۆزياشلىرىمنى سۈرتۈپ قويدۇم.

## 2 باب «باللىق دەۋرىم»

ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە، مەن بامدات ۋاقتىدا تۇغۇلۇپتىكەنمەن. بىزنىڭ ئەنئەنىمىز بويىچە، سەھەر ۋاقتىدا تۇغۇلۇش ئاجايىپ قۇتلۇق بىر ئىش ھېسابلىناتتى.

دادام، مېنى قولىغا ئېلىپ، خۇشاللىق بىلەن قۇلىقىم تۈۋىدە «ئەشھەدۇئەن لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدەن رەسۇلۇللا ھ» دەپ شاھادەت ئوقۇپ، مېنىڭمۇ ئەجدادلىرىمغا ئوخشاش مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى جاكارلىدى. ئەنئەنىمىز بويىۇنچە، ئاياللار ئادەتتە ئاتا ئانىسىسىڭكىدە يەڭگىيتى. شۇڭا دادامنىڭ يېڭى ئالغان ئايالى، مۇشۇ قائىدە بويىۇنچە، ئاتا ئانىسىنىڭكىدە بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. بىزدە، ئوغۇل باللارنى بەك چوڭ كۆرەتتى، شۇڭا ئانام بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشىدىن بەكمۇ پەخىرلەندى. بىزدە ئوغۇل بالا بولسۇن دەپ نۇرغۇن دۇئالار ئوقۇلىدۇ. لېكىن، قىز بولسۇن دەپ بەك ئاز تىلەيدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇلار ماڭا «مەخسۇت ئەخمەدجان» دەپ ئىسىم قويدى. ئەخمەد بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى بولۇپ، مانا مۇشۇ ئىسىم سەۋەپتىن، بىزنىڭ ئەخمەدىيە مەزھىپىمىزنىڭ نامى كېلىپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزدە، ئەخمەد دەپ ئاتىلىش بىر شەرەپلىك ئىش ھساپلىناتتى.

1951 يىلى 11 ئاينىڭ 30 كۈنى ناھايىتى سالقىن بىر كۈن بولدى. بىز پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى پىشاۋار شەھەردىن 50 كىلومېتىر كېلىدىغان تارناپ دىگەن يېزىدا ئولتۇراتتۇق. مېنىڭ ئاپامنىڭ ئاتا ئانىلىرى ناھايىتى باي يەر ئىگىلىرى بولغاچقا، يەرلىرىنى، دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرەتتى. دېھقانلار، ئالغان ھۇسۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلارغا تاپشۇراتتى. ئەپسۇسكى، بوۋام يەرنى

ئوبدان باشقۇرمغانلىقتىن، ئاخىرى يەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى.

مەن تۇغۇلغان چېغىمدا، بوۋام يىگىرمە بەش كىشىلىك چوڭ بىر ئائىلىنىڭ بېشى ئىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان قىزلىرى بولۇپ، پەقەت بىرلا ئوغلى بار ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن ئۈچ  تۆت ياشقىچە بوۋامنىڭ  ھەشەمەتلىك چوڭ ئۆيىدە تۇرۇپتىكەنمەن. بوۋامنىڭ ئۆيى، باشقا ئۆيلەرگە ئوخشاش لاي كېسەكتە سېلىنغان بولۇپ، ناھايىتى سالقىن ئىدى. ھويلىسى  ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئەتراپىدا ئون  ئون بەش ئېغىزغا يېقىن ئۆي بار ئىدى. ئۆينىڭ ئالدىدا، چوڭ بىر باراڭلىق بولغاچقا، دائىم دىگىدەك سالقىن تۇراتتى. باراڭلىقنىڭ ئۈزۈم تاللىرى خېلى يىراقلارغىچە سوزۇلاتتى. مەن ئۇ ئۆينى ھەممىدىن ياخشى كۆرەتتىم. شۇڭا ھەر قېتىم بۇ يەردىن  ئايرىلغىم كەلمەيتتى. مەن  ئۇ يەرگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بارغاندا يەتتە ياشتا ئىدىم.

پاكىستاندا، شەخسى مەسچىتى بولۇش ناھايىتى ئومۇملاشقان بىر ئىش. بوۋامنىڭمۇ باشقا بايلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ شەخسىي مەسچىتى بار ئىدى. شۇڭا، ھەر قېتىم ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، ھەممىمىز قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنى توختىتىپ ناماز ئوقاتتۇق.

«ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر .......

ئەزان ئاۋازلىرى، دائىم ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ،  بامداتقا ئېيتقان ئەزان، تىنىچ سەھەردە تېخىمۇ جاراڭلايتتى.

بۇنداق چوڭ بىر ئائىلىدە چوڭ بولۇش، بىر كىچىك بالا ئۈچۈن ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى. ھەممىمىز بىرگە ياشىغاچقا، مەن بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ مېھىر مۇھەببىتى بىلەن ناھايىتى خاتىرجەملىك ھىس قىلاتتىم. پاكىستاندا، بالا تەربىيىسىگە ئايال كىشى مەسئۇل بولغاچقا، ھاياتىمىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىنى ئاساسەن ئاياللار دۇنياسىدا، يەنى ئاپام ۋە ئاچا سىڭىللىرىم بىلەن ئۆتكۈزدۈم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئەرلەر ھاياتىمدا بىر قەدەر چوڭ ئورۇننى ئىگەللىدى. دادام دائىم تىجارەت قىلىپ، سىرتتا يۈرەتتى. بەزىدە باشقا يۇرتلارغىمۇ كېتىپ قالاتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ نەگە بېرىپ نەدە تۇرغانلىقىنى بىلگەندەك قىلمايتى. گەرچە، مەن دادامنى ياخشى كۆرگەن بولساممۇ، ئۇ ھاياتىمىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ماڭا ئانچە كۆپ تەسىر كۆرسەتمىگەن ئىدى.

دادام ئافغانىستاندا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېزىدىكىلەر، ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ناھايىتى چوڭ بىلەتتى. بوۋام ئۇ يەردە ئۇزۇن مۇددەت داموللام بولغان ئىكەن. بوۋام دادام تۇغۇلۇپ بىرقانچە ئايدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، موماممۇ ۋاپات بوپتۇ. كېيىنچە، دادام ئاشۇ كەنتتە تاغام بىلەن بىرگە ياشىغانىكەن. شۇنداق قىلىپ تەخمىنەن دادام ئون ئۈچ ياشلارغا كىرگىنىدە، بىر ئىش دادامنىڭ ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتكەنىكەن.

رۆشەنكى، بوۋام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بوۋامنىڭ بارلىق مال دۇنيا ۋە باغلىرى دادامغا مىراس قالغانىكەن. ئۇ ۋاقىت دادام كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، تاغام ئۇنىڭ مال دۇنيالىرىغا قارىشىپ بەرگەنىكەن. لېكىن بىر كۈنى دادام، تاغىسىنىڭ بۇ بايلىقلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئۇنى قەستلەش پىلانىدا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، دادام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ،

يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ئافغانىستان چېگرىسىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا يېقىن بولغان كۈئېتتا دېگەن چوڭ بىر شەھەرگە قېچىپ بېرىپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا كوئەتتا ھىندىستانغا تەۋە ئىدى. 1947 يىلى پاكىستان بىلەن ھىندىستان بۆلۈنگەندىن كېيىن، ئۇ شەھەر پاكىستاننىڭ قارمىقىغا ئۆتۈپتىكەن. ئۇ يەردە، دادام بىر رەھىمدىل ئەخمەدىيە مەزھىپىدىكى دىن تارقاتقۇچىنىڭ ھىسداشلىقىغا ئۇچرىغان. ئۇ كىشى دادامنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ قاپتىكەن. كېيىن دادام بۇ ئادەمنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىپ، بىر قانچە بالىلىق بولغان.

1935 يىلى، ھىندىستاندا ئېغىر دەرىجىدە يەر تەۋرىگەن ئىدى. كۈئەتتا شەھەردىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى لاي كېسەكتىن سېلىنغان بولغاچقا، ئاتمىش مىڭغا يېقىن ئادەم قازا تاپقانىكەن. ئۆلگەنلەرنىڭ قاتارىدا، دادامنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئايالى ۋە ئىككى بالىسمۇ بار ئىدى. ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە، بەختىگە يارىشا، دادام ئىشكىنىڭ بىر قانىتىنىڭ ئاستىدا قېلىپ، ھايات قالغانىكەن.

مەن تۇغۇلغان چېغىمدا، دادام ئىسلام دىنىدىكى ئەخمەدىيە مەزھىپىنىڭ باش ئىمامىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولغانىكەن. تىرىكچىلىك ئۈچۈن، دادام نۇرغۇن تىجارەتلەرنى قىلىپتىكەن. بىر چاغلاردا، ئۇ بىر كىچىك توك سايمانلىرى دۇكىنى ئېچىپتۇ. كېيىن، ئۇ يەنە بىر ئاياق زاۋۇتىنىمۇ ماڭدۇرۇپتىكەن. ئەخمەدىيە مەزھىپىدىكى دىن تارقاتقۇچىلار، بىرەر ھۈنەرنى ئۆگىنىش زۆرۈر دەپ قاراغاچقا، دادام بۇ ھۈنەرلەرنى كۈئېتتا شەھەردىكى ۋاقتىدا ئۆگىنىپتىكەن. شۇڭا دوستلىرىم بەزىدە ماڭا چاقچاق قىلىپ مېنى

«مۇزدوزنىڭ ئوغلى» دەپمۇ قوياتتى.

دۇنيادا، ئەخمەدىيە مەزھىپىگە تەۋە بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى تەخمىنەن ئون ئىككى مىليۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پاكىستاندا ياشايدۇ. ئەخمەدىيە مەزھىپىدىكى دىن تارقاتقۇچىلار بۇ مەزھەپنى قۇرغۇچى مىرزا غۇلام ئەخمەدنىڭ تەلىمىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپارغان. بەزە جايلاردا بۇ مەزھەپكە ئەگەشكەن مۇرىتلىرىنىڭ سانى كۆپەيگەن بولۇپ، بولۇپمۇ غەربى ئافرىقا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا ئۇلارنىڭ تەسىرى خېلىلا زور ئىدى.

مەزھىپىمىزنىڭ ئاساسچىسى مىرزا غۇلام ئەخمەد تەخمىنەن 1835 يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ تۇغۇلغان جايى ھىندىستاننىڭ شەرقىدىكى، پاكىستان چېگرىسىغا يېقىن جايلاشقان كادىيان دېگەن بىر كەنتتە. ئۇ ئىنتايىن ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ قايتا گۈللىنىشىنى ناھايىتى ئارزۇ قىلغان. 1880 يىللىرىدىن باشلاپ، چۈشىدە ئۇنىڭغا ۋەھى كېلىشكە باشلىغانمىش. ئۇ ئۆزىنىڭ، نۇرغۇن دىنلارنىڭ كىتابلىرىدا ئالدىن ئېيتىلغان "ئاخىرقى پەيغەمبەر" ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشەنگەن. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ روھى ۋە كۈچ قۇدرىتى بىلەن كەلدىم دەپ جاكارلىغان ئىدى. لېكىن، ئۇ خرىستىيانلارنى ئانچە كۆزىگە ئىلمىدى.

ئائىلىغۇچى دوستلار، بۇ يەرگە كەلگەندە، بەزىلىرىڭلار "ئەھمەدىيە مەزپى قانداق دېگەن بىر مەزھەپ ؟" دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. شۇڭا، مەن بىر ئاز ۋاقىت چىقىرىپ، سىلەرگە ئۇنى چۈشەندۈرمىسەم بولمايدۇ.

ئەخمەدىيە مەزھەپدىكىلەر بىلەن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ:
باشقا مۇسۇلمانلار بولسا:
1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى خۇدا ئەۋەتكەن ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەر دەپ قارايدۇ. ئەخمەدىيە مەزھەپدىكىلەر بولسا غۇلام ئەخمەدكىمۇ يۇقۇرى، ئاللاھدىن ئورۇن بېرىش كېرەك دەيدۇ. ئەخمەدىيە مەھەپتىكىلەر ناۋادا بىر مۇسۇلمان بۇنداق قىلمايدىكەن ئۇنىڭ ئىمانى كامىل بولمايدۇ دەپ قارايدۇ.
2. باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى دۈشمەنلىرىنىڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلمەي بەلكى ئەرشكە چىقىپ كەتكەن دەيدۇ. ئەخمەدىيە مەزھەپدىكىلەر بولسا، ھەزرىتى ئەيسانى ھىندىستاندىكى كەشمىردە ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ قەبرىسى بۈگۈنگىچە شۇ يەردە دەيدۇ. مىرزا غۇلام ئەخمەدنىڭ تەلىمى بويىچە، ھەزرىتى ئەيسا يەھۇدىي دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن كرېستقا مىخلانغان. لېكىن، ئۆلۈشتىن بۇرۇن كرېستتىن چۈشۈرۈلۈپ، ئاللاھدە دورىلار بىلەن داۋالىنىپ ساقايتىلغان. كېيىن ئۇ ھىندىستانغا كېتىپ، ئۇ يەردە 120 ياشقىچە ئۆمۈر كۆرۈپ ئاندىن ئالەمدىن ئۆتكەن دەيدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش، ھەرخىل ئوخشىمايدىغان ئەخمەدىيە تەلىملىرى، كېيىنچە مېنىڭ ھەقىقەتنى ئىزدەشىمدە ھەيدەكچىلىك رولىنى ئوينىدى.
مىرزا غۇلام ئەخمەد ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئىچىدە قاتتىق تالاش  تارتىشلار بولدى. بەزىلەر ئۇنى پەقەت ئىسلام دىنىنى پاكلاشتۇرغىلى كەلگەن بىر ئىسلاھاتچى دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر بولسا، ئۇنى ئالدىن

ئېيتىلغان بىر پەيغەمبەر، ھەتتا ئاخىرەتتە كەلمەكچى بولغان "مەھدى" دېگەن ئۇلۇغ پەيغەمبەر دەپ ئىشىنەتتى. مۇشۇ سەۋەپتىن، مىرزا غۇلام ئەخمەد ئۆلۈپ ئالتە يىلدىن كېيىن، 1914 يىلى ئەتراپىدا ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ئارىسىدا ئوچۇق ئاشكارە بۆلۈنۈش بولدى. مىرزا غۇلام ئەخمەدنى "مەھدى" دەپ قارىغۇچىلار، ئۇنىڭ ئوغلى باشىرنى ئۆزلىرىگە خەلىپە قىلدى. ئاندىن ئۇلار مىرزا غۇلام ئەخمەدى بۇرۇن تۇرغان كادىئان دېگەن يېزىدا ئۆزلىرىنىڭ باش شتابىنى قۇردى. بۇ گۇرۇھنىڭ نوپۇسى كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ رەقىبلىرى، ئۇلارنى « كادىئانلىق گوروھى» دەپ ئاتاشتى. ئىككىنچى گۇرۇھنىڭ سانى ئاز بولۇپ، ئۇلار پاكىستاننىڭ لاھور شەھرىگە كۆچۈپ كېتىپ، « لاھور گوروھى » دەپ ئاتالدى.

مېنىڭ دادام پۈتۈن قەلبى ۋە ۋۇجۇدى بىلەن كادىئانلىق گۇروھنى ھىمايە قىلاتتى. ئۇنىڭ تۇنجى ئايالى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ كادىئان يېزىسىغا كۆچۈپ بارغان. مېنىڭ بىلىشىمچە، دادام 1940 يىللىرى شۇ يەردە ئاز دېگەندە يەنە ئىككى خوتۇن ئالغان ئىكەن.

1947 يىلى ھىندىستان ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىدىن مۇستەقىل بولۇپ، ھىندىستان ۋە پاكىستان دېگەن ئىككى ئايرىم دۆلەتكە بۆلەنگەن ئىدى. دادام ۋە باشقا ئەخمەدىيە مەزھىپىدىكىلەر، پاكىستاندا تۇرۇش ئۇچۇن لاھورغا كۆچۈپ بارغان. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ھىندىستاندا دىگەندەك بىخەتەر ئەمەس ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن مۇسۇلمانلار پاكىستانغا قېچىش جەريانىدا ئۆلتۈرۈلگەن. لېكىن، دادامنىڭ تەلىيىگە خۇدا ئۇنى ئامان ئىسەن ساقلىغان.

1950 يىلى، دادام توي قىلغاندا، بىزنىڭ ئائىلە چوڭ بىر ئائىلە ئىكەنتۇق.

بۇنداق بولۇشنى، مەن بەزى چاغدا دادامنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ بىر پاجىئە دەپ قارايمەن. چۈنكى ئۇ ھەر بىر خوتۇن ئالغاندا، مال دۇنيارىم كۆپىيىدۇ دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمىلىيەتتە، تۇرمۇشى ھەر قېتىم ئوسال ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتى.

مەن كىچىك بولغاچقا، ئۇ ۋاقىت بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى چۈشەنمەيتتىم. مەن ئون ياشقا كىرىپ رابۋاخ كەنتىگە كۆچۈپ بارغىنىمىزدا، ئۇ جاي كادىئانلىق گۇرۇھنىڭ ئاساسلىق مەركىزى بولۇپ قالغانىدى. رابۋاخ بولسا 1951 يىلى قۇرۇلغان يېڭى بىر كەنت ئىدى. كادىئانلىق گۇرۇھدىكىلەر بەك كۈچلۈك بولغاچقا تاكى 1974 يىلىغىچە باشقا مەزھەپتىكىلەردىن ھېچقانداق بىر كىشى ئۇ يەردە ياشىيالمايتى. مەن دەل ئاشۇنداق بىر مۇھىت ئىچىدە چوڭ بولغان.

كىچىكىمدىن تارتىپ مەن قۇرئاننى ئۆگەندىم. بىز قۇرئاننى يادقا ئېلىشتىن بەك پەخىرلىنەتتۇق. مەن ئون ياشقا كىرگۈچە، قۇرئاننىڭ ئۇزۇن ئۇزۇن پارىلىرىلىنى يادقا ئالدىم. گەرچە، بىزنىڭ ئانا تىلىمىز ئوردۇ تىلى بولسىمۇ، بىز قۇرئاننى پۈتۈنلەي ئەرەپچە ئۆگىنەتتۇق.

بەش ۋاق ناماز بىزنىڭ ھاياتىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر رىتىم ئىدى. بۇ نامازلارنىڭ ۋاقتىغا رىئايە قىلىشى ماڭا تەرتىپ ۋە ئىخلاسمەنلىكنى ئۆگىتەتتى.

ھەركۈنى كەچتە، ئۇخلاشتىن بۇرۇن، ئاپام بىلەن، بەزىدە ھەتتا دادام بىلەن بىللە دۇئا قىلاتتىم. كىچىكىمدە ئۆگەنگەن بۇ دۇئا ھەرگىزمۇ ئېسىمدىن

كەتمەيدۇ:

« مەن ئاللاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، ئۇ نازىل قىلغان كىتابلىرىغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىمەن. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر. ئاللا ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئى رەببىمىز، ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن. ئى ئاللا، دۇئالىرىمنى قوبۇل قىلغايسەن. ئامىن!»

كىچىك بالا بولغاندىكىن، نامازنى ئۆز ھۇجرۇمدا ياكى ئاتا ئانامنىكىدە ئوقۇيالايتتىم. بەزىدە، ئۇيقۇم كېلىپ ئۇخلايمەن دىسەم، ئاپام ماڭا، بالام، نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇخلىغىن! دەپ تۇرىۋالاتتى.

بەزى چاغدا، مەن دادام ئاپاملارنىڭ ھوجرىسىغا ناماز ئوقۇشقا كىرسەم، ئۇلارنىڭ سوقۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. بۇنداق جىدەللەرنىڭ بەزىلىرى، پۇل ياكى ئائىلە ئىشلىرى سەۋەبىدىن بولسا، يەنە بەزىلىرى دادامنىڭ داۋاملىق ئۆيدە تۇرمىغانلىقىدىن بولاتتى.

بىر كۈنى كەچتە، مەن ئۇلارنىڭ، دادامنىڭ يەنە بىر ئايالى سەۋەبىدىن سوقۇشۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇنداق جىدەللەر داۋاملىق بولاتتى. شۇڭا مەن چوڭ بولغاندا چوقۇم پەقەت بىرلا خوتۇن ئالىمەن، دەپ ئويلايتتىم.

بەش ۋاق ناماز ۋاقتى بىزنىڭ ھاياتىمىزدا خۇددى سائەتتەك رولنى

ئۇينايتتى. تاڭ سەھەردىن باشلاپ تا كەچگىچە بەش مەرتەم ئاللا ۋە ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن شەرىيەت ئەھكاملىرىنى ئېسىمىزگە ئېلىپ ئىبادەت قىلاتتۇق.

كىچىكىمدىن تارتىپ ناماز ئوقۇغىنىمدا بىر نەرسە مېنى قايمۇقتۇراتتى. مەن ئۇن ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. بىز ناماز ئوقۇغاندا، دۇرۇت ئوقۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەختىنى خۇدادىن تىلەيمىز. يەنى «ئى ئاللا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغاندەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن»

ئۇنداقتا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ دۇنيا ئۇچۇن شۇنچىلىك چوڭ بىر بەخت بولسا، بىز يەنە نېمە ئۇچۇن خۇدادىن ئۇنىڭغا بەخت تىلەيمىز دەپ ئويلىدىم. شۇ چاغدا مەن گەرچە كىچىك بولساممۇ، بۇ ئىش كاللامدىن ئۆتمەيتتى.

باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا بىز چوقۇم "ئەلەيھىسسالام" يەنى ئۇ ئامان بولسۇن! دېگەن سۆزنى قوشاتتۇق. بۇ چاغدا مەن، ئۇنىڭدا ئامانلىق يوقمىدۇ؟ بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلەيمىز؟ دەپ ئويلايتتىم. ئەگەر، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبىرى بولغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدا ئامانلىق بولمىسا، ئۇ ھالدا كىم خۇدانىڭ ئامانلىقىغا ئېرىشەلەيدۇ؟ دېگەن گۇماندا قايمۇقۇپ قالاتتىم.

قۇرئاننىڭ كۆپ قىسمىنى يادلاپ ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، مەن كۆپىنچە

ۋاقتىمنى مەسچىتتە ئاقساقاللارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاشقا سەرپ قىلدىم. مەن نېمىنىڭ ئەخمەدىيە مەزھىپىنى، باشقا مۇسۇلمانلار مەزھىپىدىن پەرقلەندۈرىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن چوڭ پەرقنىڭ بارلىغىنى تونۇپ يەتتىم. مەن دوستلىرىم بىلەن باشقا مۇسۇلمانلار تۇرىدىغان مەھەللىلەرگە بارساق، ئۇلار بىزنى دائىم،" كۆزىمىزدىن يوقىلىش! ئىمانسىزلار، كۇپارلار، ھاراملىقلار» دېگەندەك سۆزلەربىلەن ھاقارەتلەيتتى.

ئادەتتە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز، ئۆز مەزھىپىمىز ئىچىدە ياشاش بىلەنلا چەكلىنەتتى. چۈنكى بىز پەقەت ئۆز مەللىمىزدىلا بىخەتەر ئىدۇق.
بىزنىڭ كەنتىمىز لاھور شەھرىنىڭ غەربىي شىمالى قىسمىدىكى بىر دەريا بويىدا بولۇپ، دادام بۇ دەريانى بەكلا ياخشى كۆرەتتى ھەم ئۇ يەرگە دائىم بېرىپ بېلىق تۇتاتتى. مەن بەزىدە ئۇ چوقۇم ئۆيدىكى باش ئاغرىغلاردىن قېچىپ شۇ يەرگە بارىدۇ دەپ ئويلايتىم. ئۇ دائىم ئۇزۇن ئۇتكى ۋە ئاسان كىر باسمايدىغان قوڭۇر رەڭلىك كەڭ كىيىملىرى بىلەن بىر كەتسە بىر قانچە سائەت يوقاپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭ شۇ ۋاقتلاردا نېمە ئويلايدىغانلىقىنى ھەم مەندەك باللىق چاغلىرىدا ماڭا ئوخشاش گۇمانلىرىنىڭ بار يوقلىقىنى بىلمەيتىم.
ھەرقانداق بىر پاكىستانلىق ئاتا ئۆزىنىڭ بالىسغا بۇنداق گۇمانلارنى ئاشقارلىمايتتى.

ئون ياشقا كىرگەن چېغىمدا، بىر كۈنى مەسچىتتە كىشلەرنىڭ موللام بىلەن قىلغان پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇم. ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسى بىردىنلا مەن ھەۋەس قىلىدىغان تېما —— دۇئانىڭ كۈچ قۇدرىتى ئۈستىدە توختالدى.

پىشىم نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن،  بىر ئاقساقالنىڭ "ئەگەر، دەريا بويىدا تۇرغان بىر كىشى، كەلىمە تەييىبىنى چىڭ كۆڭلىدىن ئوقۇسا، ئۇ دەريانى خۇددى قۇرۇق يەردە ماڭغاندەك كېسىپ ئۆتەلەيدۇ" دېگەندەك سۆزىنى ئاڭلاپ قالدىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم تېنىمگە پاتماي قالغاندەك بولدى. بۇ سۆزلەرنىڭ ھەقىقەتەن مۇشۇنداق قۇدرىتى بارمدۇ؟  دەپ ئويلۇدۇم. باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش كەلىمە تەييىبىنى كىچىكىمدىن تارتىپلا بىلەتتىم. مەن غىپپىدە قىلىپ جامائەتتىن ئايرىلىپ سىرتقا چىقىپ، دەرياغا قاراپ يۈگۈردۈم.

ھاسىرىغان پېتى دەريا بويىغا كېلىپ، پۈتۈمنىڭ ئالدىدا ئاستا ئېقىۋاتىدىغان سۇغا تىكىلدىم. ئەتراپىمغا قارىسام، يىراقىراق يەردە بىزنىڭ مەزھەپكە قارىمايدىغان بىر نەچچە بېلىقچىلار قېيىقلىرىدا بېلىق تۇتىۋېتىپتىكەن. ھېچكىم يوقكەنغۇ دەپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا "بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، لا ئىلاھە، ئىللەلاھۇ، مۇھەممەدىن رەسۇلىللاھ". دەپ كەلىمە تەييىبىنى ئوقۇدۇم.
ئۈچۈمدا، مەكتەپ پورمىسى بار ئىدى. مەن كىيىملىرىمنى سالايمۇ يا سالمايمۇ دەپ ئويلۇدۇم. لېكىن، مەن سۇغا چۈمۈلگىلى ئەمەس، بەلكى سۇنىڭ ئۈستىدە ماڭغىلى كەلگىنىم ئىسىمگە كەلدى. شۇنداقتىمۇ مەن ئاياغلىرىمنى سېلىۋەتتىم.
مەن ئىككىلىنىپ بىر پۈتۈمنى سۇغا سالغىنىمدا،  ئۇنىڭ ئاستى قىرغاققا ئوخشاش مەزمۇت ئەمەسلىكىنى ھىس قىلىپ، نىيىتىمدىن يانغىلى تاس قالدىم. لېكىن، يەنىلا ئۈمىد بىلەن دەريا ئوتتۇرسىغا قاراپ مېڭىۋەردىم. سۇ تىزىمغىچە

كەلدى. ئەگەر، يەنە بىر قانچە قەدەم ماڭسام بەلكىم دۈئالىرىم رول ئويناپ، ئۆزۈمنىڭ سۇ ئۈستىدە ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ قالارمەن دەپ ئويلاپ، كەلىمە تەييىبنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدۇم. بۇ قېتىم، كەلىمە تەييىبە ئۈنۈم كۆرسۈتىدۇ، دەپ ئىشەندىم. يەنە بىرقەدەم مېڭىۋىدىم، تۇساتتىنلا پۇتۇم يەرگە تەگمەي سۇغا چۈكۈپ كەتتىم. سۇ ئۈزەلمىگەچكە ئەجەل گېلىمنى بوغدى. سۇدا تۈنجۇقۇپ ئۆلىدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قاتتىق ۋارقىرىدىم.

خۇداغا شۈكرى، بىردىنلا كۈچلۈك قوللار مېنى تارتىپ چىقاردى. بېلىقچىلار ۋارقىرىغىنىمنى ئاڭلاپ قالغاچقا قېيىقلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغاندى. ئۇلار مېنى قېيىققا چىقارغان ۋاقىتتا، مەن نومۇس ۋە غەزەپ بىلەن قاتتىق يىغلىدىم. مەن ئازراق ئۆزۈمنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى:

ھە شاكىچىك، ئاجايىپ ئىشقۇ! نېمە ئۈچۈن كىيىملىرىڭنى سالماي سۇ ئۈزىمەن دەيسەن؟ دېدى.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈم گىردابىغا قانچىلىك يېقىن قالغانلىقىمنى ھىس قىلىپ، قايتا يىغلاشقا باشلىدىم. شۇنداقتىمۇ مەن ئەنسىرگەن ھالدا ياخشىسى ئۇلارغا راست گەپنى قىلاي دېگەن نىيەتتە، بولغان ۋەقەنى ئۇلارغا باشتىن ئاخىر ئېيتىپ بەردىم. قىلغان ئىشىمدىن نومۇس قىلىپ، ئۇلارغا قارىيالمىدىم، شۇنداقتىمۇ، مەن ئۇلارغا " كەچۈرۈڭلار، مەن ئەگەر كەلىمە تەييىبنى چىن دىلىم بىلەن ئوقۇسام، سۇنىڭ ئۈستىدە ماڭالايمەن دەپ ئويلاپتىمەن" دەپ راستىنى ئېيتتىم.

مەن بۇ گەپلەرنى دېگەندە، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەستەكلا بىلىندى.

بۇ كىشىلەر نېمە دەپ ئويلار؟ دەپ قالدىم. ئۇلار ماڭا تىكىلىپ قاراپ ھەيران قېلىشتى. ئاندىن بىرسى بېشىنى تولغاپ تۇرۇپ، قوپاللىق بىلەن، زاڭلىق قىلىپ:

- ھۇ ھارامزادە، سېنىڭ ئاتا ئاناڭ كۇپپار ۋە ئائىلەڭدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كادىئانلىق كۇپپارلىرى. سەن ئىمانسىز تۇرساڭ، خۇدا قانداقمۇ سېنىڭ دۇئالىرىڭنى ئاڭلىسۇن؟ سەن تېخى كەلىمە تەييىبنى ئوقۇپ، سۇنىڭ ئۈستىدە دەريادىن ئۆتىمەن دەپ خىيال قىلدىڭما؟ يوقال كۆزۈمدىن! باشتا كۇپپارلىقىڭنى قويىۋەت! رەسمىي بىر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئاندىن كېلىپ سىناپ كۆر! تېز يوقال، بولمىسا سېنى سۇغا ئۆزۈم چۆكتۈرۈۋېتىمەن، دېدى.

ئۇ شۇنداق قورقۇنچلۇق كۆرۈنگەچكە، مەن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. قېيىق دەريا بويىغا كېلىشكىلا، مەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ، قىرغاقتا ياماشقان پېتى ئۆيگە يۈگۈردۈم. ئۆيگە كېتىۋېتىپ قىلغىنىمدىن قاتتىق نومۇس قىلدىم. شۇ پەيتتە، گەرچە قورقۇنۇچۇم تۈگىسىمۇ، خۇدانىڭ دۇئالىرىمغا جاۋاب قايتۇرمىغىنىغا شۇنداق غەزىپىم كەلدى. ئۆيگە بارغۇچە چوڭقۇر خىيالغا چۆكتۈم. پۇتلىرىم بولسا ئېچىشىپ ئاغرىيتى. چۈنكى، مەن ئاشۇ ئوڭۇشسىزلىقتا، ئاياقلىرىمنى يۈتتۈرۈۋەتكەنىدىم. دادام بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، مېنى تېخىمۇ ئەندىشە باستى.

خوددى مەن ئەنسىرگەندەك، ئۆيگە كېلىشىمگىلا ئاپام ماڭا ۋاقىراپ:

نەگە باردىڭ مەخسۇت؟ سەن نېمە دەپ مۇشۇ چاغقىچە يوقاپ كېتىسەن؟ دەپ سورىدى.

مەن بىر نەرسە دېيەلمىگەچكە، ئاپام مېنى شۇ يەردىلا ئۇردى. دادام قايتىپ كەلگەندە، ئاپام مېنىڭ يوقاپ كەتكىنىمنى ئېيتىۋىدى، دادامىمۇ مېنى تىللاپ كەتتى. دادامنىڭ غەزىپىدىن شۇنداق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئۆزەمنى

تۇتۇۋالالماي، ئىشتىنىغا سىيىۋەتتىم. تا بۈگۈنگىچە شۇ كۈنىنىڭ نۇمۇسىنى ئونۇتمايمەن.

ئامالسىزلىقتىن، مەن باشتىن ئاياغ بولغان ۋەقەلەرنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەردىم. مەن سۇ ئۇستىدە مېڭىشقا ئۇرۇنغىنىمنى سۆزلىگىنىمدە ئاپام بىلەن سىڭلىم كۈلۈشۈپ كەتتى. لېكىن، مەن دادامغا:
بىز....بىزلەر مۇسۇلمانغۇ؟ شۇنداق ئەمەسمۇ يا؟! ئۇلار نېمە دەپ بىزنى كۇپار دەيدۇ؟ قۇرئاندا كۇپارلانى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ياشىغان ھەم شۇ دەۋردە ئۇنىڭغا كۆپ ئاۋارىچىلىقنى تېپىپ بەرگەن دەپ ئېيتىلغانغۇ. بىز ئۇلارغا ئوخشىمايمىز دە ئەلۋەتتە! بىز قۇرئانغا ئىشىنىمىز. كۈنىگە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيمىز، شۇنداق تۇرساق يەنە ئۇ كىشى نېمە دەپ بىزنى كۇپار دەيدۇ؟ دەپ يىغلىدىم.
دادام ماڭا جىممىدە قاراپ قويۇپ بىر نەرسە دېمىدى. دادام بىر نەرسە دىيەلمىگەندىن كېيىن، مەن يەنە غەيرەتكە كېلىپ،
- دادا، مېنىڭ بۇ نەرسلەرنى بىلگۈم كېلىدۇ. مەن ئۇزۇندىن بۇيان بۇ نەرسلەرنى ئۆگىنىۋاتىمەن، دەپ ئېيتتىم.

دادام خىيالغا چۆكۈپ كەتكەندەك بولدى.لېكىن، ئاخىرىدا ئۇ :
مەخسۇت، سەن بۇ ئىشلارنى چۈشىنىشكە تېخى كىچىك. چوڭ بولغاندا، بۇ دىنىي مەسلىلەرنى چۈشىنىپ قالىسەن. ھازىرچە بىز بىر نەرسە دىمەي تۇرايلى. ئەتىلىككە مەن سېنىڭ ئۇستازىڭ بىلەن كۆرۈشىمەن. ھازىر كىرىپ ئۇخلاپ قالغىن ، دەپ بېسىقتۇردى.

دادام بۇ گەپلەرنى ماڭا مۇلاھىم ئېيتتى. لېكىن كېچىچە دادامنىڭ ئۇستازىم مۇھەممەد ئىسمائىل بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقى ۋە ئۇستازىمنىڭ مېنى ئۈرۈدىغانلىقى توغۇرلۇق ئويلاندىم.

مەن نىمە قىلىشىمنى زادىلا بىلمىدىم. مەن ئۆزۈم دائىم دېگۈدەك ئىزدىنىپ ئۆگىنىدىغان بىر بالا ئىدى. بۇ قېتىمقى ئىش كۆڭلۈمنى بەكلا يېرىم قىلدى. «كۇپار» دېگەن بۇ سۆز قۇلىقىم تۈۋىدە توختىماستىن جاراڭلايتى. ئۇستازىمنىڭ غەزىپىنى ئويلىغىنىمدا تىكەن ئۈستىدە ماڭغاندەك ھىس قىلاتتىم. مەن بىلىدىغان بارلىق دۇئالارنى يادلاپ ئوقۇدۇم. لېكىن، مېنىڭ ئاساسلىق ھىس قىلغىنىم قورقۇنچ ئەمەس، بەلكى غەزەپ...ئاللاغا بولغان غەزەپ ئىدى. ئۇ نىمە ئۈچۈن مېنى سۈدىن ئۆتكۈزمەيدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن دۇئالىرىمنى ئىجابەت قىلمايدۇ؟ ياكى... مەن ئالداندىممۇ؟ دەپ، ئۆز ئۆزەمگە سۇئاللارنى قويدۇم. ئاندىن:

«ئى ئاللا، سەن ئەرەپچىدىن باشقا تىللارنى چۈشەنمەمسەن؟ سەن ئوردۇ تىلىدا ئوقۇلغان دۇئالارنى ئاڭلىمامسەن يا؟ مېنىڭ نېمە قىلىشقا ئۈرۈنغانلىقىمنى چۈشەنمىگەن يېرىڭ شۇمۇ يا؟ ۋە ياكى سەن مېنىڭ دۇئالىرىمنى ئاڭلىغۇڭ يوقمۇ؟ سەنمۇ ئاتا ئانامغا ئوخشاش مەندىن خاپىمۇ؟» دېگەندەك بىر يۈرۈش سۇئالالرنى قويۇپ، بېشىمنى تام تەرەپكە بۇراپ، بالىلىق ئۈمۈتىمنىڭ ئۆزۈلگەنلىكىدىن ئۆكسۈپ يىغلىدىم.

شۇ كۈنى كېچىسى، مەن تۆت كوچىغا كېلىپ قالغان ھېلىقى چۈشنى كۆرگەندىم. مەن يولدىن ئازغىنىمدا، ھېلىقى ئاقساقاللىق بوۋاي مېنى ئۆز

قۇچىقىغا ئېلىپ، ماڭا ئىلھام بېرىپ، مېنى ئۆيۈمگە ئەكىلىپ قويغان ئىدى.
.......

1972 يىلىدا، بارلىق ئەخمەدىيە مەزھىپىدىكى مەكتەپلەر ھۆكۈمەت ئىلكىگە ئۆتۈپ، دۆلەت مەكتەپ سېستىمىسىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئەخمەدىيە مەزھىپىدىكىلەر، ئۆز مەكتەپلىرىدە ئوقۇيتتى. مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ئەخمەدى مەزھىپىنىڭ مەكتىۋىدە ئوقۇدۇم. مەن بۇرۇندىنلا ئوقۇشقا قىزىقتىم ھەم ئۇستازىم مۇھەممەد ئىسمائىلنى چوڭقۇر ھۆرمەتلەيتتىم.

ئۇستازىم خېلىلا ياشانغان بىر ئادەم ئىدى. كۆپىنچە ئەخمەدىيەلەر دادامغا ئوخشاش قىسقا ساقال قويىسمۇ، مۇھەممەد ئىسمائىل ئۇستاز ئۇزۇن بىر ساقال قويۇۋالاتتى. ئۇنىڭ ساقىلى مەيدىسىگىچە تاقىشاتتى. ئۇ نۇرغۇن كىتاب ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، كەنتىمىزدە "ئۆلىما" دېگەن نامى بولۇپ، ئىسلام دىنى ھەققىدە ھەقىقەتەن چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئىدى. بەزىدە، ئۇنىڭ كىچىك تالىپلىرى ئۇنى خېلى تەس كۆنگە قوياتتى.

دەريادا ئىش بولغانىنىڭ ئەتىسى، مەن سىنىپىغا كىرگىنىمدە، دەككە دۈككىدە ئولتۇردۇم. چۈنكى دادام ئۇستازىمغا نېمىلەرنى ئېيتقاندۇ؟ دەپ ئەنسىرىدىم. شۇ كۈنى ئادەتتىكىدەك ئۇستاز ئالدى بىلەن يوقلىما قىلدى. يوقلىمىدىن كېيىن، مېنى ئالدىغا چىقىرىپ:
مەخسۇت مەن داداڭنىڭ سەندىن رەنجىگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. شاكىچىك، سەن بىر يەرگە بېرىشتىن ئىلگىرى، چوقۇم ئاتا ئاناڭغا ئېيتىشىڭ كېرەك. ئەگەر، سەن سۇدا غەرق بولۇپ كەتكەن بولساڭ ئۇلار نېمىلەرنى ئويلىغان

بولاتتى؟ كېيىنكى قېتىم ئۆزۈڭگە قاتتىق ئاگاھ بول جۇمۇ!    دېدى.

ئاندىن ئۇ ئورنۇڭاغا قايتساڭ بولىدۇ دىدى. لېكىن مەن ئۇنىڭغا مىنەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈپ، كۆرگەن چۈشۈمنى ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىدا تۇرىۋەردىم. ئاخىرى، مەخسۇت، نېمە بولدى؟    دەپ سورىدى.

ئۇستاز، ئاخشام مەن بىر چۈش كۆردۈم،    دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ بىر نەرسە ئويلىغاندەك قىلىپ، ماڭا قارىغان پېتى، ‹بىر چۈش؟› دەپ ئاستا ئۆزىگە سۆزلىدى.

سەنمۇ كۆرۈپسەندە؟،    دېدى.

مەن بىردىنلا پەخىرلىنىپ، ئۇمۇ بىر چۈش كۆرۈپتىدە! ھېلىقى بوۋاي ئۇنىڭغىمۇ سۆزلەپتۇ،   دە! بۇ مۇمكىنمۇ؟ ...دەپ ئويلاپ تۇرۇشىمغا، ئۇ ماڭا يەنە:

ئوغلۇم، سەن چۈشۈڭدە نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟   دەپ پىچىرلاپ، قولۇمنى تۇتۇپ، مېنى سىنىپتىن باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئاندىن مەن پۈتۈن چۈشۈمنى باشتىن   ئاخىر ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم. چۈشۈمنى ئاڭلاپ، ئۇ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ، ماڭا:

بۇنى ھېچكىمگە تىنغۇچى بولما، چۈشەندىڭمۇ؟    دەپ تاپىلىدى.

مەن ئىنتائەتچانلىق بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. شۇ ۋاقىتتا قەلبىم يايراپ كەتتى. خۇدا ماڭا كۆڭۈل بولىدىكىن! گەرچە تۈنۈگۈنكىدەك كۆڭۈلسىزلىك بولسىمۇ، تاياق يەپ، كۆز  يېشى بولغان بولسىمۇ...  خۇدا مەن بىلەن بىللى ئىكەن! ئۇ ماڭا ھەقىقەتەن كۆڭۈل بۆلىدىكىن!

## 3 باب «ئۆسۈپ چوڭ بولۇش»

دادام بىلەن ئاپام يەنە بىر قېتىم سوقۇشتى. ئاپامنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ دادامغا ئېيتقان سۆزلىرىدىن نۇمۇس قىلىپ، قۇلىقىمنى ئېتىۋالغۇدەل بولۇپ كەتتىم. دادام دائىم دېگۈدەك، سىرتقا چىقىپ، كۆنلەپ ئۆيدە بولمىغاچقا، ئاپام ئۇنى تىللاۋاتاتتى. دادامنىڭ باشقا يۇرتلاردا، باشقا ئاياللار بىلەن بىرگە بولغان كوچا پاراڭلىرى ئاپامنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن بولسا كېرەك. شۇڭا، بۇلارنى كۆرگەندە، مەن كۆپ خوتۇنلۇق بولماق نېمىدىگەن ئەخمىقانە ئىش دەپ ئويلاپ، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن دەپ قارار قىلمەن.

مەن دوستۇم سەئىدنى ئويلىدىم. ئۇلارنىڭ ئۆيى كۆپ تىنچ بولۇپ، ئاتا ئانىسى مېنىڭكىدەك دائىم سوقۇشۇپ يۈرمەيتتى. ئۇنىڭ ئاتا ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئوبدان كىيىم كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىشكە قۇربى يېتەتتى. مېنىڭ بولسا يالغۇز مەنلا ئەمەس، سىڭلىم جەملە ھەم ئىنىم مەھمۇدغىمۇ ئەشۇنداق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرەلمەيتتى. دادامنىڭ قانچە خوتۇنى، قانچە بالىلىرى بارلىقىنى ئۆزەممۇ بىلمەيتتىم. مەن بىرلا خوتۇن ئالسام، تۇرمۇشنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم.

ئويلاپ باقساق، ئەينى ۋاقىتتا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ دادامغا ئوخشاش مۇشۇنداق ئاۋارىچىلىقلاردىن خالى بولالماپتىكەن. گەرچە ئىسلام شەرىيەت ئەھكاملىرى بويىچە بىر ئەرنىڭ كۆپ ئخوتۇنلۇق بولۇشى راۋا بولسىمۇ، لېكىن ئادەملەرنىڭ ھەسەتخورلىقى تۈپەيلىدىن، خوتۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەڭ رازى قىلىش ناھايىتى تەس كېلىدۇ. بىر قانچە خوتۇن

باللىرىغا پۇلنى تەڭ يەتكۈزۈش قىيىن بىر ئىش. دادامنىڭ ئاپامغا بەرگەن پۇلى ناھايىتى چەكلىك بولغاچقا، ئاپام بەزىدە ئۆزىنىڭ دادىسىدىنمۇ ئازراق ياردەم سورايتتى. ئەمما، شۇنداقتىمۇ تۇرمۇش يەنىلا قىيىن ئىدى. دادام دائىم دېگۈدەك ئۆيدە بارنىڭ ھەممىسىنى خەجلەپ تۈگىتەتتى. ئۇ دوست بۇرادەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى دەپ، مەيلى پۇل بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن خەجلەيتى. بىر قېتىم ئاپام چىداپ تۇرالماي، دادام بىلەن سوقۇشۇپ، ھويلىدا ناسۇس بىلەن دادامنىڭ بېشىغا قاتتىق بىرنى قويغانىدى. دادام ئوڭدىسىغا چۈشۈپ بىردەم ئايلىنىپ كەتتى. مەن ئاپامغا ۋارقىراپ:

ئاپا، بولدى، بولدى! دادامنى ئۇرما! قوشنىلار نېمە دەپ قالىدۇ؟ دېدىم.

ئۇ ۋاقىتتا مەن دادامغا قارىغاندا جامائەت ئىچىدىكى ئابرويىمىزغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپتىكەنمەن. ھازىر بۇلارنى ئويلىسام، راستىنلا خىجىل بولىمەن. لېكىن، دادام بولسا ماڭا غەزەپلىنىپ، ئورنىدىن تۇرغان پېتى:

ئاغزىڭنى يۇم! يوقال بۇ يەردىن! بۇ بىزنىڭ ئىشىمىز. سەن چوڭلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما دەپ، ماڭا ئاچچىغلىنىپ كەتتى.

مەن شۇنداق نومۇس قىلىپ، ھويلىدىن يۈگۈرۈپ، چىقىپ كەتتىم.

مەن بەزىدە، ئاپام ماڭا قارىغاندا، جەملەگە بەكرەك كۆيىنىدۇ دەپ سىگىلمنى ھەسەت قىلاتتىم. جەملە مەكتەپكە بارمىغاچقا، ئاپام ئۆيدە ئۇنىڭغا ئوردۇ تىلى ئۆگىتەتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بەك يېقىن ئىدى. گەرچە مەن ئاپامنىڭ ئانا مېھرىگە شۇنداق تەشنا بولساممۇ، ئۇ ماڭا ئانچە كۆيۈمەيتتى. بەلكى، ئۇ مېنىڭ كەلگۈسىدە دادامدەك بولۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىسە كېرەك. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئانا بىلەن قىزنىڭ مۇناسىۋىتى

يېقىنراق بولىدىكەن.

ئۆيدە يېتەرلىك يەيدىغان نەرسە بولمىغاچقا، بەزىدە ئەنسىرەپ قالاتتىم. بىر قېتىم مەن ئاتا  ئانامنىڭ ياتاق ئۆيى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئاپامنىڭ دادامغا:
ئۆيدە يەيدىغان نەرسە قالمىدى، سىزنىڭ بەرگىنىڭىز بىلەن باللارنى باققىلى بولمىغۇدەك. ئون ۋە گۆرۈچ ئېلىشقا يەنە بەش رۇپىيە بېرىڭ.
دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم.
بۇ ۋاقىتتا دادام مىڭ تەسلىكتە ئازراق پۇل بېرەتتى. ئۇنىڭ بەرگەن  پۇلى ھېچنىمىگە يەتمىگەچكە، ئاپام بىزنى «ھەممىڭ داداڭغا ئوخشاش بولۇپ چىقىششەن» دەپ ئۇرۇپ تۇراتتى.

ئەلۋەتتە، ئاپامغىمۇ تەس بولغاچقا، مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىسام بولمايدۇ دەپ ئويلايتتىم.
شۇنداق قىلىپ، ئانچە  مۇنچە پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئۇششاق  چۈششەك ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدىم. باشتا كىچىك بىر ئاشخانىدا قاچا   قۇچىلارنى يۇيۇپ ئىشلىدىم. كېيىن، بازاردىكى بىر باققالنىڭ مېۋە  چېۋىلىرىنى يۇيۇپ، تىزىپ بېرىپ ئازراق بولسىمۇ پۇل تاپاتتىم. ئاپام مەن ئۆيگە پۇل ئەكىرسەم، ھەيران قالاتتى. مېنىڭچە، ئۇ بىرنىمە دېمىسىمۇ، چوقۇم خوش بولاتتى.
ئاشۇ ۋاقىتلاردا، مەن دۇئا قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە كۈچىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم. ھازىر ئويلاپ باقسام، خۇدا شۇ چاغدا، دۇئا قىلىشقا ئاللاھدە بىر ئىنتىلىشنى مېنىڭ قەلبىمگە سالغانىكەن. ھەتتا ئائىلەمدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋىتىم ئەڭ ناچار ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ۋاقىتتىمۇ، مەن دۇئا

قلىشنى توختاتمىدىم. نەتىجىدە، خۇدا قەلبىمدىكى شۇ ئىنتىلىشنى كۆرۈپ، دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلدى.

1963 يىلىنىڭ بىر كۈنى، ئاتا ئانام يەنە سوقۇشتى. شۇ ۋاقىتتا، مەكتەپتە ئىشلىتىدىغان ھساپ دەپتىرىم قالمىغاچقا، دادامدىن پۇل سوراشقا توغرا كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا، دادامنىڭ ئاچچىغى تېخى يانمىغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭدىن قانداق پۇل سورارمەن دەپ بېشىم قاتتى.

شۇنىڭ بىلەن مەن:
ئى ئاللا، دادامنى غەزىپىدىن ياندۇرغايسەن! بولمىسا، ئۇنىڭدىن دەپتەرنىڭ پۇلىنى سورىيالمايمەن دەپ دۇئا قىلدىم.

ئەپسۇسكى، شۇنداق بولمىدى. دادام ئاچچىقلانغان ھالدا سىرتقا چىقىپ كەتتى.
ئاشۇ كۈنى، مەن ساۋاغداشىمنىڭ دەپتىرىدىن بىر قانچە ۋاراقنى تۇيدۇرماي يىرتىۋالدىم. بۇنىڭدىن ھازىرمۇ خىجىل بولىۋاتىمەن. ئۇ بىرقانچە ۋاراق قەغەز، تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولماستىنلا، تۈگەپ قالدى. مەن ئاپامنىڭ قىشىغا بېرىپ پۇل سورىسام، ئۇ سىڭلىمغا ئۇردۇ تىلىنى ئۆگىتىۋاتقاچقا، گېپىمگە قۇلاق سالمىدى. بېرىسەن دەپ جاھىللىق قىلاي دېسەم، ئۇنىڭ خاپا بولىشىدىن قورقتۇم.
ئاخىرى ئامال يوق، سىڭلىمنىڭ دەپتىرىنى ئاختۇردۇم. بىراق، ئۇ مېنىڭ قەغەزگە مۇھتاج ئىكەنلىكىمنى بىلگەچكە، دەپتىرىنى تىقىپ قويۇپتۇ. مەن تاپشۇرۇقلىرىمنى تۈگەتمىسەم بولمايدۇ دەپ، پۇل سوراش ئۈچۈن دادامنى

كۈتتۈم. ئۇ ئارىلىقتا، مەن بىر ھېكايە كىتابىنى ئوقۇغاچ ئۇخلاپ قېلىپتىمەن. ھېچ بىر ۋاقىت ئۆتە ئۆتمەيلا، مەن ئاپامنىڭ قاتتىق سىلكىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. ئۇ ناھايىتى غەزەپلىك ھالدا:

- سائەت بىر بولاي دېگەندە، چىراقلىرىڭنى يورۇتۇپ، كىتابنىڭ ئۈستىدە ئۇخلامسەن؟ داداڭغۇ مەكتەپ كۆرمىگەن قارا قورساق. سەنمۇ شۇنداق بولاي دەمسەن؟ تۇرە، ھەي ھورۇن. يوتقانغا كىر! دەپ ۋارقىرىدى. ئاندىن ئۇ چىراقنى ئۇچۇرۇپ، چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، ئېسىمگە كەلگەن تۇنجى ئىش بولسا، تېخى تۈگىمىگەن تاپشۇرۇق ئىدى. بىزنىڭ ئۆي بىلەن مەكتەپنىڭ ئارىلىقى بىر يېرىم كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ھەر كۈنى مېڭىپ باراتتىم. شۇ كۈنى مەكتەپكە كېتىۋېتىپ، شەخسىيەتچىلىك بىلەن خۇدادىن: « ئۇلۇغ خۇدا، مۇئەللىم بۈگۈن بىر ئاغرىپ قالغان بولسىدى!»دەپ تىلىدىم.

لېكىن ئارقىدىنلا، مۇئەللىم بۈگۈن ئاغرىپ قالغان بولسا، ئەتىسى يەنە بەربىر كېلىدىغۇ! دېگەننى ئويلاپ يەنە: «ئى ئاللا، يولدا ماڭا بىرەر رۇپىيە ئۇچراپ قالسا دى! مەن ئۇنىڭغا ئىككى دەپتەر، بىرەر قېرىنداش، ۋە بىرەر تال ئۇچۇرگۈچ ئېلىۋالغان بولاتتىم» دەپ تىلىدىم.

ئىنىشەنچىم كۈچلۈك بولغاچقا، زور ئۈمىد بىلەن راست پۇل ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ، يولغا ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ ماڭدىم. يېرىم يولغا كەلگەندە، بەلكىم تىلىگىنىم بەك كۆپ بولۇپ كەتسە كېرەك دەپ، خۇدادىن يەنە بىر قېتىم تىلەش قارارىغا كېلىپ: «ئۇنداقتا خۇدا بىر رۇپىيە بەك كۆپ بولۇپ كەتكەن بولسا، ئەللىك تىيىن بولسىمۇ مەيلى!» دېدىم.

مەكتەپ دەرۋازىسى كۆرۈنەي دىگەندە، تەلپىمنى يىگىرمە بەش تىيىنغا چۈشۈردۈم. ئاندىن، دەپتەر ئىچىگە سالغىدەك بىر قانچە ۋاراق ئۈچۈن، ئون تىيىن بولسىمۇ مەيلى دېدىم. لېكىن، يەردە بىرەر تىيىنمۇ كۆرۈنمىگەچكە قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم.

دەل دەپتەر قەلەم ساتىدىغان دۇكانىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، بىرەيلەننىڭ «ئوغلۇم!» دېگەندەك بىر تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.
ئەينى ۋاقىتتا، يۈرىكىم جىغىلداپ كەتتى. چۈنكى، مەن بۇ ئاۋازنى تونۇيتتۇم. مەن شۇئان بېشىمنى بۇراپ قارىسام، ھېلىقى چۈشۈمدىكى ئاق تون كىيگەن ياشانغان ئادەم تۇرۇپتۇ. مېنى ھەيرانلىق ۋە قورقۇنچ ئىچىدە تىترەك باستى. يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم: «ئەي ئوغلۇم، قورىمىغىن! بۇ رۇپىينى ئال. ئالدىغان نەرسىلىرىڭنى ئېلىپ، تاپشۇرۇقىڭنى ئىشلىگىن! قوڭغۇراق جىرىڭلاشقا يەنە تېخى ۋاقىت بار».
ئاۋازنىڭ يوقلىشىغا ئەگىشىپ، دۇكاننىڭ ئىگىسى ئالدىمدا: «ھە بالام، ساڭا نېمە لازىم؟» دېگەندەكلا قىلدى. مەن ئىنتايىن ھەيران بولۇپ گاڭگىراپ قالغاندىم. چۈنكى قارىسام قولۇمدا بىر رۇپىيە تۇرۇپتۇ. مەن پۇلنى بېرىپ، ئالىدىغىنىمنى ئالدىم. ئاندىن، ئەتراپتىكى بىر ئۈزۈن ئورۇندۇقتا تاپشۇرۇقنىڭ قالغىنىنى ئىشلىدىم. دەل تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولۇشىمغا قوڭغۇراق چېلىندى.

سىنىپقا كىرىپ، بىردەمدىن كېيىن مۇئەللىم بىزدىن: «تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدۇڭلارمۇ؟» دەپ سورىغىنىدا، مېنىڭ: «ئىشلىدىم!» دېگەن ھاياجان ئاۋازىم باشقىلاردىن ئۈنلۈك ۋە جاراڭلىق چىقتى.

يەتتىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگىنىمدە، ئون ئۈچ ياشقا كىرگەنىدىم. ئەشۇ چاغلاردا، مەن توققۇزىنچى سىنىپتىكى ئەخمەد دېگەن ئوقۇغۇچى بىلەن يېقىن ئۆتەتتىم. ئۇ مەندىن كۆپ ئېگىز، ھەم چوڭ ئىدى. ئۇ بىر يۇۋاشراق بالا بولۇپ، دىن جەھەتتىن خېلىلا ساۋادى بار ئىدى. باشقا جەھەتتىنمۇ، ئۇ ماڭا قارىغاندا كۆپ نەرسىلەرنى بىلەتتى ھەم ئۆگىنىشىمگە ياردەم قىلاتتى. شۇڭا مەن ئۇنىڭ دوستى بولغىنىمدىن ناھايتى خۇرسەن ئىدىم.

ئۆزۈندىن بۇيان ئەخمەدىيە مەزھىپىدىكىلەر دىن تارقىتىشقا ناھايتى ئەھمىيەت بەرگەچكە، مىرزا غۇلام ئەخمەدنىڭ تەلىمى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغانىدى. دوستۇم ئەخمەدنىڭ دادىسىمۇ دەل شۇ دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ كىشى كەنتىمىزتىكى ئەخمەدىيە دىن تارقىتىش ۋە تەربىيلەش مەكتىپىدە دەرس بېرىپ، داڭلىق ئۇستاز ۋە ئۆلىما دەپ نامى چىققان. ئۇلار ماڭا ناھايتى ياخشى مۇئامىلە قىلغاچقا، مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى ياخشى كۆرەتتىم.

بىركۈنى قىشتا، مەن ئەخمەدنىڭ ئۆيىگە باردىم. بىز بىللە ئويناۋاتقاندا، سىرتتىن ناھايتى مۇڭلۇق بىر ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئۇنى رادىئودىن چىقىۋاتقان ناخشا دەپ ئويلىسام، ئەخمەد:

ياق، ئۇ "گاداي تازلىقچىلار" نىڭ ئېيتقان ناخشىسى، يۈر بېرىپ كۆرۈپ باقايلى! دېدى. (پاكىستاندا، مۇسۇلمانلار ئەيسا ئەگەشكۈچىلىرىنى كەمستىپ، "گاداي تازلىقچىلار" دەپ ئاتايدۇ)

بىز ئۆگزىگە يامىشىپ چىقتۇق. ئەخمەدلەرنىڭ قوروسى، ناخشا چىقىۋاتقان قورو بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، بىز ئۆگزىدە تۇرۇپ ئەتراپتىكى باشقا قورولارنى كۆرەلەيتتۇق. يېنىدىكى بىر قورودا ئەر ئايال ۋە باللار بىللە ئولتۇرۇپ ناخشا

ئېيتىۋاتاتتى. بىزنىڭ شولىمىز ھويلىدىكى پەشتاققا چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچىسى بىزنىڭ ئۆگزىدە تۇرغانلىقىمىزنى كۆردى. بىز گەپ قىلماستىن ئۇلارغا قاراپ تۇردۇق. بۇ بولسا مېنىڭ تۇنجى قېتىم ئەيسا ئېتىقادچىلىرىنىڭ مەدھىيە ناخشىسىلىرىنى ئاڭلىشىم ئىدى.

بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆپچىلىككە سالام بېرىپ، سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇلار بولسا كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاشتى. بىز يىراقتا بولغاچقا، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىغىنى ئاڭلىيالمىدۇق. لېكىن مەن ئۇلارغا ناھايىتى قىزىقتىم. ئاخىرىدا، ئەخمەد مېنى تارتىپ، :

يۈر مەخسۇت، ئاپام چاقىرىۋاتىدۇ. چۈشۈپ كېتەيلى، دېدى.

بىز چۈشۈپ چاي ئىچكەندىن كېيىن، ئەخمەد كۈتۈپخانىسىنى كۆرسەتمەكچى بولدى.

ئەخمەدمۇ ماڭا ئوخشاش كىتاپ ئوقۇشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىم باللار چۆچەكلىرى بولۇپ، مېنىڭ خېلى كۆپ كىتاپلىرىم بار ئىدى. مەن بۇ كاتاپلىرىمدىن خېلى پەخىرلىنەتتىم. مەن يانچۇقىمدا ئاز تولا پۇل بولسىلا ياكى قوشنىلارنىڭ پارچە  پۇرات ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ قولۇمغا ئازراق پۇل كىرسىلا بېرىپ كىتاپ سېتىۋالاتتىم. مەنمۇ بەزىدە ئەخمەدكە ئوخشاش پەيغەمبەرلەر ۋە ئىسلام قەھرىمانلىرى توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئالاتتىم.

مەن توساتتىن ئەخمەدنىڭ كىتاب  ژورناللىرىنىڭ ئىچىدە، «ئىنجىل: يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» دېگەن كىچىك  كىتابچىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ كىتابنىڭ ئىسمى مېنى قاتتىق جەلپ قىلدى. چۈنكى ئىنجىل دىگەن

تېمسىدىن، مەن بۇ كىتاپنى مۇقەددەس كىتابنىڭ بىرى دەپ بىلەتتىم. بۇنى مەن بۇرۇن مەدرىسىدە ئوقۇغان ۋاقتىمدا ئۆگەنگەن ئىدىم. ئۇستازىم دائىم مۇنداق دىگەن: ئاللا تۆت مۇقەددەس كىتابنى ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان: يەنى تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ،
زەبۇر داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا،
ئىنجىل ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا ، ۋە
قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن.

مەن ئەخمەدتىن "ئەگەر، ئىنجىل ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلكەن مۇقەددەس كىتاپ بولسا، نېمە ئۈچۈن بۇ كىتاب ئەرەپ تىلىدا يېزىلماي ئوردو تىلىدا يېزىلدۇ؟" دەپ سورىدىم. ئەخمەد مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرگىچە ئۇنىڭ ئاپىسى كىرىپ قالدى ھەمدە ئۇ قوپاللىق بىلەن :

بالام، بۇ كىتابنى ئۇنىڭغا ھېلىقى گاداي تازلىقچىلار بىرىپتىكەن. مەن ئۇنىڭغا بۇ كىتابنى ئالما دىسەم، ئۇ "ماقۇل قايتۇرىۋىتىمەن" دەپ ۋەدە بەرگەن. ئەكەل، ماڭا بەر! مەن ھازىر چىقىپ ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتەي، دېدى.

مەن دەررۇلا:

ياق ھەدە، ماڭا بەرگەن بولسىڭىز؟ دەپ سورىدىم.
ئەخمەدمۇ ئەگىشىپلا:

ھە ئاپا، ئۇنىڭغا بەرگىن! ئۇنىڭ ئوقۇغىدەك كىتابلىرى يوق، دېدى.
ئەخمەدنىڭ ئاپىسى ئىككىلىنىپ:

بوپتۇ ئەمىسە، بىراق مەن بۇ كىتابنى ئىككىنچى بۇ ئۆيدە كۆرۈپ قالماي! دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ئەخمەد بىلەن خوشلىشىپ، ئۇنىڭ بەرگەن ژورناللىرىنى ۋە ئىنجىلنى ئېلىپ ئۆيۈمگە قايتتىم.

ئۆيگە كەلگىنىمدە، سىڭلىم جەملە دوستلىرى بىلەن ئويناۋاتقانىكەن. بەلكىم، ئۇلار ئۇنىڭ قونچاقلىرىنى ئويناپ زېرىككەن بولسا كېرەك. قولۇمدىكى ژورناللارنى كۆرۈپلا، ئۇلارنى تالىشىپ، ئىنجىلنى يەرگە چۇشۇرۋەتتى. مەن ئۇلارغا قاتتىق خاپا بولدۇم، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىتابىنى يەرگە چۇشۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، سىڭلىمنى بىر قانچە شاپىلاق سالغۇم كەلدى. لېكىن، ئاپام ئۇ يەردە بولغاچقا، ئۇرۇشقا قولۇم بارمىدى. مەن كىتابنى ئېلىپ، ئالدىراپ ئۆيۈمگە كىرىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

شۇ كۈنى، ئىنجىلنى ئوقۇغىنىمدا، ئۇ ماڭا يېڭى بىر دۇنيا ئېچىپ بەردى. مەن ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئۇ كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. مېنىڭ كاللامدىن ئۆتمىگەن يېڭى ئوي پىكىرلەر خىيالىمدىن كەتمىدى. ھەزرىتى ئەيسا ھەقىقەتەن پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزىدىغان ئاللا ئەۋەتكەن نىجاتكارمىدۇ؟ مەن قۇرانىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ كەلىمەتئۇللا —— يەنى ئاللانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. باشقا بىر يەردە قۇران ھەزرىتى ئەيسانى رۇھئۇللاھ ئاللانىڭ روھى دەپ خاتىرلەيدۇ. مەن يەنە قۇرئاندىكى نۇرغۇر يەرلەردە ھەزرىتى ئەيسانىڭ مۆجىزلىرىنى بايان قىلغانلىقىنى بىلەتتىم. مېنىڭ ساۋاقدىشىم سەئىيددە ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبەرلىرى توغرىلىق بىر يۇرۇش كىچىك كىتابلار بار. مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ ئەيسا پەيغەمبەر توغرىلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ھازىر مەن چوقۇم سەئىيدتىن ئۇ كىتابنى ئارىيەت ئېلىپ، ئىنجىل بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشۈم كېرەك دەپ ئويلىدىم. ئىككىنچى كۈنى جۈمە بولغاچقا، مەكتەپلەر تاقىلاتتى. شۇڭا مەن سەئىيدتىن ئۇ كىتابنى سوراپ ئېلىپ، ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇشقا باشلىدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن پەرقلەر بار ئىكەن. جۈمە نامىزى ئۈچۈن مەھەللىمىزدىكى چوڭ مەسچىتكە قاراپ كېتىۋاتقىنىمدا، مەن چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم. مەن

ئۇستازىم مۇھەممەد ئىسمائىلنى نامازغا كېتىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە كۆرۈپ قالدىم. ئۇ مېنى كۆرگەندە كۈلۈمسىرەپ قويدى ھەم ناماز ئوقۇغىنىمنى كۆرۈپ مەمنۇن بولدى. مەن ئۇنىڭ مېنىڭمۇ بىر كۈنى مەزھەپىمىزدىكى دىن تارقاتقۇچى بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەلىمىنى دۇنياغا تارقىتىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. نامازدىن كېيىن، ئۇ قېشىمغا كەلدى. بىز بىرگە ھەمرا بولۇپ ئۆيگە قاراپ ماڭدۇق. خىيالىمدا ئۇ چوقۇم بەزى سۇئاللىرىمغا جاۋاب بېرەلەيدۇ دەپ ئويلىدىم. مەن ھودۇقۇپ تىترىگەن پېتى:

ئۇستاز! دەپ سۆز باشلىدىم.

ھە! مەخسۇت، سەن مەندىن بىر نەرسە سورىماقچىمۇ؟ دېدى مۇھەممەد ئىسمائىل ئۇستاز.

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ ئىككىلەنگەن ھالدا:

ئۇستاز، ئاللا بىزنىڭ ئاتىمىز ھەم بىز ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ؟ دەپ سورىدىم.

ئۇ مېڭىشىنى توختىتىپ ماڭا تىكىلىپ قارىغىنىچە ھەيران قالغان ھالدا:

زادى كىم ساڭا شۇنداق ئېيتتى؟ دەپ سورىدى.

مەن ئاددىيلا قىلىپ:

مەن ئىنجىلدىن ئوقۇدۇم! دەپ جاۋاب بەردىم.

ئىنجىل!! بالام، سەن ئۇنى نەدىن ئالدىڭ؟ ئۇنى ساڭا كىم بەردى؟ ئۇ كىتاپ ھازىر قەيىەردە؟ دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭ سۇئاللىرىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغان ھالدا:

مەن ئۇنى ئەخمەدتىن ئالغان، ھازىر ئۇ بىزنىڭ ئۆيدە، دېدىم. ئۇ ناھايىتى تېز ماڭغىنىچە ماڭا:

مەخسۇت، سەن ئەڭ ياخشىسى مەن بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە بارغىن. مەن

سۇئاللىرىڭغا مۇمكىن قەدەر جاۋاب بېرىمەن، دېدى.
مەنمۇ ئۇنىڭغا يېتىشىپ مېڭىپ، سۇئاللىرىمغا چوقۇم قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئالالايدىغانلىقىمغا ئىشەندىم. ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ مېنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، يەنە بىر ئۆيگە كىتابلارنى ئالغىلى چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئايالى كىرگىنىدە، مەن ئەدەپ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ:
ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! دېدىم. ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگەن پېتى پىشانەمگە سۆيۈپ قويۇپ:
ئىسمىڭ نېمە؟ سەن يولدىشىمنىڭ ئوقۇغۇچىسىمۇ؟ دەپ سورىدى.
مەن ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىۋاتقىنىمدا، ئۇستازىم قولىدا لىپمۇ لىق كىتاب كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئايالىغا قاراپ :
بىزگە چاي دەملەپ بەرسىڭىز؟ بىز مۇڭداشقاچ ئىچمەكچى. بۇ شاكىچىك ئۆز يېشىغا ماس بولمىغان سۇئاللارنى سوراۋاتىدۇ، دېدى. ئۇنىڭ ئايالى ماڭا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:
بۇنداق باللار بىزنىڭ تەلىملىرىمىزنى دۇنيانىڭ بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىغىچە ئاپىرالايدۇ، دېدى.
ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى كېيىكى ۋاقىتلاردا نۇرغۇن قېتىم ئېسىمگە ئالاتتىم.
بىز چايىنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىمىزدا، ئۇستازىم بىر چوڭ قارا مۇقاۋىلىق كىتابنى ئېلىپ ئاچتى. ئۇ :
مانا بۇ ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى. بىز ئۇنىڭدا تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىل كىتابلىرىنى تاپالايمىز، دېدى.

مەن كىتابنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ، چوڭقۇر ھەۋەس بىلەن ئۇنىڭ بەتلىرىغا بېرىلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

ئۇستازىم كىتابدىكى «يۇھاننا بايان  قىلغان خۇش خەۋەر» نى ئاچقىنىدا، مەن بۇ سۆرىنىڭ ئىنجىلدىكى "خۇش خەۋەر" ئاتالغان تۆت سۆرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭدىن بۇ توغرۇلۇق سورىسام، ئۇستازىم "'ئىنجىل" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئەسلى "خۇش خەۋەر"   دەپ چۈشەندۈردى.

ئۇنداق بولسا، تۆت ئوخشىمايدىغان "ئىنجىللار" بار ئوخشىمامدۇ؟ دەپ سورىدىم.

ئۇستازىم:

ياق، مەخسۇت! بۇ يەردە ئوخشاش بولمىغان تۆت پارچە ئىنجىل بولغىنى يوق.  پەقەت بىرلا ئىنجىل بار. لېكىن ئۇ تۆت قىسىمگە بۆلۈنگەن. ھەر بىر قىسمىنى ئوخشاش بولمىغان كىشى خاتىرلىگەن،   دەپ جاۋاب بەردى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇستازىم ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىمۇ، كۆپىنچىسىنى ھازىر ئونتۇپ قالغاندىم. لېكىن، ئۇنىڭ  ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرى ئېسىم قالدى: « بىز مۇسۇلمانلار تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىل كىتابلىرىنىڭ ئاسماندىن چۈشكەن مۇقەددەس كىتابلار ئىكەنلىكىگە ھەقىقەتەن ئىشىنىمىز. لېكىن، قۇرئانسىز ئۇلار مۇكەممەل بولالمايدۇ. بۇ ئۈچ كىتاب ئۆزگەرتىۋېتىلگەچكە ئۆزىنىڭ ئەسلى پاكلىقىنى يوقاتقان. مەسىلەن، دەسلەپتە پەقەت بىرلا ئىنجىل بار ئىدى. لېكىن ھازىر بۇ تۆت قىسمىنى چىقىرىۋالدى. بۇنىڭدىن باشقا ھەقىقى قىسىملىرىمۇ بار. بىراق، خرىستىيانلار ئۇلارنى ئېتراپ قىلمايدۇ." ئاندىن، ئۇ قولىدىكى مۇقەددەس كىتاپنى تەمكىنلىك بىلەن يېپىۋېتىپ:

بۇ كىتابلار كىشىنى ئېزىقتۇرىدۇ. پەقەت بىرلا ئاللا بار. خۇددى بىزنىڭ

قۇرئان كېرىمدە ئېيتىلغاندەك «ئاللا بىردۇر، ھەممە ئاللاغا مۇھتاجدۇر. ئاللا باللا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچكىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ"  دېدى.

ئۇ يەنە ماڭا: "قۇرئان كەرىمدە « ‹ئۇ باللا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس› دېيىلگەن تۇرسا، بىز قانداقسىغا  خۇدا بىزنىڭ ئاتىمىز، بىز ئۇنىڭ پەزەنتلىرى دەپ ئېيتالايمىز؟» دېگىنىدە مەن قوشۇلۇپ، بېشىمنى ئاستا لىڭشىتىپ قويدۇم. مەن قايتىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭدىن:
ئۇستاز، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇ ئۇستىدە ماڭغىنى توغرۇلۇق ھېكايە بارمۇ؟  دەپ سورىدىم.
گەرچە، سۇ ئۇستىدە مېڭىشقا ئۇرۇنغىنىمغا ئۈچ يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن، تۈنۈگۈن يۈز بەرگەندەك ھىس قىلاتتىم. ئۇستازىم بولسا مۇلايىملىق بىلەن:
ئۇنداق ھېكايە ھەقىقەتەن مەۋجۇت، ئوغلۇم. لېكىن ئۇنداق مۆجىزە يارىتىش قۇدرىتى پەقەت پەيغەمبەر ۋە رەسۇلغىلا بېرىلگەن. سەن بولساڭ پەيغەمبەر ئەمەس. رەسۇلمۇ ئەمەس. ئاددى ئېتىقادمۇ، پىشقان بىر كالللىنى تەلەپ قىلىدۇ،  دېدى.

ئۇستازىم مېنى ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى. مەن ئۇنىڭغا ئىككىنچى مۇشۇنداق قالايمىقان، باتىل ئىشلارنى ئويلىمايمەن، ھەمدە ھېلىقى "ئىنجىل: يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» كىتابچىنى تاپشۇرۇپ بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلدىم. ئۇستازىم ماڭا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، كېتىپ قالدى. مەن ئۆيگە كىرىپ تاھارەت ئېلىپ، نامازشامغا تەييارلىق قىلدىم.

## 4 باب «ئۈنىڭ يولىدا بولۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈش»

ئىككى يىل ئۆتۈپ، مەن ئون بەش ياشقا كىرگەنىدىم. ئۆيىمىزنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ناچارلىشىپ ماڭدى. دادام ئىقتىسادى جەھەتتىن قىيىن ئەھۋالغا قالغاچقا، ئاتا ئانام دائىم دېگۈدەك تالاش تارتىش قىلىشاتتى. بىز بۇ ئىشلاردىن ناھايىتى بىئارام بولاتتۇق.

مېنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇيۇم ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۆيىمىزنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى، ئوقۇش خىراجىتىگە بىۋاستە تاقىشاتتى. شۇڭا، مەن مەكتەپ خىراجىتىمنى تۆلەش ئۈچۈن، ئىمكانىنىڭ بېرىچە خوشنىلىرىمغا قوشۇمچە خىزمەت قىلىپ پۇل تاپاتتىم. ھەركۈنى كەچتە، ۋاقتىمنى ئاساسەن خوشنىلارنىڭ كىرىنى يۇيۇش، تازىلىقنى قىلىش ۋە بازاردىن نەرسە كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلاتتىم.

مۇشۇ ۋاقىتلاردا، خۇدا ماڭا ئاجايىپ يېقىن تۇيۇلاتتى. مەن ھەرگىزمۇ ئۇنى، مەدرىسىدە ئۇگەنگەنىدەك، بىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان، بىزدىن ناھايىتى يىراق دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. شۇڭا، خۇدا مېنىڭ دۇئالىرىمنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇپ، شەخسەن قىيىنچىلىرىمنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ دىگەن ئۈمۈددە ئىدىم. يەنە كېلىپ، مېنىڭ يېقىن دوستلىرىم كۆپ بولمىغاچقا، مەن خۇداغا بەكرەك يېقىنلىدىم.

مەنمۇ دادامدەك بېلىق تۇتۇشنى ياخشى كۆرەتتىم. مەن ئادەتتە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بارماي، بەلكى ئۆزۈم يالغۇز بېلىق تۇتقىلى باراتتىم. مەن بىر نەچچە قېتىم دادامنىڭ قامىغىنى ئۇنىڭدىن سورىماي ئېلىپ، دەريا بويىغا باردىم. شۇ چاغلاردا مەن دائىم خۇدا بىلەن خۇددى يېقىن دوستۇمدەك

سۆزلىشىپ دۇئا قىلاتتىم. بىر قېتىم مەن ئۈنلىك ئۈندىدىم:
ئى خۇدا ، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ قوسىغى ئۈچۈن، بۈگۈن ماڭا ئىككى ئۈچ بېلىق بەرگەن بولساڭ! دەپ تىلىدىم.

شۇ ھامان قولۇمدىكى قاماق تارتىشىپ، ئاجايىپ چوڭ بىر بېلىق سۇ يۈزىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. بېلىقنى تارتىشقا كۈچۈم يەتمەي، دەرياغا چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدىم. مەن قاماق يىپىنىڭ ئۈزۈلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىدىم. چۈنكى، مەن دادامنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتىم. بېلىق قېچىپ كەتسە مەيلىكى، قاماق يىپى ئۈزۈلۈپ كەتسە، چوڭ بىر بالاغا قالاتتىم. تەلىيىمگە، بىرسى مېنىڭ بېلىقنى تارتىپ چىقىرالمايۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ ياردەمگە كەلدى. ئىككىمىز ئاران تەستە بېلىقنى تارتىپ چىقاردۇق. ئۇ ئېغىرلىقى بەش كىلو كەلگىدەك بېلىق بولۇپ، ئۆمرۈمدە تۇتقان ئەڭ چوڭ بېلىق ئىدى. مەن خۇدانىڭ تىلىگىنىمنى بەرگىنىدىن ھاڭ تاڭ قالدىم. لېكىن، دادامنىڭ قامچىنى رۇخسەتسىز ئالغىنىمنى ئۈنىڭغا ئىقرار قىلىش خىيالىمغا پەقەتلا كەلمىگەن ئىدى.

كاللام ھەر خىل سۇئاللار بىلەن تولغانىدى. مەن بىز ئەخمەدىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە قىلمايدىغانلىقىنى، ھەتتا، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەنمۇ ھېچقانداق ئالاقىسىنىڭ يوقلۇغى كاللامدىن زادىلا ئۆتمەيتتى. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز شۇنداق زېرىكىشلىك تۇيۇلغاچقا، مەنمۇ نۇرغۇن باللارغا ئوخشاش بىر قەدەر ئىسيانكار بولۇپ قالدىم. مەن چوڭلاردىن سۇئال سورىغاندا، قانائەتلەندۈرگىدەك جاۋاب بېرەلمىسە ئىچىمدە خۇش بولاتتىم ھەم سورىغان سۇئاللىرىمدىن پەخىرلىنەتتىم. بىرمەزگىل، مەن ھەققەتنى ئىزدەشكە

ئەمەس، بەلكى چوڭلارنى يېڭىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن مۇنازىرە قىلغان ئىدىم. شۇنداق قىلىپ، مەن كۆپ ۋاقىتلارنى كىتاپ ئوقۇش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سەرپ قىلدىم.

بىزنىڭ مەزھەپدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق ئەخلاقى ئۆلچەملىرىدىن پەخىرلىنەتتى. باشقا ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ھاراق ئىچىش ھەتتا، تاماكا چېكىشكىمۇ قارشى ئىدى. بۇ ئىشلارنى قىلغانلارنى قاتتىق جازالايتى. ئەلۋەتتە بەزىبىر كىشىلەر بۇ ئىشلارنى ئوچۇق ئاشكارا ئەمەس، مەخپى قىلاتتى.

ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ كەنتتە تېلىۋىزور يوق بولۇپ، ئادەتتىكى كىنو فىلىملەر كىنوخانىلاردا قويۇلمايتى. پەقەت ئىسلام دىنىغا ئائىت كىنولارنى كۆرۈشكىلا يول قوياتتى. بىزنىڭ مەزھەپتىكى ياشلار، قىسمەن ئۆزەممۇ، سىرتقى دۇنيانى كۆرۈشكە شۇنداق تەشنا ئىدۇق. بىر كۈنى بىرقانچە دوستلىرىم، باشقا بىر كەنتكە بېرىپ ھىندۇستاننىڭ بىر كىنوسىنى كۆرۈپتىكەن. كېيىن بۇ ئىش ئاشكارا بولۇپ قالغاندا، ئۇلار قاتتىق ئۇرۇلغان ئىدى. ئەخمەدىيە مەزھەپدىكى "ئامۇرى ئاما"، دېگەن باشقۇرۇش باشقارمىسىدا جامائەت ئىچىدىكى مەسىللەرنى بىرتەرەپ قىلىدىغان بىر ئەترىتى بار ئىدى. بۇ ئەترەت مۇجاھىد دەپ ئاتىلىپ، مەزھەپتىكى ئىشلارنى ھۆكۈمەت ساقچىلىرىغا يولاتقۇزمايتتى. بىزدە ئون ئىككى ياشقا كىرگەن ئوغۇل باللارنىڭ ھەممىسى بۇ ئەترەتتە بىر مەزگىل تەربىيلىنەتتى.

مەن بۇ ئەترەتنىڭ كۆچىنى ئۇنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغاندىن كېيىنلا چۈشىنىپ يەتتىم.

مەن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمىشىغا شۇنداق ھەۋەس قىلاتتىم. ئۇلار بىلەن سۆزلەشكىم، مۇنازىرە قىلغىم كېلەتتى. لېكىن ئاتا ئانام مېنىڭ

كەنتىمىزدىن ئايرىلىشىمغا قەتتى يول قويمىدى. مەن نەچچە قېتىم ئۇلاردىن ئۆتۈنگەن بولساممۇ، ئۇلار ياق دەپ چىڭ تۇرىۋالدى. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىرمەي قارشى چىقتىم.

مەن دوستلىرىم بىلەن چىنئوت كەنتىدىكى كىنوخانىغا ئىككى قېتىم مەخپىي باردىم. چىنئوت كەنتى مەن ئۇچۇن باشقا بىر دۇنيا بولۇپ، كىنوخانىسى شۇنداق ھەشەمەتلىك ئىدى. مەن ھەر قېتىم كىنودىكى خىلمۇ خىل پېرسوناژلارنى كۆرگەندە، كاللامدىكى غەملىرىمنى ئۇنتۇپ قالاتتىم. ئۇ كىنولار بولسا پاكىستان خەلقىنى مەدھىيلەپ، قەھرىمانلارنى ۋەتىنىمىز ئۇچۇن ئۆز جېنىنى پىدا قىلىدىغان ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر قىلىپ تەسۋىرلەيتى. مەن بۇ قەھرىمانلاردىن بەك تەسىرلىنەتتىم. كىنودىكى پەقەت ئۆزىنىڭ مال دۇنياسى ۋە بەختىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، كەمبىغەللەرنى ئېزىپ، ئالىمەنلا دەيدىغان ئاچكۆز ئەبلەخلەرنى كۆرگىنىمدە مەن ئۇلاردىن قاتتىق غەزەپلىنەتتىم. ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ تۈزىمى تېخى خەلقنىڭ خىيالىدىن چىقىپ كەتمىگەنئىدى. بۇ كىنولاردا ئەنگلىيەلىكلەرنى دائىم «دۈشمەن» دەپ كۆرستەتتى! كىنودىكى ئادىلسىزلىقنى كۆرگەندە، بىر ئادەم شۇنداقمۇ رەزىل بولغان بارمۇ؟ دەپ خىيال قىلدىم.

مەن بىلەن چىنئوت كەنتىگە كىنو كۆرگىلى بارغان ئاتالمىش ئاغىنىلىرىم، مېنىڭ بارغىنىمنى بىزنىڭ مەزھەپ باشقۇرۇش باشقارمىسىغا چېقىپ قويۇپتىكەن. لېكىن مەن ئۇلارنىڭ تاياقىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىدىم. چۈنكى، بۇ ئىش ئەخمەدىيە ئاقساقاللىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئۇلار:

بۇ مۇمكىن ئەمەس! ئەگەر مەخسۇت بارغان بولسا، ئۇ چوقۇم شۇ يەردىكى ئۇستازلار بىلەن مۇنازىرىلەشكىلى بارغان، دېيىشتى.

ئۇلار ھەققىقىي ئەھۋالغا ئىشەنمىدى. بۇنىڭ بىلەن ھاكاۋۇرلىقىم تېخىمۇ ئاشتى.

گەرچە مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بەرسىمۇ، خۇدا ماڭا ھەرگىز يىراق تۇيۇلمىدى. بىر كۈنى بازاردىن سۇمبىيى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، دادام ماڭا ئىككى رۇپىيە بەردى. مەن قولۇمدىكى پۇلنى چىڭ تۇتقىنىمچە بازارغا قاراپ ماڭدىم. يولدا مەن بىر توپ ئادەملەرنىڭ مايمۇن ئويۇنىغا ئولىشىپ تۇرغانلىغىنى كۆردۈم. ئۇ مايمۇن ھەقىقەتەن قىزىقارلىق ئويۇن كۆرسىتىۋاتىپ بېرىدىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي مەن بۇ توپ ئادەمنىڭ ئارىسىدىن چىققىنىمدا قولۇمدىكى ئىككى رۇپىيە پۇل يوق ئىدى! تا بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى ئۇقمايمەن. پۇلغا شۇنداق ئىچىم سېرىلدى. مەن قاتتىق ئازابلىنىپ:

ئى خۇدا، پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەرگىن! دەپ ۋارقىرىدىم.

ئاخىرى ئامالسىز ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر بولۇپ ۋە يول بويى يىغلاپ ماڭدىم. چۈنكى، پۇل تۆلىمىسەم، دۇكانچى ماي بەرمەيتتى. مەن ئۆيگە بارسام، ئاتا ئانامنىڭ مېنى چوقۇم ئۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. لېكىن، تەلىيىمگە، دەل ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگىنىمدە، يەردە ئىككى كۈمۈش تەڭگە پارقىراپ تۇرۇپتۇ. بۇ پۇلنىڭ ئۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى تا ھازىرغىچە بىلمەيمەن. بەلكى بىرەيلەننىڭ پۇلى شۇ يەرگە چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن، ماڭا نىسبەتەن بۇ بىر مۆجىزە ئىدى. خۇدا مېنىڭ دۇئايىمغا يەنە بىر قېتىم جاۋاب قايتۇردى.

شۇ كۈنلەردە مەن دوستۇم سەئىدنىڭ ئائىلىسىدە ئىشلەيتىم. ئەمما، مېنىڭ سەئىد بىلەن مۇناسىۋىتىم بارغانسىرى ناچارلىشىپ ماڭدى. ئۇنىڭ دادىسى دائىم چەتئەللەردە يۈرگەچكە، ئاكىسىنىڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭ ئىدى. سەئىد مەكتەپتە ياخشى ئوقۇمىغاچقا، ئۇ مېنىڭ

ئۆگىنىشتە ياخشى بولۇشۇمنى كۆرەلمەيتتى. مېنى دائىم مازاق قىلاتتى. ئۇ توپ ئويناۋاتقاندا، توپنى ماڭا قەستەن تېپىپ،
بۇياققا كەل كىچىك مالاي! كىتابلىرىمنى ئەكەل، تېز بول! دەپ بالىلارنىڭ ئارىسىدا مازاق قىلاتتى.

مەن ئۆچ ئېلىشقا پېتىنالمايتتىم. ئەگەر، ئۇنىڭ ئاتا ئانىسى مېنىڭ مەكتەپ خىراجىتىمنى تۆلەشنى توختاتسا، مەكتەپتىن قالىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. ئەمما، سۈكۈت قىلىش، ئۇنچە ئاسانغا چۈشمىدى.
بىر كۈنى، سەئىد، چېكىدىن بەكلا ئاشۇرىۋەتتى. مۇئەللىمگە تاپشۇرۇقنى كۆرسىتىشتىن بۇرۇن، مېنىڭ دەپتىرىمدىكى تاپشۇرۇقنى سەئىد يىرتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، ئالدىبۇرۇن مۇئەللىمگە كۆرسىتىپ بولغانىكەن. مەن تاپشۇرۇقنى كۆرسۈتەي دېسەم، ئىشلىگەن بەت يوق. مۇئەللىم مېنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىگەن بەتلىرىمنىڭ يىرتىلغىنىنى كۆرۈپ، كىمنىڭ قىلغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلدى. نەتىجىدە مۇئەللىم بۇ ئىشنى قىلغان سەئىد ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى جازالىدى. شۇنىڭ بىلەن سەئىدنىڭ سىنىپتا يۈزى تۆكۈلگەچكە، دەرستىن قايتقاندا ئۇ مېنى ئۇردى. مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى چۈشكۈنلىشىپ كەتتىم.

ھەممە بالىلار تەشنا بولغان، قۇربان ھېيت يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ھېيت كۈنى، سەئىدنىڭ ئاپىسى مېنى چاقىرتىپتۇ. مەن كۆڭلۈمدە، ئۇ ماڭا ھېيتلىق بېرىشى مۇمكىن دېگەن خىيالدا ئۆيىگە باردىم. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇچۇمدا، ئۇنىڭ ئاپىسى بۇرۇن ماڭا بەرگەن سەئىدنىڭ كىيىملىرى بار ئىدى. سەئىدنىڭ ئاپىسى مېنى بىر نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا ئەۋەتتى.

بازاردىن كەلسەم، سەئىد، ئاپسى بىلەن ئاشخانا ئۆيدە ئىكەن. كىرىشمگە ئۇ قولۇمنى تارتىپ، قوپاللىق بىلەن، "كىيملىرىمنى سال" دەپ ۋاقىرىدى. ئاپسى خاپا بولغان ھالدا ئۇنى ئەيىپلەپ، ئاشخانىدىن چىقىرىۋەتتى.

ئاندىن، سەئىدنىڭ ئاپسى، ماڭا بىر نەچچە رۇپىيە بېرىپ:

بۇ پۇلدىن بىر رۇپىيەنى ئۆزەڭ ئېلىپ، قالغىنىنى ئاپاڭغا بەر دېدى. ئۇ يەنە، بۇنى يەڭلار دەپ، بىر كورا پولونىمۇ قوشۇپ بەردى. مەن سەئىد ئاپىسغا رەھمەت ئېيتىپ، كورىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتتىم.

ئۆيگە كېتىۋاتقاندا، سەئىد بىر دوستى بىلەن ماڭا ئۇچرىدى. مەن ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئورۇنغىنىمدا، ئۇلار قولۇمدىكى كورىنى تارتىۋالماقچى بولۇپ تالاشتى. شۇنىڭ بىلەن، كورا يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، ئىچىدىكى پولو چېچىلىپ كەتتى. مەن يىغلاي دەپ قالغاندىم. ئۇنى ئازدەپ، سەئىد ئاغىنىسى بىلەن كىيملىرىمنى كۆچىنىڭ بېرىچە تارتىپ، سالدۇرۇۋەتمەكچى بولدى. مەن بىر ئامال قىلىپ قاچاي دېسەممۇ، ئۇلاردىن قۇتۇلالمىدىم.

ئاندىن ئۇ دوستىغا: قارا! بۇ كىچىك مالاي، مېنىڭ كىيملىرىمنى كىيىۋاپتۇ، دەپ ۋاقىرىدى.

ئۇ بەلبېغىمنى تارتىۋالماقچى بولغىنىدا، مەن ئۆملىگەن پېتى كورىنى ئېلىپ سەئىدنىڭ يۈزىگە بىرنى سېلىۋىدىم. ئۇ قاتتىق ۋارقىرىغان پېتى يىقىلدى. ئارقىدىن دوستىغىمۇ بىرنى سالدىم. شۇنداق قىلىپ، ئۇ دەلدەڭشىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆيگە تىكىۋەتتىم.

شۇ قالايمىقانچىلىقتا، مەن سەئىدنىڭ ئاپسى بەرگەن پۇلنى يۈتتۈرگەنىدىم. مەن سەئىدنى ئۇرۇپ قويغانلىغىم ئۈچۈن، قورقۇپ، ھاجەتخاناغا كىرىۋالدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي، دەرۋازىنىڭ قېقىلغانلىقى ئاڭلىدىم. قوشنىلار بولغان ئىشنى ئاتا ئانامغا ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن دادام

ئۇددۇل ھاجەتخانىغا كىلىپ:
مەخسۇت، تېزدىن بۇياققا چىق! ئاڭلىدىڭمۇ؟ چىق دەيمەن!    دەپ ۋارقىرىدى.
مەن تىترەپ چىققىنىمدا، ئۇ مېنى ئۇرۇپ سىرىتتىكىلەرنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئەچىقتى. ئۇ ئاچچىغى بىلەن:
مانا بۇ ھېچنىمگە ئەرزىمەس شۇم. بولسا ئۇنى ئۆلتۈرۋېتىڭلار! ئۇ بىزگە كېرەك ئەمەس!    دېدى.
دادامنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن ئېيتقان دەھشەتلىك سۆزلىرىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم. مەن دادامنىڭ بۇنچىلىك خاپا بولغىنىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۆلۈم خىيالىمغا كەلدى. ئالدىمدا، سەئىدنىڭ غەزەبلەنگەن ئاكىسى پەيدا بولۇپ، مېنى ئۇۇپ   تېپىشقا باشلىدى. مەن يەرگە يېقىلغاندىن كېيىن، يۈزۈمنى قولۇم بىلەن توسۇۋالغان بولساممۇ، ئۇ تېپىشنى توختاتمىدى. ئاخىرىدا، بىرسى كېلىپ ئۇنى تارتىپ ئەكەتتى. ئاندىن، يەنە بىرسى مېنى تۈرغۈزۈپ:
بۇ يەردىن يوقال!    دېدى.
مەن پۈتلۈشۈپ ئالدىغا يۈگۈردۈم. مەن ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك يۈگۈرگىنىمنى بىلمىدىم. ئاخىرى، مەن دەريا بويىدا تۈرغان چوڭ بىر تاشنىڭ يېنىغا كىلىپ قاپتىمەن. شۇ پەيتتە، بىرەر ئىشنى ئويلىغۇدەك ھالىم قالمىغانىدى. خۇددى پۈتۈن بەدىنىم ئىششىپ قالغاندەك بولۇپ،  بېغىشلىرىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. مەن ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ يىغلىغاچ مۇشتۇمۇمنى خۇداغا تەڭلىدىم.
«ئى ئاللا، سەن نېمە ئۈچۈن مېنى قۇتقۇزمىدىڭ؟ سەن شۇنداق رەھىمسىز! باغرىڭ شۇنداق قاتتىقمۇ؟ سەن نېمە ئۈچۈن مېنى بۇنداق ئەسكى، رەھىمسىز ئائىلىدە تۇغدۇردۇڭ! ئۇلارنىڭ مەن بىلەن كارى يوق، ماڭا قىلچىمۇ

كۆيۈنمەيدۇ. ئەمدى سەن... سەنمۇ مەندىن ۋاز كەچتىڭ. شۇنداق، مەندىن ۋاز كەچتىڭ! بۈگۈندىن باشلاپ مەن ساڭا دۇئا قىلمايمەن. مەن سەندىن شۇنچە كۆپ ياردەم سورىسىممۇ، سەن ئاڭلىمىدىڭ. بۈگۈن مەن ناھەق تاياق يېدىم. ئۇلار مېنى رەھىمسىزلەرچە ئۇردى. لېكىن، سەن مېنى قۇتقۇزمىدىڭ!» دەپ شۇ تاشنىڭ ئۈستىدە ئاسمانغا قاراپ قاتتىق ۋاقىرىدىم.

«ئاللا سەن رەھىمسىز ئىكەنسەن. سەن بىر رەھىمسىز پادىشاھ. مەن دائىم سېنى ئالراھمان، ئالرەھىم دەيمەن. ئەگەر، سەن ھەقىقەتەن شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان بولساڭ، ئەمسە ماڭا گەپ قىلمامسەن؟! بۈگۈن، بۇ ئايەم كۈنى، مەن ئۆيۈمدىن ھەيدەلدىم. سەن مېھرىبان ئەمەس، بىر باغرى قاتتىق خۇدا ئىكەنسەن. سېنىڭ باغرىڭ قاتتىق بولغاندىكىن، نېمە ئۈچۈن ھەممىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيسەن؟! نېمە ئۈچۈن بىزنى قىينايسەن؟ ماڭا جاۋاب بەر! ئەي خۇدا، مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ »

مەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بېشىمنى تاشقا ئۇردۇم. بۇ ۋاقىتتا، چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما يەر زېمىننى زىل زىلىگە كەلتۈردى. مەن ئاسماندا قارا بۇلۇتلارنى كۆردۇم، گۈلدۈرماما ئاۋازى قۇلاقنى يېرىۋەتكىدەك دەھشەت ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بۇلۇتلار يامغۇرنى ئۈستى بېشىمغا قۇيۇۋەتتى.

بۇ ۋاقىتتا، مەن نۇھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى كەلكۈننى ئويلاپ، مېنى قورقۇنۇچ باستى. باياتىن دىگەن «سەن نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيسەن؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى قىينايسەن؟» دېگەن سۆزلىرىمنى ئېسىمگە ئېلىپ قورقىنىمدىن تىترەپ كەتتىم. مەن ئۆزۈمنى بۇ چېلەكتە قۇيغاندەك يامغۇردىن دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ چوڭ قورام تاشنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدىم. خۇدا راستىنلا مېنىڭ جېنىمنى ئالامدۇ نېمە؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ

قورقتۇم. چۈنكى، مېنىڭ ئۆلگۈم يوق ئىدى.

توساتتىن، بىر دەھشەتلىك چاقماق يېنىمدىكى بىر يەرنى سوققانىدى. مەن قورققىنىمدىن ۋارقىراپ كەتتىم. بۇنى كۆرۈپ، چاقماق ئارقىدىن مېنى سوقارمۇ دىگەن ئويدا بولدۇم. مەن چاقماق سوققان يەرنى قارسام، چاتقاللىقتا كىچىككىنە بىر دۆۋە ئوتنى كۆردۇم. ئۆت بىردەمدىلا كۆيۈپ ئۆچۈپ، ئىسى يامغۇردا تارقىلىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، قۇرئاندىكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسەسى ئېسىمگە كەلدى. ئۇمۇ چاتقاللىق ئىچىدە كۆيۈۋاتقان ئوتنى كۆرگەنىدى. مەن قورقۇپ، ئۆزەمنى ناپاك ھېس قىلدىم. دەرۋەقە، خۇدا بۇ يەردە! ئۇ مېنى كۆرىۋاتىدۇ! دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا گۇناھىمنى كەچۈرۈش ئۈچۈن ئۈنلۈك ئاۋازدا دۇئا قىلىشقا باشلىدىم.

يامغۇر  بارا   بارا پەسەيگەندىن كېيىن، مەن يوغان قورام تاشنىڭ ئاستىدىن ئۆملەپ چىقىپ، ھېلىقى چاتقاللىققا قارىدىم. ئىككىلەنگەن ھالدا، ئالدىمغا سەل داجىپ قارىسام پەقەت كۆيۈپ كەتكەن چاتقاللىقنى كۆردۇم. خۇدا بىلەن تاكاللاشقىنىمدا، خۇدا شۇ يەردە بولغان بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىدۇم. دەل شۇ چاغدا يەنە بىر قېتىم قىسقىلا چاقماق چاقدى. مەن ئۆزۈمنى يەرگە ئېتىپ.

«ياق، ياق، خۇدا، مېنى كەچۈرگىن! » دەپ توۋلىدىم. شۇ ۋاقىتتا، كېيىنكى قېتىم چاقماق چوقۇم مېنى سوقۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ دەپ جەزىم قىلدىم. لېكىن، چاقماق مېنى سوقمىدى.

مەن ئاستا بېشىمنى كۆتۈرسەم، ئۇ يەردە ھېچنېمە يوق ئىكەن. يامغۇر توختىغاندىن كېيىن، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەنت تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم. كېتىۋېتىپ، نەچچە قېتىم كەينىمگە قارىغان بولساممۇ ھېچنېمىنى كۆرمىدىم.

يول بويى، بولغان ئىشلارنى ئويلاپ ماڭدىم، بىر ۋاقىتتا قارىسام

مەھەللەمگە كېلىپ قاپتىمەن. مەھەللىگە كېلىشىمگە، پېشىمگە توۋلانغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇڭا مەن ئۇدۇللا، مەسچىتكە قاراپ ماڭدىم. مەچىتكە كىرىشىمگە، ئۇستى بېشىم لاي بولغاچقا بەزىلەر ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراشتى. ئۇلار بىلەن كارىم بولماي، ئۇدۇل تاھارەت ئالغىلى ماڭدىم. تاھارەت ئالغاچ، كىيىملىرىمدىكى ئەڭ پاسكىنا يەرلەرنى تازىلىۋېتىپ، زالغا كىرىپ ناماز سېپىگە ئۇن تىنىسىز قوشۇلۇۋالدىم.

ناماز تۈگىگەندىن كېيىن، بىر ئادەم كېلىپ، غەزەپ بىلەن قولۇقۇمنى تارتىپ، مېنى سۆرىگەن پېتى مەسچىتتىن ئېلىپ چىقتى. ئۇ مېنى شاپىلاقلاپ:

ئەگەر، ناماز ئوقۇماقچى بولساڭ، باشتا بېرىپ ئىشتىنىڭنى ياماپ كەل! دېدى.

ئۇ مېنى ئىتتىرىۋەتكەندە، نومۇس قىلغىنىمدىن قىزىرىپ كەتتىم. مەن دەريا بويىدا يىقىلغان ۋاقتىمدا، ئىشتىنىمنىڭ كەينى يىرتىلىپ كېتىپتىكەن. مەن بۇنىڭدىن قاتتىق نومۇس قىلدىم. شۇنداق قىلىپ يول بۇيى دەكۈ دۈكىدە، خەقلەر قوڭامنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرگەن ھالدا ئۆيگە يۈگۈرۈپ باردىم.

ئۆيگە كەلسەم، ئىشىك ئېتىككەن. مەندە ئىشىكنى ئاچقىدەك ۋە ياكى چەككىدەك جۈرئەت يوق ئىدى. قورسىقىم ئاچ بولغاچقا، ئەتىگىنى پولو تۆكۈلۈپ كەتكەن جاي بىلەن پۇل ئېسىمگە كەلدى. شۇڭا مەن سەئىد بىلەن سوقۇشقان جايغا قايتىپ بېرىپ پۇلنى تاپالمىغان بولساممۇ، پولو شۇ يەردە چېچىق پېتى تۇرۇپتۇ. ئەتراپقا قاراپ بېقىپ، بىر سىقىم پولونى يانچۇقىمغا سالدىم. يەردىن يەنە ئازراق ئېلىپ يېسەم پولوغا لاي ئارلىشىپ كەتكەچكە، گېلىمدىن ناھايىتى تەستە ئۆتتى. شۇنداقتىمۇ، ئاچ قورساق بولغاچقا،

ھەممىسىنى يەۋەتتىم.

شۇنداق قىلىپ، نەگە بېرىشىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا، دوستۇم ئەخمەد ئېسىمگە كەلدى. بۇ ھېيتتا ئۇنىڭ ئۆيىنى ھېيتلەپ بارمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇ يەرگە بارسام بولغۇدەك دەپ ئەخمەدنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدىم. ئۇلارنىڭكىگە بارسام، قورسىقىمنى تويغۇزۇپ، يىپ يىڭنە سوراپ ئىشتىنىمنى يامىۋالارمەن دەپمۇ ئويلىدىم.

مەن ئەخمەدنىڭ ئۆيىگە بارسام، ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىدى. مەن ئىشىكنىڭ يېنىدا ساقلاپ تۇرسام، ھېچكىم كەلمىدى. مەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، كەينى كوچىدا چۆگىلەپ يۈرسەم، بىلە بىلمەيلا، ئۆيلىرى خام كېسەكتىن سېلىنغان خاراب بىر مەھەللىگە كېلىپ قاپتىمەن. بۇ مەھەللىدە ئەيسا ئېتىقادچىلىرى تۇراتتى. ئۇلار ئەسلى، تۆۋەن تەبىقىدىكى بۇتپەرەس مىللەتتىن ئىدى. لېكىن ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ھىندى دىنى ئۇلارغا يا روھىي يا ماددىي مەنپەئەت يەتكۈزەلمىگەچكە، ئۇلار باشقا بىر دىنغا كىرەيلى دەپ خرىستىيان مىللەتكە ئايلاندى. پاكىستاندا ئۇلار پەقەت ھاجەتخانىلارنى تازىلاشقا ئوخشاش، كىشىلەر ئەڭ تۆۋەن كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىشقىلا مەجبۇر بولدى. شۇ سەۋەبدىن پاكىستانلىقلار ئۇلارنى "گاداي تازىلىقچىلار" دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز دىنىنىڭ ئەھكاملىرىدىن ھېچقانداق خەۋىرى يوق ئىدى. لېكىن مەن كېيىنكى يىللاردا، ئۇلاردىن بەزىبىر شۇنداق ئىخلاسمەن ئېتىقادچىلار بىلەن تونۇشقان ئىدىم.

ھېچقانداق مۇسۇلمان ئەگەر زۆرۈرىيىتى بولمىسا، بۇ "گاداي تازىلىقچىلار" بىلەن قەتتىي ئارىلاشمايتتى. ئەمدى، مەن بۇ «گاداي تازىلىقچىلار» نىڭ مەھەللىسىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ شۇنداق كۆڭۈللۈك ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.

ئۇلارنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرى، مېنى ئىككى يىل ئالدىدىكىدەكلا يەنە جەلپ قىلدى. مەن ناخشا ئاۋازى چىقىۋاتقان ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئۇ يەرگە بارسام، ئىشىك يوغان ئوچۇق تۇرۇپتۇ. هويلىدا چوڭلار ۋە بالىلار قوشۇلۇپ، يىگىرمىدەك ئادەم بولۇپ، ئۇلار ئەيسا پەيغەمبەر توغرۇلۇق بىر ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا قولىغا كىتاب ئالغان بىر كىشىنى كۆردۇم. ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابنىڭ، مەن بۇرۇن مۇهەممەد ئىسمائىلنىڭ ئۆيىدە كۆرگەن ھېلىقى مۇقەددەس كىتاپ ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم.

هويلىدىكىلەردىن بەزىلىرى مېنىڭ تالادا تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار ماڭا كۈلۈمسىرگەن ھالدا، مېنى كىرگىن دەپ قوللىرى بىلەن ئىشارەت قىلدى. مەن دەسلەپتە ئىككىلەنسەممۇ، ئاخىرى كىرىپ ئەرلەر بىلەن بىر پالاسدا ئولتۇردۇم. مەن ئىشتىنىمنىڭ يىرتىقىنى ئۇلار كۆرمىسۇن دەپ بەكمۇ ئاۋايلاپ ئولتۇردۇم. ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى ناخشىسىنى تۈگىتىپ، دۇئا قىلىپ تارقاشقا باشلىدى. قېشىمدا ئولتۇرغان كىشى ماڭا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، "تۈگىدى" دېدى.

مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېڭىشىمغا، ئاردىن بىر ئايال ھېلىقى مۇقەددەس كىتاب تۇتقان كىشىگە، مېنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دىگەندەك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، مۇرەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ئوغلۇم، كىم بولىسەن؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا تۇرىدىغان بىر دوستۇمنى ھېيتلاپ كەلسەم، ئۇ ئۆيىدە بولمىغاچقا، چۈگىلىگەچ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىمنى ئېيتتىم.

بىرسى جامائەتنىڭ باشلىقى بولغان بۇ كىشىگە بىر پىيالە چاي كۆتۈرۈپ كەلگەندى. ئۇ مېنىمۇ بىرگە چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. بىز سۆپىدا

ئولتۇرۇپ بىللە مۇڭداشتۇق. ئاردىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، مەن ئۆزۈمنىڭ جامائەت باشلىقى ۋە ئاشۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن قالغىنىمنى، باشقىلارنىڭ ئالللىبۇرۇن كېتىپ قالغانلىقىنى بايقىدىم. مەن ئازراق خىجىل بولغان هالدا:

ئاكا، مەن قايەردىن مۇقەددەس كىتاپ تاپالايمەن؟ دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ ماڭا ناهايىتى مۇلايىم قاراپ،

ئۇنى تاپماق ئانچە تەس ئەمەس. لېكىن سىنىڭ ئاتا ئاناڭ ۋە دوست بۇرەدەرلىرىڭ ساڭا ئۇنى ئوقۇتقۇزمايدۇ؟ دېدى.

ھېچقىسى يوق، مەن ئۇنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي ئوقۇيمەن، دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇ بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، يېنىدا تۇرغان بىر سومكىدىن، بىر كىتابنى ئېلىپ:

مانا، بۇنى ئالغىن. بۇ ئىنجىل شەرىف. سەن بۇنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ساڭا تولۇق مۇقەددەس كىتاپنى بېرىمەن، دېدى. مەن كىتابنى ئېلىپ ئىنتايىن خۇش بولدۇم ھەم ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئۇ ئالدىمدىكى چاينى ماڭا سۇنۇپ تۇرۇپ:

چېيىڭنى ئىچكىن! بولمىسا سوۋۇپ قالىدۇ، دېدى.

مەن چىيىمنى ئىچۋېتىپ، ئۆزۈمنىڭ تۇنجى قېتىم، باشقا دىندىكى كىشلەر بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرغىنىمنى ئويلىدىم. ئادەتتە، پاكىستانلىقلار، ھەرگىزمۇ ئۆزلىرى تۆۋەن كۆرىدىغان ئەيسا ئېتىقادچىلىرى بىلەن بىر داستىخاندا بولمايتى. مېنىڭ ھەم قورسىقىم ئاچ ھەم بېشىم ئاغرىپ تۇرغاچقا، چاي ماڭا ناھايىتى خوش ياقتى. بىر نەچچە مىنۇت سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ، ئاندىن جامائەت باشلىقدىن:

ئاكا، خۇدانىڭ ئايالى ھەم پەرزەنتى بولمىسا سىلەر نېمە ئۈچۈن ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى خۇدانىڭ ئوغلى دەيسلەر؟ دەپ سورىدىم. بۇ كىشى

كۇلۈپ تۇرۇپ،

ئىسمىڭ نېمە؟ دەپ سورىدى.

مەخسۇد ئەخمەتجان دىدىم.

ئۇنداقتا مەخسۇت، ئەگەر مەن ساڭا: «ئوغلۇم، كېلىپ بۇ ئىشنى ماڭا قىلىپ بەرگىن!» دېسەم سېنى ئوغلۇم دەپ ئاتىغانلىقىم ئۈچۈن، سەن مېنىڭ ئوغلۇم، مەن سېنىڭ داداڭ بولۇپ قالامدىم؟ دېدى.

مەن بېشىمنى سىلكىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنى چۈشەندىم. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

- ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى خۇدانىڭ ئوغلى دىيىشمۇ، مۇشىنىڭ بىلەن ئوخشاش. ئەيسا ئەلەيھىسسالام روھي جەھەتتىن خۇدانىڭ ئوغلى بولۇپ، خۇدا بولسا، روھي جەھەتتىن ئۇنىڭ ئاتىسى، دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ مېنىڭ بۇ سۇئالىمنى، ناھايىتى ئاددى قىلىپلا چۈشەندۈرۈپ بەردى. كېيىن، ئۇ بۇ مەھەللىگە كېلەر ئايدا يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كېتىپ قالدى. مەنمۇ شۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ، ئەخمەدنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. يول بويى خىيالغا چۆكتۈم.

ئەخمەتنىڭكىگە بارسام، ئىشىك يەنىلا قۇلۇپلاقلىقكەن. بۇ ۋاقىتتا قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغان ئىدى. مېنىڭ دىگەندەك مىجەزىم يوق ئىدى. پۈتۈن بەدىنىم ئاغرىۋاتاتتى ۋە يامغۇر يەنىلا يېغىۋاتقاچقا، مەن بەكمۇ توڭلاپ كەتتىم. مەن قولۇمدا ئىنجىل شەرىفنى تۇتقان پېتى، ئىككى پۇتۇمنى چىڭ قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ، بارا بارا ئۆزۈم ھېس قىلمىغان ھالدا ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن.

هوشۇمغا كەلسەم، ئۆيدە ئۆزەمنىڭ كارىۋىتىدا يېتىپتىمەن. يېنىمدا ئەخمەدنىڭ دادىسى بىلەن دادام تۇراتتى. روشەنكى، ئەخمەتنىڭ دادىسى مېنى ئۆيگە ئەكىلىپ قويغان ئىدى. دادام مېھرىبانلىق بىلەن بېشىمنى سىلاپ ئۇنىڭغا تەشەككۇرنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپتىكەن. ئەخمەتنىڭ دادىسى قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، «بۇنىڭدىن كېيىن يامغۇردا قايتا لاغايلاپ يۈرمىگىن» دەپ نەسىھەت بېرىپ قايتتى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشىگىلا يۈرىكىم جىغغىدە قىلدى. قارىسام، يېنىمدىكى ئىنجىل يوق! ئۈستىمدە قۇرۇق كېيىم ئالماشتۇرۇقلۇق بولغاچقا، كىتاپنى چوقۇم بىرسى كۆرۈپ ئېلىۋالدى دەپ ئويلىۇدۇم. دادام كۆرۈپ قالغان بولسا، مېنى يەنە ئۇرارمۇ؟ دەپ دادامنىڭ چىرايىغا ئېھتىيات بىلەن قارىدىم. دەل مۇشۇ چاغدا، ئاپام بىر پىيالە چاي ۋە بىرقانچە ئاسپىرىن تابلىتكىسىنى ئېلىپ كىردى. بۇ چاي ماڭا شۇنداق خوش ياقتى.

مەن چاينى ئىچىۋېتىپ، دادامنىڭ قېشىدىكى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە ئىنجىلنىڭ تۇرغانلىغىنى كۆردۇم. دادام مېنىڭ ئۇ كىتابقا قاراۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، كىتابنى ماڭا سۇنۇپ تۇرۇپ:

ئەگەر، سەن بۇ كىتابنى ھېكايە سۈپىتىدە ئوقۇساڭ مەيلى مەخسۇت، ئەمما سەن بۇ  توغرىلىق كۆپ ئويلانما. تولا سۇئال سوراپ تالاش   تارتىش قىلساڭ، سەن كاللاڭدىن كېتىپ قالىسەن. ئاللا ساڭا ئەقىل   ئىدراك ۋە بىلىمگە بولغان تەشنالىقنى ئاتا قىلدى. ئەگەر، سەن ياردەمگە مۇھتاج بولساڭ كېلىپ ماڭا ئېيت. سېنىڭ پەقەت بىر يىللا ئوقۇشۇڭ قالدى. مېنىڭچە، مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، سەن بىزنىڭ ئەخمەدىيە دىن تارقىتىش مەكتىۋىگە بېرىپ، بىر دىن تارقاتقۇچى بولۇشۇڭ كېرەك. ھەممىمىز، سېنىڭ شۇنداق قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمىز!   دېدى.

ماڭا ئاچچىقلىنىپ ۋاقىرغاندىن بۆلەك، يىلدا بىر ئېغىزمۇ ئارتۇق گەپ قىلمايدىغان دادام، ئەمدى يېنىمدا ئولتۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن توختىماي سۆزلىۋاتاتتى. ئۇ يەنە داۋاملاشتۇرۇپ:

ئوغلۇم، سەن دىن تارقىتىش مەكتىۋىگە كىرگەندىن كېيىن، بارلىق ـ ئېلىمنىڭ ھەممىسىنى خالىغانچە ئۆگىنەلەيسەن. ئۇ يەردە سەن بىز مەزھىپىمىزنىڭ، ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنىمۇ ئۆگىنىسەن. ئۇلار ھەتتا ساڭا ئاشۇ بىزنى كۇپپار دەيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھەمدە ئەيسا ئېتىقادچىلىرىنىڭ تەلىملىرىدىن تارتىپ ھەممىنى ئۆگىتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، سەن بارلىق دىنلاردا خۇدا توغرىلىق زادى نېمە دەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ بىلىسەن. سەن ئەمدى بۇرۇنقىدەك كىچىك بالا ئەمەس. مەن بۇرۇن كۆڭلىڭنى ئاغرىتقان بولسام، مېنى كەچۈرگىن! مەن راستىنى ئېيتسام، سېنىڭ ئۆگىنىۋىشىڭنى دىگەندەك قوللاپ كەتمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوقۇش راسخوتىڭنى تۆلىيەلمىدىم

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاھ ئۇرغان ھالدا، «توغرا مەخسۇت، مېنىڭ تويلىرىم ماڭا بەخت ئېلىپ كەلمىدى. تۇنجى ئايالىم ۋە باللىرىم ئۆلۈپ، مېنى يالغۇز تاشلاپ قويىدى. مەن سېنىمۇ مېنى مۇشۇنداق تاشلاپ كېتەمدىكىن دەپ قورقىمەن. بۇنداق بولىدىغان بولسا، قەتتىي چىدىيالمايمەن. بۈگۈن سەن بىلەن سوقۇشقان بالىلارنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. لېكىن مەخسۇت، ماڭا نېمە ئامال بار؟ دېدى.

دادامنىڭ سۆزىنىڭ ئاڭلاپ، مەن بەك ھەيران قالدىم. نېمە دېيىشنى بىلمىدىم. دادام نېمانداق غەلىتە نەرسىلەرنى دەيدىغاندۇ؟! مەن ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرسام، ئاپام دادامغا:

ھازىر لېكسىيە سۆزلەيدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئۇخلايدىغان ۋاقىت بولدى!

سلى يېتىپ قالسىلا، كېيىن بىر ۋاقىت تېپىپ، ئوغللىرى بىلەن بۇزۇلغان مۇناسىۋەتنى ئوڭشىغايسىلە!   دەپ رازى بولمىغان هالدا ئۇنىڭغا كايىدى. دادام گەپ قىلماستىن، خىجىل بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئاندىن ئاپاممۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، مەن ئۇلارنىڭ ياتاق ئۆيىدىن چىققان، ئۇرۇشىۋاتقان ئاۋازىنى يەنە ئاڭلىدىم.

مەن ئىنجىلنى ئېلىپ، خالىغان بىر يەرنى ئېچىپ، خېلى ئۇزاققىچە ئوقۇدۇم. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن، سىرتتىن كەلگەن ئاياق تېۋىشىنى ئاڭلاپ، ئىنجىلنى دەرهال ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ، ئۇخلىغان بولىۋالدىم. ئاپام كىرىپ مېنى ئۇخلاپ قالدى دەپ، چىراقلارنى ئۆچۈرۈۋېتىپ چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنى كېچىچە شۇنداق شىرىن ئۇخلاپتىمەن.

ئەتىگىنى ئويغانسام، ئەخمەد ۋە ئۇنىڭ ئاپىسى كارىۋېتىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار مېنىڭ ئەهۋالىمنى بىلمەكچى بولۇپ مېنى يوقلاپ كەلگەن ئىكەن، مەن ئۇلارنى كۆرۈپ ناهايىتى خۇشال بولدۇم. مەن ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولغىنىمدا ئۇلار رۇخسەت قىلمىدى. ئاندىن بىز بىردەم مۇڭداشتۇق. ئەخمەدنىڭ ئاپىسى ئاپام چاي ئېلىپ كىرگىلى چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ماڭا يىگىرمە رۇپىيە بەردى. بۇ بىز ئۈچۈن ناهايىتى كۆپ پۇل بولغاچقا، مەن ئىككىلىنىپ  قالدىم.  ئۇ دەرهال ماڭا:

بۇنى كىتابلىرىڭ ئۈچۈن ئىشلەت بالام. ساڭا بەرگەن هېيتلىق بولۇپ قالسۇن. ئىشتىك يانچۇغىڭغا سال، بولمىسا ئاپاڭ كۆرۈپ قالىدۇ،   دېدى.

مەن  ئۇنىڭغا رەهمەت ئېيتىپ، پۇلنى ياستۇقىمنىڭ ئاستىغا تىقتىم. كېيىن، ئەخمەدنىڭ ئاپىسى ئاپام بىلەن پاراڭلاشقىلى چىقىپ كەتتى.

مەن ياستۇقۇمنىڭ ئاستىدىن ئىنجىلنى ئېلىپ، ئەخمەتكە كۆرسەتتىم. ئۇ كىتاپقا بىر قاراپ قويۇپلا ماڭا قايتۇرۇپ بەردى.

نېمە بولدى؟ ئوقۇپ باققىن!    دېدىم.
ئەخمەد بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:
ياق مەخسۇت، مەن ئۇنى ئوقۇمايمەن. مەن تېخى ساراڭ بولۇپ قالغىنىم يوق ھەم ساراڭ بولغۇممۇ يوق،    دېدى. مەن:
ئەخمەت، نېمە دەۋاتىسەن ؟   دەدىم.
ئاغىنە، مەن بۇ كىتابنىڭ كۆپ قىسمىنى ئوقۇغان. دادام ماڭا بۇ كىتابنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى، مەيلى ئەيسا  ئېتىقادچىلىرى بولسۇن ياكى بىزنى ئەخمەدىيە كۇپپارلىرى دەپ ئاتايدىغان ئاتالمىش مۇسۇلمانلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ ھەقىقى يولىدىن ئازغان. ئۇلارنىڭ دىنى ئەقىدىلىرى، بىزنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ كۇپپارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مىرزا غۇلام ئەخمەدكە ئېتىقاد قىلمايدۇ. ئۇلار ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقۇچىلاردۇر،    دېدى.
مەن قاتتىق ھەيرانلىق بىلەن دوستۇمغا قاراپ قالدىم. چۈنكى، ماڭا سۆزلەۋاتقىنى باشقا بىر ئەخمەد ئىدى. ئۇ ئەخمەدىيە دىنى تارقىتىش مەكتىپىدە ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن، ئۆز دادىسىنىڭ ئىزىنى باسماقچى بولدى. ئۇ بىزنىڭ مەھىپىمىزنىڭ تەلىماتلىرىغا قوشۇلمايدىغان بارلىق نەزىرىيەلەرگە قاتتىق قارشى تۇراتتى.
ئەخمەد بىزنىڭ مەزھىپىمىزنىڭ، ئىنجىل ۋە ئەيسا ئېتىقادچىلىرىغا قارشى دەلىل  ئىسپاتلىرىنى ماڭا بىر ئاز سۆزلەپ بەردى. ئاندىن ئاپىسى ئۇنى چاقىرىپ، ئۇلار قايتتى. ئەخمەدنىڭ ماڭا ئېيتقان سۆزلىرى مېنى قاتتىق بىر ئويغا سالدى. خۇدا قەلبىمدە بىر نېمە دېگەندەك قىلدى. لېكىن ئۇنىڭغا دوستۇم ئەخمەت قوشۇلماسلىقى مۇمكىن. مەيلى ئۇنىڭ كۆز قارشىنىڭ قانداق بولۇشتىن قەتئى نەزەر، مېنىڭ كۆڭلۈم بۇ ئۆمۈرلۈك دوستۇمغا بەك يېقىن

ئىدى.

شۇ ئاخشىمى، مەن كارىۋىتىمدا ئۇيىاقتىن  بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالماي قالدىم. كاللامدا ھەرخىل قالايمىغان ئويلار پەيدا بولۇپ، مەن ئۆزۈمنى بەكلا ئېغىر ھىس قىلدىم. شۇ ۋاقىتتا يەنە بىر قېتىم، ئاپامنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ، دادامغا مەن توغرۇلۇق دەۋا قىلىۋاتقانلىقى ئېسىمگە كەلدى. ئاپام:
ۋاي خۇدايىم، مېنىڭ ھاياتىم نابۇت بولدى. ئوغلۇم شۇ گاداي تازىلىقچىلىرىنىڭ تەلىمىنى ئاڭلاپ بىزنىڭ يۈز  ئابرۇيىمىزنى تۆكتى. ئۇ بۇتلارغا چوقۇنىدىغان بىر كاپىر بولۇپ كەتسە قانداق قىلارمىز. ئۇ... بىزگە... ھەقىقەتكە قارشى چىققان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ساراڭ بولۇپ قوپتۇ! ...ساڭا ئوخشاش يارىماس بولۇپ كېتىدىغان بولدى. ۋاي ئىست! مېنىڭ ئوغلۇم!   دەپ ھۆكرەپ يىغلاۋاتاتتى.

مەن ئۇزۇنغىچە ئۇخلاشقا ئورۇنساممۇ، ئۇيقۇم قەتئى كەلمىدى. مەن ئۆزەمدىن، «بىزنىڭ ئەخمەدىي مەزھەپتىن ئايرىلسام بولارمۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلسام قانداق بولار» دىگەندەك سۇئاللارنى سورايتتىم. نىملا دېگەن بىلەن ئۆزەم ئەخمەدىي مەزھەپىنىڭ بىر ئەزاسى  دە، دەپ ئۆزەمگە تەسەللى بەردىم.  مەن مەزىپىمىزدىن ئايرىلسام، قايسى بىر دىنغا ئىشىنەتتىم؟  بۇ ۋاقىتتا، ئىچىمدە بىر ئاۋاز «ئىسلام» دەپ پىچىرلىغاندەك قىلدى.
ئىسلام! قايسى ئىسلامغا؟ سۈنى مەزھىپىگىمۇ؟ ياكى شىئەگىمۇ؟ ئىسلامدىكى سەككىز چوڭ مەزھەپىنىڭ قايسىسىغا؟ بۇ سۇئاللار خۇددى ماڭا ئالدىمدا بۆسۈپ ئۆتكىلى بولمايدىغان يوغان بىر تامدەك تۇيۇلدى.
ئىنجىل ۋە ئەيسا ئېتىقادچىلىرىچۇ؟ ئۇلار توغرۇلۇق ئېيتىلغان سۆزلەر

راسمدۇ؟ ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئۈچ خۇداغا ئېتىقاد قىلامدىغاندۇ؟ بىز پەقەت بىر ھەقىقىي خۇدانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمىز. ئۇ بولسا ئاللا. ئاللا شەپقەتلىق ۋە مېھرىباندۇر ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ... ئۇ راستىنلا ئاللانىڭ پەيغەمبىرىمدۇ؟ دىگەندەك سۇئاللار كاللامدا تەكرارلىنىپ تۇردى. مەيدەمگە ئېغىر بىر تاشنى قويۇپ قويغاندەك ھېس قىلدىم. ئۆيلىرىممۇ بارغانسېرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. مېنى خۇددى جىن شەيتانلار مەسخىرە قىلىپ، مېنى چاڭگىلىغا ئېلىپ، مۇشتلاۋاتقاندەك ھس قىلدىم. مېنى تېخىمۇ قورقۇنچ بېسىپ، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتىم.

بىردىنلا خىيالىمغا ئىنجىلدىكى جىنلارنى ھەيدەش توغرىسىدىكى بىر ئايەت ئېسىمگە كەلدى. مەن ئۈنلۈك ۋارقىراشقا ئورۇنساممۇ، مەسخىرە مازاق ئاۋازلار يەنىلا قۇلۇغىمدا جاراڭلايتتى. مەن جىن شەيتانلارنىڭ ماڭا چاپلىشىپ، بەدىنىمنى پالەچ قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. مەن ئۈنلۈك ئاۋازدا:

ئى ئاللا، ماڭا ياردەم قولۇڭنى سۇنغىن! مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن! ئى ھەقىقى خۇدا ماڭا ياردەم قىلغىن! دەپ توۋلىدىم.

باللىق دەۋرىمدىكى ئادەت بويىچە، قۇرئاندىكى ئۈچ سۈرىنى بىر بىرىگە ئۇلاپ تۇرۇپ، تېز ئوقۇدۇم. ئاندىن يەنە بىر قېتىم ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ جىنلارنى قوغلىيالايدىغان كۈچىنى ئويلىدىم. دەل شۇ پەيتتە، بەدىنىمدىكى ئېغىرلىق يېنىكلەپ، مەيدەمدىكى بېسىم يوقالدى. شۇنىڭ بىلەن ھۇجرامنى، جىمجىتلىق ۋە تىنچلىق تولدۇردى. تۇيۇقسىز، بارلىق قورقۇنچ يوقالدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بىر پىيالە سۇ ئىچىۋالدىم. كېيىن كارۋىتىمدا يېتىپ، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى خىيال قىلدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي خۇدانىڭ ئامانلىغى بىلەن شىرىن ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن.

## 5 باب «ھەقىقەتكە تەشنا بولۇش»

مەن ۋاقتىمنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلدىم. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، ئۆگەنگەنلىرىمنىڭ مەقسىتى مەسچىتتىكى ئىماملار جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان سوئاللارنى تېپىش چىقىش ئىدى. مەن ئىسلام دىنى بىلەن ئەيسا ئېتىقادىنى سېلىشتۇردۇم ھەم پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئۆگىنىپ چىقتىم. مەن ھەتتا مەكتەپتىمۇ سوئاللىرىم بىلەن ساۋاقداشلىرىمنى زېرىكتۈرۈۋەتتىم. پۈتۈن ئويۇم ئەتىگەندىن كەچكىچە مۇشۇنداق سوئاللارغا جاۋاپ ئىزدەش ئىدى. مەن ھازىر خۇدانىڭ شۇ چاغدا، قەلبىمگە ھەقىقەتكە بولغان تەشنالىقنى سالغىنىنى بىلىمەن. لېكىن ئۆز ۋاقتىدا بۇنى بىلمەپتىكەنمەن. مەن پەقەتلا ئۆزەمنىڭ ئۆگىنىشۇم كېرەكلىكىنى بىلدىم خالاس. ئۆگىنىشكە بېرىلگەنسىرى قەلبىمدىكى ھەقىقەت تېپىش ئارزۇيىممۇ كۆچىيىشكە باشلىدى.

بىراق، ھەقىقەتنى ئىزدەش جەريانىدا، مەن چوڭ بىر دوقمۇشقا كېلىپ قالدىم. مېنىڭ ئالدىمدا ئۈچ يول تۇرغۇدەك. ئۇلار ئەخمەدىيە مەزھىپى، باشقا ئىسلام مەزھەپلىرى ۋە ئەيسا ئېتىقادى ئىدى. بىرىنچىسى، مېنىڭ دادامدەك ئەخمەدىيە مەزھەپدىكىلەر. ئۇلار مىرزا غۇلام ئەخمەدنى ماھدى يەنى ئاخىرقى پەيغەمبەر دەپ چىڭ تۇرىدۇ. بۇ ئېتىقاد، بىزنى كۆپپار ياكى مۇرتەد دەپ ھىساپلايدىغان باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ قۇلىقىغا خۇش ياقمىدى، ئەلۋەتتە. ئەمدى ئەيسا ئېتىقادچىلىرىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بىزنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن نېمىشقادۇ ئۇلار يەنە مېنى شۇنداق جەلپ قىلاتتى. ھەر قېتىم بىر مەسىلىگە يولۇققىنىمدا، بۇ ئۈچ ئېتىقادنىڭ ئۇ مەسىلە توغرۇلۇق نېمە دېگەنلىكىنى چۈشىنىشكە تىرىشاتتىم. 1967 يىلىغا كەلگەندە، مەن

"ئىتفال  ئۆل ئەخمەدىيە" يەنى ئەخمەدىيە پەرزەنتلىرى دەپ ئاتىلىدىغان تەشكىلاتنىڭ رەسمى بىر ئەزاسى بولدۇم. ھەم ئۇزۇن ئۆتمەي "قۇدام  ئۆل ئەخمەدىيە" يەنى ئەخمەدىيە چاكارلىرى دىگەن چوڭ تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى بولۇشۇم كېرەك ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ مېنىڭ كۆپ سۇئال سوراپ، باشقىلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشىمنى ياختۇرمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسچىتتىكى ئاقساقاللارمۇ مېنىڭ شۇنداق كۆپ سۇئال سورىغىنىمنى خاتا دەپ قارايتتى. لېكىن مېنىڭچە، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىمانى شۇنداق كامىل بولغان بولسا، ئۇلار نېمە ئۈچۈن مېنىڭ سۇئاللىرىمغا جاۋاپ بېرىشنى خالىمايدۇ. بۇ، ئۇلار ئۈچۈن مەندەك بىچارە ئازغۇننى توغرا يولغا يېتەكلەشكە ياخشى بىر پۇرسەت ئەمەسمۇ؟ ئەمما ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى. ئەكسىچە، مېنىڭ سورىغان سۇئاللىرىمنىڭ ھەممىسىنى دادامغا دوكلات قىلدى. ئەلۋەتتە دادام، مېنىڭ سۇئاللىرىمدىن ئانچە خۇشال بولمايتتى.

1967  يىلى 3  ئايدا، مەن بارلىق ئىمتىھانلىرىنى بېرىپ، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈردىم. دادام مېنىڭ ئەخمەدىيە دىن تارقاتقۇچىسى بولۇش ئۈچۈن، ئەخمەدىيە دىنىي مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇشۇمنى ئالدىراتتى. ئەگەر دادامنىڭ رايىغا باقسام، ئۇ مەندىن چوقۇم خۇش بولاتتى. لېكىن، مەن بۇنداق زورلاشنى ياقتۇرمايتتىم. شۇڭا، مەن دىنىي مەكتەپكە كىرمەي، كەلگۈسىدە ئوبدان بىر خىزمەت تاپاي دەپ، پەننى مەكتەپكە ئىلتىماس قىلدىم. بۇنىڭدىن دادام بەك رازى بولمىدى.

بىر كۈنى كېچىسى ئۇ ماڭا:

مەخسۇت، سەن نېمە ئۈچۈن باشقا مەكتەپكە بارىمەن دەپ جاھىللىق قىلىسەن؟ بۇنىڭغا قارشى چىقىدىغانلىقىمنى بىلىسەنغۇ!،  دېدى.

مەن  گەرچە ئەنسىرسەممۇ، يەنىلا ئۆزۈمدىن پەخىرلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا

جاۋاپ بەردىم:
دادا، مەن تەغدىرىمنى ئۆزەم بەلگىلىمەكچىمەن. گەرچە مەن سېنىڭ ئوغلۇڭ بولساممۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ سەن كۆرسەتكەن يولۇڭدا شەرتسىز مېڭىشىم كېرەك دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ. مەن بۈنىڭدىنمۇ ياخشى بىر يولنى تېپىشىم مۇمكىن، مەن ھېچنەرسىگە قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلغۇم يوق. بىز ھەممىمىز ئەخمەدىيە مەزھېپىنىڭ توغرا يول ئىكەنلىگىنى ئېتىراپ قىلىمىز. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ مەزھېپىمىز ئىككى تارماققا ـــ بىزنىڭ ئەخمەدىيە كادىئان تارمىغى ۋە لاھور تارمىغىغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ؟ مەن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە توغرا ئىكەنلىكىنى، ھەم ئەيساغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئىنجىلىدە نېمە دەيدىغانلىغىنى ئۆزەم بىلمەكچىمەن.
دادامنىڭ يۈزى قىزىرىپ، غەزەپلەنگىنىدىن چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ماڭا ۋارقىرىغان پېتى:
"مەخسۇت! بولدى قىل! ئاغزىڭنى يۇم! مەن بۇرۇن ساڭا قىلغان سۆزلىرىم ۋە قىلغانلىرىمدىن ئەپسۇسلەنگەنتىم. لېكىن ئەمدى مەن سەندىنتويىدۇم! مەن ساڭا بېكار مېھرىبانلىق قىلىپ، سېنىڭ بۇ سارائلارچە ئۆگىنىشىڭگە ياردەم قىلىپتىمەن. مەن باشقىلاردىن سەن توغرۇلۇق يامان سۆز شىكايەتلەرنى ئاڭلىساممۇ، لېكىن مەن يەنە سېنىڭ ئەشۇ تۈگىمەس سۇئاللىرىڭغا مۇمكىنقەدەر جاۋاب بېرىشكە تىرىشتىم. ئۇنى ئاز دەپ، مەن سېنى چوڭ ئۆلىمالار بىلەن سۆزلىششكە ئاپاردىم ." دىدى.
ئاندىن، ئۇ كىتاب جازىسىنى ئۇرۇپ تۈرۈپ:
مانا، بۇ جازىدىكى كىتابلارنى كۆردىڭمۇ! سېنى ھەقىقەتكە باشلاپ ئاپىرىدۇ دەپ بۇلارنى پۇلۇم يوق بولسىمۇ مىڭ تەستە ئىزدەپ تېپىپ، ساڭا ئالدىم. لېكىن ئۇلار ئەكسىچە رول ئوينىپتۇ.

شۇنداقتىمۇ، ئىشىنىمەنكى، ھامان بىر كۈنى سەن ھەقىقەت نۇرىنى تاپالايسەن. بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل. ئىشقىلىپ بىر كۈنى سەن ھەزرەتى مىرزا غۇلام ئەخمەدنىڭ ھەقىقىي يولىغا قايتىپ كېلىسەن.

مەن بۇرۇن ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز ياخشىلانغاندىن كېيىن، يۇرتتا يۈز تېپىپ، كۈنلىرىمىز بەختلىك ئۆتىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن. لېكىن، سەن بۈگۈن ئۈمىدىمنى يەردە قويدۇڭ. سېنىڭ بۇ بەختتىن شېرىك بولغۇڭ يوق ئوخشايدۇ. سەن ئۆز غەمىڭنى ئويلاپ، بىزنىڭ يۈز ئابرويىمىزنى تۆكىدىغان بولدۇڭ. ئونتۇپ قالما، قولامدىن رەزىللىكمۇ كېلىدۇ. ئەگەر، سەن بۇ خىيالىڭدىن يانمىساڭ، سېنى يەر يۈزىدىن يوقىتىۋېتىمەن، دېدى.

ئۇ بىر ئاز توختاپ غەزەپلىك كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ:

بىز مۇسۇلمان بولغانلىقتىن، ساڭا ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىدىغان يەنە بىر پۇرسەتنى بېرەي، بولمىسا سەن ئاللانىڭ غەزىپىدە قالىسەن! دېدى.

ئۇ سۆزلىرىنى دەپ بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

مەن چارچىغان پېتى كارۋېتىمدا ئولتۇرۇپلا قالدىم. كاللامغا ھېچنەرسە كەلمىگەن ئىدى. مەن ئەتراپىمغا بىرقۇر نەزەر سالدىم، كىتابلىرىم كۆزگە يولۇقىدىدە، ئاندىن ئۆز ئۆزۈمگە:

ساڭا نېمە بولدى مەخسۇت؟ بۇ ئادەمگە ئېغىر كېلىدىغان ئەلەملىك سۆزلەرغۇ. ئىدىيەڭدىن ۋازكېچىپ، ئېقىمغا ئەگەشكىن! بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كەينىگە چۆرۈۋېتىپ، داداڭنىڭ دېگەنلىرىنى قىلغىن! ئۆيۈڭدىكىلەر بىلەن ئىناق ئۆتقىن! دېدىم.

بىرتەرەپتىن كاللامغا بۇنداق تەسەللى بېرىدىغان خىياللار كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن، باشقا بىر ئاۋاز كېلىپ،

ياق، بۇ ھەقىقەت ئەمەس. سەن بۇنى بىلىسەن، مەخسۇت. ھەقىقەتنى

نامايەن قىلىپ، ئۇنىڭ يۇرۇقلىقى ئىچىدە ياشىغىن! دىگەندەك قىلاتتى.

شۇ ۋاقىتتا، مەن دىن دەرسىتىن ئىمتىھان بەرگەن ۋاقتىمدا، ئۆزەم قوشۇمچە يازغان ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىم كۆز ئالدىمغا كەلدى. يەنى، «مەن يۇقارقى سۇئاللارغا تولۇق جاۋاپ بەردىم لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزەم ئىشەنمەيمەن!» دەپ يازغان ئىدىم.

كېيىن، مەن يەنە «سەن ئەخمەدىيە مەزھىپىنىڭ تەلىمىنى خاتا دەپ ئىسپاتلىساڭ، ساڭا نېمە پايدىسى بار؟ ئاندىن سەن نېمىگە ئېتىقاد قىلىسەن؟ ئىسلام دىنىغىمۇ؟ لېكىن، ئىسلام دىنىمۇ نۇرغۇن مەزھەپكە بۆلۈنىدىغۇ؟...» دەپ ئويلىدىم.

مېنىڭ كوڭلۇم ئىنتايىن بىئارام بولدى. شۇنداق ئۇسساپ كېتىپ، بىر پىيالە سۇ ئىچىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. شۇ كېچىسى ئاسماندىكى تولۇن ئايدا، مەھەللىنىڭ شولىسى، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتى ۋە ماڭا ئىنتايىن تونۇش ئىدى. ساپ ھاۋا بولسا كاللامدىكى قالايمىغان خىياللارنى نەلەرگىدۇ ئېلىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. مەن كەنتىمىزنىڭ چېتىدە، ۋاراڭ چۇرۇڭدىن خالى بىر يەرنى تېپىپ، بېرىپ، چوڭ بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئايغا قارىدىم. بارلىق شەيئىلەرنى شۇنچىلىك مۇكەممەل ۋە گۈزەل ياراتقان خۇداغا قەلبىم مەدھىيەگە تولدى. ئاي ۋە يۇلتۇزلار بولسا بۇ رەزىل دۇنيادىكى مەسىلىلەرگە قارىغاندا ناھايىتى كامىل ۋە پاك كۆرۈنەتتى. كۆڭلۇمدە خۇداغا ھەممىنى ئېيتمىسام بولمايدۇ دىگەن بىر ئوي پەيدا بولدى.

ئىچىمدە مەن ئۆزەمگە تەسەللي بېرىپ: «مەسىلىلىرىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇر! ئۇ ئۇلۇغ ياراتقۇچى خۇدا، ئۇ ئۆزىنى ساڭا نامايەن قىلالايدۇ. ئۇ سېنىڭ

مەسىلىلىرىڭنى ھەل قىلالايدىغان خۇدا. ئۇ چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ. چۈنكى، سەن ئۇنىڭغا ئىنتىلىسەن. » دېدىم. بۇلارنى ئويلىغاندا، كۆزلىرىم ياشقا تولغانىدى. مەن يۇلتۇزلار بىلەن تولغان كۆك ئاسمانغا قۇچىقىمنى ئېچىپ، چىن قەلبىم بىلەن «ئى ئۇلۇغ ياراتقۇچى خۇدا، ماڭا ياردەم قىلغايسەن. مېنى يورۇقلۇق ۋە ھەقىقەتكە يېتەكلە. بولمىسا، مېنى ئۆزگەرت، ھەقىقەتنى تونۇمايدىغان بولاي. خۇدا سەن نېمە ئۈچۈن جىمدە تۇرسەن؟ مەن سەن توغرىلىق ئاڭلىدىم ھەم ئوقۇدۇم. ئەمدى مەن سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلاشقا، سېنىڭ يېتەكلىشىڭگە مۇھتاجمەن.» دەپ ئىلتىجا قىلدىم. ئاندىن ئاغزىمغا ھېچبىر سۆز كەلمەي، ئايدىڭ كېچىدە تەنھا يىغلىدىم.

مەن تاشتىن چۈشۈپ نىشانسىز ماڭدىم. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، مەن قەلبىمگە تىنچلىق ۋە ئامانلىق بېغىشلىغان، مەللىدىكى دەريا بويىغا يېقىنلاپ كېلىپ قالغانلىقىمنى بايقىدىم. كېيىن مەن ئاستا قەدەملىرىم بىلەن ئالدىرىماي مەھەللىگە قايتىپ ماڭدىم. شۇ ۋاقىتتا، غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى. مەن يولدا يالغۇزلۇق ھېس قىلمىدىم. ئەكسىچە، بىرسى مەن بىلەن بىللە بولغاندەك تۇيۇلدى. مەن قايتقىنىمدا، ماڭا ھەقىقەتنى داۋاملىق ئىزدەش ئۈچۈن رىغبەت بېرىدىغان، يېڭى كۈچ قۇدرەت پەيدا بولغاندەك تۇيغۇ بولدى.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن، دادام مېنى ئەلفۇرقان ياكى ھەقىقەت ناملىق ئەخمەدىيە ژورنىلىنىڭ تەھرىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئىسمى ئابۇل ـــ ئاتتا دامۇللام بولۇپ، بىزنىڭ كەنتتە ناھايىتى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىدى. دادام ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ،:

مەن بالامنى ئۆزلىرىنى نەسىھەت بىرىپ قويىارمىكىن دەپ ئىلىپ كەلدىم. ئۇ سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا ئوپ ئوچۇق قىلىپ توغرا يولنى كۆسەتكەيلا. ئۇ بۇنىڭغا بەك مۇھتاج! دەپ مىنى تاپشۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

. ئاندىن دامۇللام ماڭا قاراپ:

مەخسۇت، داداڭ سەندىن خاپا بولغاندەك قىلىدۇ. زادى نىمە بولدى؟ دەپ سورىدى.

گەرچە ئۇ مەندىن سىلىق سىپالىق بىلەن سورىسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، مەن گەپ قىلماي جىم تۇردۇم. ئۇ بىشىنى كۆتۈرۈپ مەندىن يەنە :

سەن كەنتتە نىمىلەرنى دەپ يۈردۈڭ؟ ساڭا بىرەرسى ئەشۇنداق دىيىشنى ئۆگەتتىمۇ؟ سەن پەقەت ئون يەتتە ياشلىق بىر بالا، سىنىڭ يىشىڭدا، بۇنداق سۇئاللارنى سوراش مۇۋاپىق ئەمەس. مىنىڭچە، سىنى باشقىلار ئازدۇرغان ئوخشايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇيا! ئاڭلىشىمچە، سىنى ئەيسا مەسىھ ئىتىقادچىلىرى ئىزىقتۇرۇپتۇ. شۇڭا سەن ھازىر خرىستىيان دىنىنى ئۆگىنىۋىتىپسەن، بۇ راست شۇنداقمۇ؟ قىنى، ئويلاپ كۆر مەخسۇت، سەن بۇ ئەخمەق «تەلىم بەرگۈچى» ۋە ئاتالمىش «پوپلار» دىن قانچىلىك پايدا ئالالارسەن؟ بۇ گاداي تازلىقچىلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ قارنىنى تويغۇزۇشنىلا ئويلايدۇ. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنى نىمە ئۈچۈن ئەيساغا ئەگىشىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. پەقەت ئەجدادلىرى شۇنداق قىلغاچقىلا، ئۆزلىرىنىمۇ ئەيسا ئىتىقادچىلىرى دەپ ھىسابلايدۇ، دىدى.

ئۇ، مىنىڭ جاۋابىمنى كۈتتى. مەن خىياللىرىمنى يىغىپ جاۋاب بەرگىچە، ئۇ يەنە:

سەن نېمە دەپ گەپ قىلمايسەن؟ بەلكىم سېنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئاتالمىش «تەتقىقات»نى قىلىۋاتقان باشقىلارمۇ بارغۇ دەيمەن. سېنى ئازدۇرىۋاتقان ئەشۇلارمۇ؟ دېگىنىم توغرىمۇ؟ دەپ دىققەت بىلەن ماڭا قارىدى.

مەن بىر غەيرەتكە كېلىپ،

ياق. ئۇنداق ئەمەس، داموللام. بۇ بارلىق تەتقىقاتلارنى ئۆزۈم قىلغان. مەن ئاخۇنۇملاردىن نەسىھەت ۋە ماتىرىياللارنى سورىدىم. مانا سىز بۇنىڭغا گۇۋا، چۈنكى، سىزنىڭ ئالدىڭىزغىمۇ ئۆزەم كەلدىمدە. ھېچكىم تېخى ماڭا كېلىپ، ئۆگەتكىنى يوق. مەن ئۆزۈم ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارىمەن، دېدىم.

مەن جاۋابىمدىن ناھايىتى رازى بولدۇم. لېكىن، ئۇ سۆز قىستۇرۇپ:

سەن نېمە دېۋاتىسەن، مەخسۇت؟ زادى نېمىنى بىلگىڭ بار؟! دەپ سورىدى. مەن ئۇدۇل ئۇنىڭغا:

مەن دۇنيانىڭ باشلىنىشتىن تارتىپ بار بولغان، تاكى مەڭگۈگىچە داۋاملىشىدىغان دىنىنى ئىزدىۋاتىمەن، دەپ جاۋاب بەردىم.

ئۇ ناھايىتى تېزلا:

ئۇ ئەلۋەتتە ئىسلام دىنىدە، دەپ جاۋاب بەردى.

لېكىن، ئىسلام دىنىمۇ نۇرغۇن مەزھەپ ۋە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنىدىغۇ؟! ھەتتا بىز ئۆزىمىز تەۋە بولغان بۇ مەزھەپنى، باشقا مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنى ئەمەس بەلكى كۇپپارلۇق دەپ قارايدىغۇ؟! ناۋادا ئۇلار قانۇن چىقىرىپ، بىزنى بىدئەت دەپ، زىيانكەشلىك قىلسا، ئۇ چاغدا بىز قانداق قىلىمىز؟ دېدىم.

مېنىڭ كۆڭلۈم ئازراق بارەم بولدى. ئەلۋەتتە، ئۇ چاغدا مەن بۇ ئىشنىڭ بىرقانچە يىلدىن كېيىنلا پاكىستاندا ھەقىقەتەن يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلمىگەن ئىدىم. ئۇ قوپاللىق بىلەن:

ئوغلۇم، شۇنداقتىمۇ بۇ ھېچنېمىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. پەقەت بىز ئەخمەدىلەردىلا سەن ئىزدەۋاتقان ھەقىقەت بار. بىز ساڭا ياردەم قىلالايمىز. بىراق، سەن ئاۋۋال بىزنىڭ سۆزىمىزگە كىرىپ، ئېتىقادىڭنى رۇسلىشىڭ كېرەك، دېدى.

مەن يەنە بىر نەرسىلەرنى دېمەكچى ئىدىم. لېكىن، ئۇ ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ، بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئىپادىلىدى. بىراق، مۇشۇ ئالدىمىزدىكى ئىككى كۈن ئىچىدە، مەن بىلەن يەنە كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ماڭا بىر قانچە پارچە ئەيسا مەسىھ ئېتىقادىغا قارشى كىتابلار، ۋە ئۆزىنىڭ بىر نەچچە ژورناللىرىنى بەردى.

شۇ ۋاقىتلاردا مەن ئارلاپ ئارلاپ ھېلىقى ئىنجىل ئۇستازى بىلەن باردى كەلدى قىلىۋاتقان ئىدىم. شۇڭا، ئابۇ ئاتتا داۇۇللام بىلەن كۆرۈشكەن كۈنىمۇ، ئۇ يەردىن قايتىپ ئۇدۇل ئىنجىل ئۇستازىنىڭكىگە قاراپ ماڭدىم. تار پاسكىنا كوچىلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن، تازلىقچىلار رايۇنىغا كىردىم. ئەيسا ئېتىقادچىلەرنىڭ يىغىلىشىغا ئىشتىكرەك قاتناشسام دەپ ئويلاتتىم. چۈنكى شۇ ئىنجىل ئۇستازى، ماڭا بىرقانچە كىتابلارنى بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغانىدى. مېنىڭ قورۇغا كىرگىنىمنى ھېچكىم كۆرمىدى. مەن يېتىپ كېلىشىمغىلا ئۇلارنىڭ يىغىلىشى باشلاندى. ئۇستاز مەن بىلەن سەممىي كۆرۈشكەندىن كېيىن، مەن باشقىلار بىلەن بىرگە ئولتۇردۇم. ئاندىن ئۇ ھەزرىتى ئەيسا بىزنىڭ سۆيۈملۈك نجاتكارىمىز ھەم دوستىمىز دەپ تەلىم بېرىشكە باشلىدى. مەن بۇرۇنقىدەكلا، بۇ كىشىلەرنىڭ خۇشخۇي روھى ۋە ئۇستازىنىڭ مېھىر مۇھەببىتىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم. ئۇنىڭ تەرقى تورقى كىشىنى دېگەندەك جەلىپ قىلمىسىمۇ، ئەمما خۇدانىڭ سۆزلىرىنى چىن قەلبى بىلەن ئاددى قىلىپ

تەپسىر بېرەتتى. ئۇ ماڭا بىر قېتىم :«ئوغلۇم، مەن بەك بىلىملىك بولمىسام مۇ، لېكىن مەن ھەقىقەتنى تاپتىم ۋە باشقىلارمۇ ئۇنى تاپسۇن دەپ خۇدانىڭ سۆزىنى يەتكۈزىۋاتىمەن» دەپ ئېيتقانىدى.

يېغىلىش تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇستاز ماڭا ئىككى كىتاب بەردى. ئۇنىڭ بىرسى، «مىرزا غۇلام ئەخمەدنىڭ پاش قىلىنىشى» دېگەن كىتاب ئىدى. بىز بىردەم ھەزرىتى ئەيسا ۋە ئىنجىل توغرۇلۇق مۇنازىرىلەشكەندىن كېيىن، مەن دەررۇ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. ئۆيگە كەلگەندە مەن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماي، ئۇ بەرگەن ئىككى كىتابنى ئوقۇشقا باشلىدىم. بىر ئولتۇرۇشۇمدىلا ئۇلارنى ئوقۇپ تۈگەتكەن ئىدىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، كۈن كەچ بولۇپ كېتىپتۇ. مەن قايمۇقۇپلا قالدىم. مېنىڭ ئەخمەدىيە مەزھىپىنى قۇرغۇچىغا بولغان ھەممە گۇمانلىرىم ماڭا توغرىدەك تۇيۇلدى. مەن نېمە ئويلىشىمنى بىلمەي قالدىم.

دىيىشكەن بويىچە، بىرقانچە كۈندىن كېيىن، مەن ئابۇل ئاتتا دامۇللام بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا يەنە باردىم. بۇ قېتىم ئۇنىڭ يېنىدا بىر كىشى ئولتۇراتتى. روشەنكى ئۇمۇ بىر ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئىدى. ئىشخانىدا يەنە باشقا بىر قانچە كىشىمۇ ئولتۇراتتى. بىز ئۆز ئارا سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، مەن:

دامۇللام، مىرزا غۇلام ئەخمەد ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتاپ، ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىنمۇ ئۇلۇغ دەپ جاكارلىغىنى راستمۇ؟ دەپ سۆز باشلىدىم. بۇنى ئاڭلاپ، دامۇللامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئىنكار قىلغان ھالدا:

بۇ قۇرۇق گەپنى، نەدىن تاپتىڭ؟ دېدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە تەييار بولغاچقا:

لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ «ئاينا كامالەت ئىسلام» دېگەن كىتاۋىدا چۈشىدە ئۆزىنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇنىڭغا ئىشەنگىنى يالغانمۇ؟ ئۇ يەنە مەن ئاسمان بىلەن يەرنى ياراتتىم دېگەن، دەپ جاۋاب بەردىم.

مەن داموللام ئىشەنمەسمىكىن دەپ، شۇ كىتابىنىڭ قايسى باب، قايسى ئابزازنى يېزىۋالغان بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ ئۇنى ئېلىپ باشتىن ئاخىر ئوقۇدى. مەن ئۇنىڭغا يەنە:

داموللام، مىرزا غۇلام ئەخمەد ئۆزىنى خۇدا دېگەندەك قىلغان. ئەمما، ئۇ "نۇر ئۇلقۇران" دېگەن كىتاپتا بىر ئايالدىن تۇغۇلۇپ، يەنە ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىغان كىشى زىناخوردىنمۇ يامان بىر گۇناھكار بولىدۇ دەپ ئېيتقان، دېدىم.

داموللام بىلەن يېنىدا ئولتۇرغان ھېلىقى ئاقساقال، ئۆز ئارا قاراشقاندىن كېيىن، ئۇ ئاقساقال مەندىن:

سەن بۇ كىتابلارنى ئۆزۈڭ ئوقۇدىڭمۇ ؟ دەپ سورىدى.

ياق!، دەپ ئوچۇق جاۋاب بەردىم.

ئۇنداق بولسا، سەن قانداق قىلىپ بۇ نەرسىلەرنى بىلدىڭ؟ ساڭا بىرەرسى ئۆگەتتىمۇ؟ دەپ سورىدى.

ئىشخانىدا ماتىريال رەتلەۋاتقان بىرقانچە باللار، ئىشنى قىلغاچ، مېنى نىمە دەيدىغاندۇ دەپ دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىۋاتاتتى. يالغان سۆزلىسەم بولمايتتى. شۇڭا مەن بۇلارنى ئىنجىل ئۇستازى ماڭا بەرگەن ھېلىقى كىتابتىن ئوقۇپ كۆرگەنلىكىمنى ئاشكارە ئېيتتىم.

سەن گاداي ئەيسا ئېتىقادچىنىڭ بەرگەن كىتابىغا ئىشىنىدىكەنسەندە؟ دېدى ئاقساقال.

خاپا بولغان يەنە بىرسى ماڭا:

شاھكېچىك، سەن مۇشۇنداقلا قىلىدىغان بولساڭ، ئۆز ھاياتىڭنى نابۇت

قىلسەن. سەن ئۆز دىنىڭ ۋە ئائىلە جەمەتىڭدىن ئايرىلسەن، دېدى. مەن ئۇنىڭ نەسىھىتىگە رەھمەت ئېيتتىم. لېكىن قاتتىق تۇرۇپ:

ئەپەندىم، ماڭا سۇئالىمنىڭ جاۋابى كېرەك. داموللام يول كۆرسىتىمەن دېگەچكە، مەن بۇ يەرگە كەلدىم، دېدىم. ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ بىر ئاز ئۆزلىرىنى بېسىۋالدى. ئابۇل ئاتتا داموللام مۇنازىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

مەخسۇت، ئەڭ ياخشىسى، سەن بۇگۈن كەلتۇرگەن بۇ نەقىللەرنىڭ ئالدى قەيىنى ئايەتلىرىنىمۇ تەپسىلى ۋە تولۇق ئوقۇپ چىقىڭ. مەندە ساڭا بېرىدىغان يەنە باشقا كىتابلارمۇ بار. ئەمما، ئېسىڭدە بولسۇنكى، مىرزا غۇلام ئەخمەد بىر چۈشىدە ئۆزىنى خۇدا دەپ كۆرگەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۆزى خۇدا ئەمەس، لېكىن، ئۇ...

ئۇ ئىككىلىنىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئىشخانىدىكى باشقا بالىلارنىڭ ئېتىقادىغا يامان تەسىر بولمىسۇن دەپ قورقۇپ، گېپىنى يىغىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ كىتابلىرىنى ماڭا سۇنغىنىدا، مەن خۇشياقمىغاندەكلا ئالدىم. چۈنكى مەن يەنە بىر قېتىم ھېچ بىر ئېنىق جاۋاب ئالالمىغان ئىدىم. بۇ ئاقساقاللار مېنىڭ ھەقىقى سۇئاللىرىمغا ئەھمىيەت بەرمىگەچكە، كۆڭلۈم شۇنداق بىئارام بولغان ئىدى. ھېچكىم مېنىڭ ھەقىقەتنى ئىزدىشىمگە ياردەم قىلمىدى. ئۇلار پەقەت مېنىڭ كىچىكىمدىن ئۆگىنىۋېپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرگە قارىغۇلارچە ئىشىنىشىمنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ داموللامنىڭ دوستىمۇ ماڭا بىر قانچە كىتاب بەردى. مەن ئۇلارنى ئېلىپ، ئۆيگە قايتتىم.

مەن ئۇلار بەرگەن كىتابنى ئوقۇشقا تىرىشتىم. ئۇ مەزگىلدە ئۆيدىكىلەر مەندىن خاپا ئىدى. دادام ھېچقانداق ئارتۇق گەپ قىلمىدى. بەلكىم ئۇ مېنى مەزھىپىمىزدىكى كىتابلارنى ئوقۇۋاتىدۇ، ئۇ ئۇلاردىن جاۋاپ تېپىپ، قايىل بولۇپ، ئەخمىقانە تەتقىقاتلىرىنى توختىتىپ قالار دەپ ئويلىسا كېرەك.

ئەمەلىيەتتە بۇ كىتابلارنى ئوقۇشنىڭ ھېچ بىر پايدىسى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇلارنى ئوقۇپ ئۈچ كۈندە پۈتەردىم. لېكىن تا مېنىڭ ئىمتىھان ۋاقتىم يېتىپ كەلگۈچە مەن ئۇلارنى ئىنچىكلەپ ئۆگەندىم. مەن دادامنىڭ قارشى تۇرىشىغا قارىماي، پەننى مەكتەپكە كىرىۋالغان ئىدىم. ئۇ چاغ، مېنىڭ مەكتەپتىكى ئەڭ ئاخىرقى يىلىم ئىدى.

ئىمتىھانىم تۈگىگەندىن كېيىن، بىر كۈنى كەچتە مەن ئىنجىل ئۇستازىنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ باشقا بىركەنتتە تۇراتتى. ئۇ ئارلاپ كەنتىمىزدىكى ئەيسا جامائىتىگە كېلىپ خۇدانىڭ سۆزىدىن تەلىم بېرەتتى. شۇ ئاخشىمى مەن ئېتىقادچىلىرىنىڭ مەللىسىگە يېقىنلاشقىنىمدا، ئالدىمدا ۋاراڭ چۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن بىر توپ غەزەپلەنگەن كىشىلەرنىڭ يېغىلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردىم.

ئۇلاردىن بىرسى ماڭا بىرقانچە ئەخمەدىيە باللىرىنىڭ، مېنىڭ ئىنجىل ئۇستازى دوستۇم، ئاپتۇبۇسدىن چۈشۈشىگىلا، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇپ، قوغلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. يېنىمدا تۇرغان ئەر ئايالالار مەندىن ئاچچىقلىنىپ، بۇنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئەيسا ئېتىقادىغا قىزىققانلىقىمدىن بولدى. سەن ئەخمەدىيە جامائەتچىلىكىگە چوڭ بىر شەرمەندىلىك ئېلىپ كەلدىڭ دەپ مېنى ئەيىپلەشتى.

شۇ كۈنى، دادامنى "ئامۇرى ئاما"، دېگەن باشقۇرۇش باشقارمىسىغا چاقىرتىپتىكەن. بۇ ئەخمەدىيەلەرنىڭ جەمئەتنى باشقۇرىدىغان بىر تەشكىلات ئىدى. گەرچە بۇ ھۆكىمەتنىڭ تەشكىلاتى بولمىسىمۇ، ئۇ ئەخمەدىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمىشىدا چوڭ ھوقۇققا ئىگە ئىدى.

ھېچكىم بۇ تەشكىلاتقا سەل قارىمايتى. ئۇلار دادام بىلەن قىسقىلا كۆرۈشۈپ، مۇنداق دەپتۇ:

ئوغلىڭىز چېكىدىن بەكلا ئاشۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇنداق قىلىشىغا يول قويۇۋەرمەيمىز. سىز ئۇنىڭغا ئېيتىڭ، ئەگەر ئۇ بۇنداق قىلمىشلارنى توختاتمىسا، ناھايىتى يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ. دەپ ئاگاھلاندۇردى.

دادام ناھايىتى غەزەپلەنگەندى. ئۇ كۆنى ئاخشىمى ئۇ ماڭا ئاچچىقلانغان ھالدا:

- سېنىڭ دوستۇڭنىڭ ئەمدى كەنتىمىزگە كېلىپ، گاداي تازىلىقچىلارغا تەلىم بېرىشتىن مەنئى قىلىندى. دەپ ئېيتتى.

مەن دادامغا نارازىلىق بىلەن:

بۇنداق قىلغىنىڭلار بولماپتۇ، دېگىنىمدە، دادام پىسسەنت قىلمىغاندەك كۈلۈپ:

بارلىق بىدئەتچىلىقنى يىلتىزىدىن يۇلۇپ تاشلايمىز. بىزنىڭ شۇنداق قىلىشىغا ھوقۇقىمىز بار. بۇنىڭغا كۈچىمىز يېتىدۇ، دېدى.

بىردىنلا مېنى سۈر باسقاندەك بولدى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنىڭغا ئوچۇقلا :

دادا، بىزنىمۇ باشقا مۇسۇلمانلار بىدئەتچى، كۇپپار، ئىمانسىز دەيدىغۇ؟! بىز مەسچىتلىرىمىزنى ئايرىم سېلىپ، باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلاشمايمىز. بىز قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن پايدىلىنىپ، ئايەتلىرىگە ئۆز خاھىشىمىز بويىچە تەپسىر بېرىپ ئۇلارنى خالىغانچە ئىشلىتىۋاتىمىز ئەمەسمۇ؟ قۇرئان بىزگە ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئەرشىگە چىقىپ كەتكەن دىسە، لېكىن بىز، ئۇنى كەشمىردە ئۆلگەن، ئۇنىڭ قەبرىسىنى تاكى بۈگۈنگىچە شۇ يەردە دەپ چۈشەندۈرىۋاتىمىز. بىز بۇرۇن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر دەپ ئىشىنەتتۇق. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بولسا ھەزرەتى مىرزا

غۇلام ئەخمەدنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىنمۇ چوڭ بىلىپ كۆرىۋاتىمىز.

بىر تەرەپتىن بىز مۇسۇلمانلارغا غۇلام ئەخمەدنى ئۇلار نەچچە يۈز يىللاپ كۈتكەن مەھدى يەنى ئۇلۇغ يول باشلىغۇچى دەپ ئۇلارنى ئۆزىمىزگە تارتىشنىڭ كويىدا بولۇپ كەلدۇق. يەنە بىر تەرەپتىن بىز ئەيسا ئېتىقادچىلىرىغا مىرزا غۇلام ئەخمەد بولسا بۇ دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم كەلگەن ھەزرىتى ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى دەيمىز. بىز ھەتتا ھىندى دىنىدىكى بۇتپەرەسلەرگىمۇ مىرزا غۇلام ئەخمەدنى ئۇلار كۈتۈۋاتقان خۇداسى كرىشنا دەپ ئېيتىمىز. دادا، بىز ئەسلى ھەممە جەھەتتىن باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئىشىنەتتۇق. ئىلاھ، ۋەھى، ۋە پەيغەمبەرلىككە ئۇلارغا ئوخشاش كۆز قاراشتا ئىدۇق. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە بولسا، بۇ ئىشلارنى ئۆز ئالدىمىزغا ئىزاھ بېرىپ چۈشەندۈرۈپ كېلىۋاتىمىز. ئەمىلىيەتتە بىزنىڭ بەرگەن ئىزاھاتلىرىمىزنى ھېچكىم چۈشىنەلمەيدۇ.

دادا، بۇلارنىڭ قايسىسى ھەقىقەت؟ قايسىسى توغرا؟ مەن چۈشىنەلمىدىم. مېنىڭ بۇلارنى چۈشەنگۈم بار! مەن ھەقىقەتنى چوقۇم بىلىشىم كېرەك! دېدىم.

دادامنىڭ يۈزى قىزىرىپ، ئورۇندۇقدىن تۇرۇپ، ماڭا قاراپ كېلىپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى بارلىق كىتابلارنى يەرگە تاشلىۋەتمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قۇرئاننى كۆرۈپ، توختاپ قالدى. ئۇ مېنى ئورۇندۇقىمدىن تارتىپ ئېلىپ، بېشىمنى تامغا قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى. ماڭا ۋارقىراپ:

ھۇ پاسكىنا، هارامدىن بولغان نەرسە! بۈگۈن سېنى ھەرگىز تىرىك قويمايمەن. سېنى ئۆز قولۇم بىلەن دوزاقا ئەۋەتىمەن، دېدى.

مەن ئۇ ئاغرىققا چىدىيالماي، دادامنىڭ قوللىرىدىن بوشۇنۇپ، سىرتقا قاراپ يۈگۈردۈم. لېكىن دادام چاققان كېلىپ، كوچىغا چىقىپ كەتچىچە، مېنى تۇتۇۋېلىپ گېلىمدىن ئېلىپ، كۆچىنىڭ بارىچە سىقىشقا باشلىدى. مەن بىر ئامال قىلىپ ۋارقىراپ، ئۇنىڭ سىقىشىدىن قۇتۇلۇپ كېتەي دېسەممۇ، ئۇنىڭ پولاتتەك قوللىرى مېنى قاتتىق قىسىۋالغان ئىدى.

كۆزلىرىم خۇددى چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك، ھەممە نەرسە خۇددى قىپ قىزىل كۆرۈنگىلى تۇردى. مەن تىركىشىۋاتقاندا، سىڭلىم جەملەنىڭ ئۈنلۈك ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىدىم. شۇ ھامان، خوشنىلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، نېمە بولغانلىغىنى بىلمەكچى بولۇپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى دادامنىڭ رەھىمسىز قوللىرىدىن قۇتۇلدۇرغانىدى. مەن دادامنىڭ گېلىمنى سىقىشىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، شۇنچە سۆزلەشكە ئۇرۇنساممۇ، ئاۋازىمنى چىقىرالمىدىم. چۈنكى، مېنىڭ ئاۋاز پەردىلىرىم زەخىملەنگەن بولسا كېرەك.

بىر قانچە كىشى مېنى مەھەللىدىكى ئەڭ يېقىن مەسچىتكە ئاپىرىپ قويدى. ئۇ يەردىكى باراڭدا مەن يالاڭ ئاياق پېتى، سوغاقتا قورقۇنۇچ ئىچىدە تىترەپ ئولتۇراتتىم. بىردەمدىن كېيىن، بىزنىڭ مەھەللىنىڭ باشلىقى كېلىپ، ماڭا دادام بىلەن قايتا يارىشىۋېلىش ۋە ئۆگىنىشلىرىمنى توختىتىش توغرىلىق نەسىھەت بەردى. باشقىلارمۇ ئارىلىشىپ، ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى. شۇ ۋاقىتتا، مەن ئىچىمدە ئەگەر بۇ مېنىڭ ئىزدىنىشىمنىڭ بەدىلى بولىدىغان بولسا ئۇنداقتا ئەرزىمەيدىكەن دەپ ئويلىدىم. لېكىن، مەن ئۇنداق دەپ ئاغزىمدىن چىقارمىدىم. چۈنكى مېنىڭ گېلىم بەك ئاغرىپ كەتكەچكە خېلى بىر مەزگىلگىچە گەپ قىلالمىغان ئىدىم.

ئاخىرى ئۇلار مېنى ئۆيۈمگە ئەكىلىپ قويدى. دادام مېنى ئۆيگە كىرگۈزۈشكە ئۇنىمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئاچچىقى تېخى يانمىغان ئىدى. مەن

دادامدىن كەچۈرۈم سوراپ، تەتقىقاتىمدىن ۋازكېچىمەن دەپ ۋەدە بەرگىنىمدىلا، ئاندىن ئۇ مېنى ئۆيگە كىرگۈزدى. مەن دادامغا گەرچە تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا ئۇنىڭ شەرتلىرىگە قوشۇلغان بولساممۇ، قەلبىمدە قايىل بولمىدىم ۋە ئۆزەم شۇنداق تەنھا ھېس قىلدىم. بۇ ۋاقىتتا خۇددى، ئاتا ئانام مەندىن ۋاز كەچكەندەك تويۇلدى. مەن يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىيالماي قالدىم.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن، 12 ئاينىڭ25 كۈنى بولدى. بۇ كۈنى ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى ھېيت ئال مىلادى يەنى ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەيدۇ. شۇ كۈنى، مەن دوستۇم ئەخمەدنى يەنە ئۇچراتتىم. ئۇ ماڭا ئالاھىدە دوستانە بولۇپ، مېنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. بىز بارغىچە ئۇ چاقچاق قىلىپ، سىپايىلىك بىلەن: «ئاز تولا ھېيتلىققا ئېرىشكەنسەن؟» دەپ سورىدى. پاكىستاندا، بىز دۆلىتىمىزنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلى جىنانىڭ تۇغۇلغان كۈننىمۇ شۇ كۈندە تەبرىكلەيتتۇق. بىز ئەخمەدنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ دادىسى ئۆيدىكەنتۇق. لېكىن دادىسى مېنى كۆرۈپلا باھانە كۆرسىتىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ يېقىنقى قىلىۋاتقان ئىشلىرىم سەۋەبىدىن، مېنى ئانچە ياخشى كۆرمىسە كېرەك. بىز ئۆيدە يالغۇزلا قالدۇق، ئۇ ۋاقىتتا ئەخمەدنىڭ ئاپىسى تېخى يېقىندىلا يەكگىگەن قىزىنى كۆرۈش ئۈچۈن راۋالپىندى شەھەرگە كەتكەنىكەن. ئەخمەد مەن بىلەن مۇڭداشقاچ باشقىلارغا ئوخشاشلا ماڭا تەربىيە بېرىشكە باشلىدى.

مەخسۇت، بۇخىل جاھىل مىجەزىڭنى ئۆزگەرت. ئۇنىڭدىن ھېچبىر پايدا چىقمايدۇ. سەن ئۆز ئۆزۈڭگە بالا تېپىۋالسەن. دەپ نەسىھەت قىلدى.

مەن جاھىللىق قىلىۋاتقىنىم يوق ئەخمەد. ماڭا جاۋاب كېرەك. ماڭا

تېشى بېزەلگەن يالغانچىلىق كېرەك ئەمەس. ماڭا ھەقىقەت لازىم. مەن ھەقىقەتنى بىلمىگىچە رازى بولمايمەن. مەن ئىماملىرىمىزنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىگە بىلدۈرمەكچى! دېدىم.

مېنىڭ تەككەبۇرلىگىم ئەخمەدكە قاتتىق تەگكەن بولسا كېرەك، ئۇ تۈنجى قېتىم ماڭا قاتتىق ۋارقىراپ:

مەخسۇت بۇنداق گەپلىرىڭنى قوي! چوڭلارنىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا ئازراقمۇ ئىززەت ھۆرمىتى قالمىدىما؟ تەلىيىڭگە دوستۇم بولۇپ قاپسەن بولمىغان بولساڭ سېنى ئۇرۇپ مىجىقىڭنى چىقىرىۋېتەتتىم، دېدى.

دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئايىمىغىنىمغا تېزلا قاتتىق ئۆكۈندۈم. شۇڭا مەن:

مېنى كەچۈرگىن، ئەخمەد! بىز دوست بولغاندىكىن قوپاللىق قىلمايلى. ماڭا ياردەم قىلغىن. بولۇپمۇ تەتقىقاتىمغا ياردەم بەرسەڭ بوپتىكەن، ئاداش! دەپ ئۆتۈندۈم. لېكىن، ئۇ ئۇنىماي، ماڭا:

ئەخمەد، سەن داداڭغا بۇنىڭدىن كېيىن تەتقىقات قىلمايمەن دەپ ۋەدە بەرگەن ئەمەسمۇ؟! دېدى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

توغرا، مەن زورلۇق بىلەن شۇنداق دېگەن، ئۆز مەيلىم بىلەن قوشۇلغان ئەمەس. شۇڭا ۋەدەم بىكار. ھازىردىن باشلاپ مەن تەتقىقاتىمنى مەخپىي ئېلىپ بارىمەن. لېكىن مەن سېنىڭ ياردىمىڭگە مۇھتاج، دېدىم.

ئەخمەد قورقۇپ، چۆچۈپ كەتكەندەك بولدى. چۈنكى، ئۇ ماڭا ياردەم قىلىپ، تۇتۇلۇپ قالسا نىمە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

ئۇ، مەن ساڭا ياردەم قىلالمايمەن، مەخسۇت. ئىككەيلەن دوست. لېكىن، مېنىڭ نەزىرىمدە دىن دوستتىنمۇ مۇھىم . مەن سېنىڭ دىنىمىزغا قارشى بىر سۆز قىلىشىڭغىمۇ يول قىلمايمەن. دەيدىغان گېپىڭ بولسا، ئىسپاتلاپ بەر.

بولمسا ئاغزىڭنى يۇم! دېدى.

مەن ئۇنىڭ توخۇ يۈرەكلىكىدىن بەك ئۈمۈتسىزلەندىم.

ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

مەخسۇت، مەن بۇ نەرسىلەرنى سەن دېگەندەك تەقىقات قىلىپ كۆرمىسەم بولمايدۇ. ئەمما، مەندە ھېچقانداق ئۆگۈنىدىغان ماتېرىيال يوق. مەن ئۇلارنى كۈتۈپخانىدىن ئالسام بولغۇدەك، دېدى.

بىز تاكى ئەخمەدنىڭ دادىسى ئۆيگە قايتىپ كەلگىچە مۇڭداشتۇق. ئاندىن خوشلىشىپ مەن قايتتىم. ئەخمەد ئۆز گېپىدە تۇرماي كۈتۈپخانىدىن ماتېرىياللارنى تېپىپ، تەتقىق قىلمىغىنىغا ھازىرغىچە بەك ئەپسۇسلىنىمەن.

## 6 باب «ئورۇندىن تۇرۇش»

1969 يىلى 9 ئايدا، پەۋقۇللاددە بىر ئىش مېنى ئېتىقادىم توغرۇلۇق ئوچۇق ئاشكارا سۆزلەشكە مەجبۇر قىلدى. ھازىر ئويلاپ باقسام، خۇدادىن ناھايىتى مىننەتدارمەن. چۈنكى، نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەن بولسام ئورنۇمدا جىملا ئولتۇرغان بولاتتىم.

بۇ ئىش كەنتىمىزدىكى مەسچىتتە ناماز خۇپتەننى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يۈز بەردى. ناماز تۈگىگەندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى تېمىدا بىر تەلىم بېرىلدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئاڭلاش ئۈچۈن مەسچىتتە قېلىپ قالدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر بۇلۇڭدا ئولتۇراتتىم. كەنتتىكى بەزى ئويۇنچى باللارمۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شۇ يەردە ئىدى. مەن ئۇلارغا ئارىلاپ دىققەت قىلغىنىمدا، ئۇلار ماڭا قارىشىۋاتاتتى. بەزىدە قوللىرى بىلەن مېنى كۆرسەتكىنىدە ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىغىنى بىلگىم كېلەتتى.

بۇ چاغدا بىرەيلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ جامائەتكە سۆزلەشكە باشلىدى. بۇ بىر ئوچۇق سورۇن بولغاچقا، ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر ئالدىغا چىقىپ، ياش ۋە قېرىلار نۆۋەت بىلەن سۆز قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا سۆزلىگەن كىشى، بۇرۇن سۈنئىي مەزھىپىگە تەۋە بولغان بىر كىشى ئىدى، كېيىن ئەخمەدىيە مەزھىپىگە كىرگەن ئىدى. ئۇ شۇنداق بىر قاۋۇل، گەۋدىلىك ئادەم ئىدى. ئۇنى بىرسى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ سۆزىنى باشلىدى.

«بۈگۈن كەچتە بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئوخشاش بولمىغان تەرەپتىن كۆرۈپ ئۆتتۇق. ھازىر مەن سىلەرگە تەۋرات ۋە ئىنجىلدا ئۇ توغرىلىق نېمىلەرنىڭ ئېيتىلغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتمەكچى!»

مەن قىزىقىپ رۇس ئولتۇردۇم. مەن بۇ كىشىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى شۇنداق بىلگىم كەلدى. ئۆزۈمنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىلىق ھېچنېمە ئېيتمىغانلىقىنى بىلەتتىم. بۇ كىشى قولىدا بىر مۇقەددەس كىتاپنى ئالغان بولۇپ، ئۇ تەۋرات، سۇرە قانۇننىڭ تەكرارى 18 بابىنى ئېچىپ، خۇدانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا 'مەن سېنىڭ خەلقىڭدىن ساڭا ئوخشاش بىر پەيغەمبەرنى يىتىشتۇرۇپ چىقىمەن' دېگىنىنى ئوقۇدى. ئۇ كىشى يەنە شۇ سۇرىدىن، ‹ ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۆزۈم سۆز بېرىمەن. ھەمدە ئۇ مەن قىلغان بارلىق بۇيرۇقنى ئاساسەن خەلققە سۆزلەيدۇ› دېگەن ئايەتنىمۇ ئوقۇدى. ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

مانا بۇ ئايەتلەر ئېيتىلغان پەيغەمبەر دەل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. مانا بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغۇرلۇق ئالدىن بېرىلگەن بىشارەتتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادى. ئىسمائىل بولسا ئىسھاقنىڭ ئاكىسى ئىدى دەپ سۆزلىدى.

مەن جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان بولساممۇ، ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيتتىم. چۈنكى ئۇنىڭ دىگىنى توغرىدەك قىلمايتتى. بۇ كىشى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىككىلىسى بۇتپەرەس جەمىيىتىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. ئىككىلىسىنىڭ تۇغقان جەمەتلىرى باشدا ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي، ئۇلارغا ئىشەنمىگەن. لېكىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەقىقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. ھەر ئىككىلىسى ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلغان ھەم كۇپپارلارغا قارشى تۇرغان، ئىككىلىسى خۇدانىڭ شەرىيىتىنى ئالقىنىغا ئېلىپ بۇ دۇنياغا كەلگەن» دېدى.

ئاندىن ئۇ يەنە "ئەيسا ئەلەيھىسسالاممۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

كېلىشى توغرۇلۇق ئالدىن ئېيقان" دەپ  ئىنجىل شەرىفنى ئېچىپ، سۇرە يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەرنىڭ14   باب، 16   ئايىتىدىكى «مەنمۇ خۇدا ئاتامدىن سىلەرگە باشقا بىر ياردەمچى ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن. ئۇ سىلەر بىلەن مەڭگۇ بىرگە تۇرىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇدى.

مەن ئەيسا ئېتىقادچى دوستلىرىمنىڭ بۇ ئايەتنى خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى توغرۇلۇق دەپ چۈشىنىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم. لېكىن، بۇ كىشىنىڭ ئېيتقىنى، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئومۇملاشقان بىر چۈشەندۈرۈلۈش ئىدى. ئۇ داۋاملاشتۇرۇپ:

"بۇ بابنىڭ 25   26 ئايەتلىرىدە ئەيسا ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق يەنە مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن سىلەر بىلەن بىللە بولۇۋاتقان چېغىمدا، سىلەرگە بۇنى دېدىم. لېكىن، ئاتام مېنىڭ نامىم بىلەن ئەۋەتىدىغان ياردەمچى، يەنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس روھى سىلەرگە ھەممىنى ئۆگىتىدۇ ھەم مېنىڭ ئېيتقان ھەممە سۆزلىرىمنى ئېسىڭلارغا سالىدۇ». دېدى.

ئاندىن ئۇ كىشى ئىنجىلنىڭ بىر نەچچە ۋاراقنى ئۆرۈپ:

ئەيسا ئەلەيھىسسالام بۇ سۈرىنىڭ 15   باپ25    ئايىتىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق يەنە مۇنداق دەپ چۈشەندۈردى: «مەن سىلەرگە ئاتامنىڭ يېنىدىن ياردەمچى، يەنى ھەقىقەتكە باشلىغۇچى   مۇقەددەس روھنى ئەۋەتىمەن. ئۇ ئاتامنىڭ يېنىدىن كېلىپ ماڭا گۇۋاھلىق بېرىدۇ» دېدى.

(پاۋزا)

روشەنكى، ئالدىمىزدا تۇرۇپ سۆزلىۋاتقان بۇ كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇقەددەس روھ دەپ كۆرسىتىشكە ئورۇنماقچى ئىدى. ئۇ داۋاملىق ئىنجىلدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئويدۇرمىسىنى تېخىمۇ كۈچكە ئىگە

قىلماقچى ئىدى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتاپنى بۇرمىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ زادى چىدىيالماي قالدىم. چۈنكى مەن بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتاپتىكى ئايەتلەرنى ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن بۇرمىلايدىغانلىقىنى جىق كۆرەتتىم. دادام بىلەن دەل مۇشۇ ئۈستىدىن جىق مۇنازىرىلاشقان ئىدىم. لېكىن، مەن يەنىلا سۈكۈت قىلىپ ئولتۇردۇم.

ئۇ كىشى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «بۇرادەرلەر، ئۇنتۇپ قالمايلى، بۇ ھەقىقەتلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىجا كەلتۈرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا بارلىق ئىشلارنى سەممىمىزغا سالىدىغان پەيغەمبەردۇر. قۇرئاندا ئۇ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى يەنى ئۇنىڭ بۈۋى مەريەمدىن تۇغۇلۇشى، ئۇنىڭ ياراتقان مۆجىزىلىرىنى سەممىمىزگە سالدى. پەيغەمبىرىمىز يەنە يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنىمۇ بىزگە ئاشكارلىدى. ئۇ يەنە ئادەم ئاتا دەۋرىدىن تاكى ئۆز دەۋرىگىچە بولغان بارلىق چوڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى بىزگە قۇرئاندا نەقىل كەلتۈرۈپ بەردى. ئۇ ھەقىقەتنىمۇ بىزنى توغرا يولغا باشلاپ، بىزگە، ناھايىتى ياخشى شەرىيەتنى ئېلىپ كەلدى". دەپ سۆزلەۋەردى.

ئەگەر بۇ كىشى سۆزىنى مۇشۇ يەردە توختاتقان بولسا مەن بەلكى مەيلى دەيتتىم. لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ مۇقەددەس كىتابتىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام  توغرىلىق ئاتالمىش بۇ بىشارەتلەر توغرا دەپلا قالماستىن، بەلكى، يەنە ئىنجىلدا ئەخمەدىيە مەزھىپىنى قۇرغۇچى مىرزا غۇلام ئەخمەد توغرىلۇق ئالدىن ئېيتىلغان بىشارەتلەرمۇ بار دېيىشكە باشلىدى. ئۇ ناھايىتى ئۇچۇق قىلىپ: « ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇنياغا ئىككىنچى قېتىملىق كېلىشى مىرزا غۇلام ئەخمەددە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. مىرزا غۇلام ئەخمەد

مەھدى  مائۇد، ئۇلۇغ يول باشلىغۇچى، ئالدىن بېرىشارەت بېرىلگەن مەسىھتۇر. ئۇ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ جەۋھىرى، ئۇ بۇ ئاخىرقى كۈنلەردە بىزگە تىنچلىق ۋە ئامانلىق بېرىدىغان ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگۈچىدۇر» دەپ گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئولتۇردى.

مەن ئۇنىڭ بۇ تۇتامىغا ئىلىشمايدىغان يالغانچىلىقلىرىنى ئاڭلاپ، تومۇرلىرىم كۆپۈپ كەتتى. كۆڭلۈمدە، «ئاپار بۇ ئەخلەت پەلپەتەڭنى!» دەپ ئويلۇدۇم. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەم ئۇنىڭ دىگەنلىرىنىڭ قۇرۇق پەلپەتە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلىگىنىمدىن خۇش بولدۇم. ئىچىمدە بىر ئاۋاز ماڭا:   مەخسۇت ئورنۇڭدىن تۇر! سەن بىلدىغان ھەقىقەتلەرنى دەيدىغان ۋاقىت كەلدى. دادىللىق بىلەن سۆزلە، ئۇنداق قىلمىساڭ سېنىڭ ۋىجدانىڭ چىداپ تۇرالمايدۇ، دىيگەندەك ھىس قىلدىم. ئۇ ماڭا خوددى راست بىر ئاۋازدەك بىلىندى. ئاندىن مەسچىتتىكى ئىمامنىڭ ئاۋازى غۇۋا ئاڭلاندى:  ئاراڭلاردا يەنە جامائەتكە بىر سۆز قىلىشنى خالايدىغانلار بارمۇ؟

ئىمام خۇدى شەخسەن مەندىن سورىغاندەك بولدى. ئۇ بۇ سۆزنى دىيىشىگە جامائەتنىڭ غۇلغۇلا قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ ۋاقىتتا ئىمامنىڭ چىرايى، بىر نەرسىنى خاتا سۆزلەپ قويغاندەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ چاغدا مەن پۈت قوللىرىمنى رۇسلاپ ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەندە، خۇددى بىرسى،پۇت قوللىرىمدىن تارتىپ مېنى يۆلەپ چىقىرىپ قويغاندەكلا بولدى. شۇنداق قىلىپ مەن ئالدىغا قاراپ ماڭدىم. مەن بۇ بايا سۆز قىلغان كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئۇنىڭدىن  مۇقەددەس كىتاپنى بېرىپ تۇرۇشنى سورۇدۇم. ئۇ ماڭا ئەدەپ بىلەن بەردى.

بارلىق جامائەتنىڭ كۆزى ماڭا تىكىلگەن بولۇپ، ئىمام بىر چەتتە ئولتۇراتتى. مەن كۆپچىلىككە بىر قۇر قاراپ چىقىپ، ئاندىن سۆزۈمنى

باشلىدىم. شۇ چاغدا تىلىمغا ئاجايىپ بىرخىل كۈچ  قۇدرەت تولغان بولۇپ، ئۇ كۈنى ئېيتقان سۆزلىرىمنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمەن.

«مۆھتەرەم جامائەت، بىز ھەركۈنى دىگۇدەك يېڭى يېڭى ئىشلارنى باشتىن كەچۈرىمىز ۋە يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىمىز. بەلكى، بۈگۈنمۇ سىلەر بىر يېڭىلىق ئاڭلىشىڭلار مۇمكىن. بىز تېخى ھېلىلا بۇ ئەپەندىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدۇق. گەرچە مۇسۇلمانلار تەرۋرات ۋە ئىنجىلنى ئۆزگەرتىلگەن دەپ قارىسىمۇ، بۇ كىشى بۇ كىتاپلاردىن نەقىل كەلتۈردى. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ بۇ مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىگە ئىشىنىدىغان ئوخشايدۇ.

مەن بىردەم توختاپ قولۇمدىكى مۇقەددەس كىتاپقا قارىدىم. مەن ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىمنىڭ كۆپچىلىككە ياقماۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. مەن ئۇلارنىڭ ماڭا ئوخشاش تېخى ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن بىر بالىنىڭ بۇنداق نەرسىلەرنى سۆزلەش ھوقۇقىنىڭ يوق، بولۇپمۇ جامائەت ئالدىدا سۆزلەش ھوقۇقى يوق دەپ قارايدىغانلىغىنى بىلەتتىم. لېكىن مەن داۋاملاشتۇرۇپ، «بىز باشتا بۇ ئەپەندىمدىن تەۋرات سۇرە قانۇننىڭ تەكرارى 18:18 ئايىتىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغۇرىسدا سۆزلىگەنلىكىنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى سورىشىمىز كېرەك. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئەيسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە خەلقلەر ئۇنى تەۋراتتىكى شۇ ئايەتنى بىجا كەلتۈردى دەيدۇ؟ ئىنجىل سۇرە يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 1 باب 45 ئايەتتە ‹فىلىپ ناتانيەلنى تېپىپ، ئۇنىڭغا: مۇسا پەيغەمبەر تەۋراتتا ئالدىن ئېيتقان، باشقا  پەيغەمبەرلەرمۇ تىلغا ئالغان قۇتقۇزغۇچى مەسىھنى تاپتۇق. ئۇ يۇسۇپنىڭ ئوغلى ناسرەلىك ئەيسا ئىكەن› دەپ ئېنىق ئېيتقان. ھەزرىتى ئەيسانىڭ دەۋرىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ قىلغان مۆجىزىلىرىنى كۆرۈپ، ‹بۇ كىشى

ھەقىقەتەنمۇ دۇنياغا كەلگەن پەيغەمبەر ئىكەن› دېگەن. ئىنجىلدىكى باشقا بىر يەردە ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنى ‹ئەگەر، سىلەر راستتىن مۇسا پەيغەمبەرگە ئىشەنگەن بولساڭلار، ماڭىمۇ، ئىشەنگەن بولاتتىڭلار. چۈنكى مۇقەددەس يازمىلاردا مۇسا پەيغەمبەر مەن توغرىلىق يازغان› دېگەن.

مەن جامائەتكە قارىغىنىمدا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ، غەزەپلىنىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. لېكىن مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ:

«ئەمدى جامائەت، بىز مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى بەزىبىر ئاتالمىش ئوخشاشلىق ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. بۈگۈن بىز بۇ ئەپەندىمدىن بەزى پاكىتلارنى ئاڭلىغان بولساقمۇ، يەنە نۇرغۇنلىرىنى تېخى ئاڭلىمىدۇق. مەسىلەن، مۇسا پەيغەمبەر دەۋرىدە، مىسىرنىڭ پادىشاھى يەھۇدىي بالىلىرىنى قىرغىن قىلغان. لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە بۇ ئىش بولغانمۇ؟ ئەلۋەتتە بولمىغان. مۇسا پەيغەمبەرگە كەلىمۇللا يەنى خۇدا بىلەن بىۋاستە سۆزلەشكۈچى دېگەن نام بېرىلگەن. بىز بۇنى قۇران سۈرە نىسا 164 ئايىتىدە كۆرەلەيمىز. لېكىن قېرىنداشلار، قۇراندىن ھەممىمىز بىلىمىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىۋاستە ئەمەس بەلكى جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن خۇدادىن ۋەھى ئالغان. يەنە مىسال ئالايلۇق، مۇسا پەيغەمبەر مۆجىزە كۆرسەتكەن. لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۆجىزە كۆرسەتمىگەن. كىمكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۆجىزە ياراتقان دېسە، ئۇ كىشى قۇرئانى ئوبدان بىلمەيدۇ. چۈنكى، قۇرئاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزە كۆرستەلەيدىغانلىقى توغۇرلۇق ھېچنىمە يېزىلمىغان.

بۇ ئەپەندىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئىنجىلغا ئاساسەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەيسا ئالدىن بىشارەت بەرگەن مۇقەددەس روھ . لېكىن جامائەت،

بۇ خىل كۆز قاراش توغرىمۇ ياكى خاتامۇ؟ چۈنكى بىز ئەھمەدىيەلەرنىڭ كىتابلىرىدا مىرزا غۇلام ئەخمەد ئۆزىنى مۇقەددەس روھ دەپ ئاتىغان. شۇڭا بۇنداق دېيىش بىز ئۈچۈن چوڭ بىر زىددىيەت ئەمەسمۇ؟ قېرىنداشلار، بىز بايا ئاڭلىغان ئىنجىل سۈرە يۇھاننا 14 باب16 ئايەتتىكى مەزمۇنى زادى نېمىنى چۈشەندۈردۇ؟ مەن يەنە بىر ئوقۇپ بېرەي: ھەزرىتى ئەيسا دەيدۇكى «مەنمۇ خۇدائاتامدىن سىلەرگە باشقا بىر ياردەمچى ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن. ئۇ سىلەر بىلەن مەڭگۈ بىرگە تۇرىدۇ» ئۇنداقتا جامائەت، بۇ ‹ياردەمچى› زادى كىم؟

بىرىنچىدىن، بۇ ئايەتتە ‹خۇدائاتا› دەپ روشەن ئېيتىلغان تۇرسا بىز ئۇنى قانداق قوبۇل قىلالايمىز؟ بىز خۇدانى ئاتا دەيدىغان تەلىماتقا قارشى تۇرىدىغان تۇرساق، ئۇنداقتا بىز ئۇنى قوبۇل قىلىشىمىز تامامەن يوق گەپ ئەمەسمۇ؟

ئىككىنچىدىن، بۇ ئايەتتىكى ھەزرىتى ئەيسانىڭ سۆزىنىڭ ھەققىي ئەھمىيتى نېمە؟ روشەنكى، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئورنى شۇ قەدەر يۇقۇركى ئۇ خۇدادىن تىلىسىلا، خۇدا ئۇنىڭ دۇئاسىغا بىنائەن مۇقەددەس روھنى ئەۋەتىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنى ھەزرىتى ئەيسادىن ئۇلۇغ دەپ قارايمىز. لېكىن، مۇھەممەد ئەلەيھسسالام مۇشۇنداق بىر دۇئانى قىلالىدىمۇ؟ ھەزرىتى ئەيسا ئىنجىل سۈرە يۇھاننادىكى 16 باب 7 ئايەتتە يەنە ‹بىلىپ قويۇڭلاركى، مېنىڭ كېتىشىم سىلەرگە پايدىلىق. كەتمىسەم، سىلەرگە ياردەمچى كەلمەيدۇ. ئەمما كەتسەم، ئۇنى سىلەرگە ئەۋەتىمەن.› دەپ ئوچۇق ئېيتقان.

مەن ئىنجىل شەرىفتىن ھەر بىر ئايەتنى نەقىل كەلتۈرگىنىمدە، خۇدانىڭ بۇ ئايەتلەرنى مېنىڭ ئېسىمگە سېلىشۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلەتتىم.

مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ:
ھەزرىتى ئەيسا ئىنجىل، سۇرە يۇھاننا 14 :16 دە ‹مۇقەددەس روھ كىلىپ سىلەر بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولىدۇ› دېگەن. ئۇنىڭ بۇ يەردە دىمەكچى بولغىنى، مۇقەددەس روھ ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرمەكچى. ئۇنداقتا، ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ سۆزلىرىنى قانداقمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەدبىق قىلغىلى بولىدۇ؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ دۇنيادا، ئاران ئاتمىش ئىككى يىللا ياشىغان. كىم ئاتمىش ئىككى يىلنى مەڭگۈ بىلەن باراۋەر دەپ قارىيالايدۇ؟!
مەسچىتنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بىر  بىرىگە قاراشتى. مەن ئۇلارنىڭ مەن توغرىلىق نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. بەزىلەرنىڭ يۈزىدىن ماڭا بولغان ئۆچمەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ  تۇراتتى. ۋە مەن يەنە بەزىلىرىنىڭ ئاچچىغىدىن جىم تۇرماي ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.  لېكىن مەن، ھېچ بولمىغاندا، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاز ساندا بولسىمۇ، بەزىلىرى بۇ مەسىلىلەرنى ئەستائىدىل ئويلاۋاتقاندۇ دېگەن ئۈمىدتە سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم.
"مۇقەددەس روھ توغرىسىدا ھەزرىتى ئەيسا ئىنجىل شەرىفتە يەنە مۇنداق دېگەن. ‹ھەقىقەتكە باشلىغۇچى   مۇقەددەس روھ كەلگەندە... ئۇ ئۆزلۈكىدىن سۆزلىمەيدۇ، ئەكسىچە، ئاتام  ئىككىمىزنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۆزلەيدۇ.›
ئەمدى جامائەت، بەزىلەر بۇ ئايەت  بەلكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىلىق ئېيتىلغان دېيىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ ئەرشىدىن ئاڭلىغىنىنى سۆزلىگەن. ئەمما، كېيىنكى ئايەتچۇ؟ ھەزرىتى ئەيسا يەنە ‹ئۇ مەندە بولغاننى سىلەرگە يەتكۈزۈپ، مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇمنى ئايان  قىلىدۇ›. دېگەن.

بۇرادەرلەر، بايا سۆزلىگەن ئەپەندىمنىڭ يۇقىرقى ئايەتلەرگە بەرگەن تەبىرى بىزنىڭ ئومۇملاشقان چۈشەندۈرۈشى ئىكەن. بىز مۇسۇلمانلار ئىنجىلدىكى ھەزرىتى ئەيسانىڭ مۇقەددەس روھ توغرۇلۇق ‹ئۇ ئۆزلىكىدىن سۆزلىمەيدۇ... ئۇ مەندە بولغاننى سىلەرگە يەتكۈزۈپ، مىنىڭ ئۇلۇغلۇقۇمنى ئايان قىلىدۇ› دىگىنىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان دەپ قارايمىز. لېكىن جامائەت، ئەگەر بۇ كۆز قاراشىمىز توغرا بولسا... ئەگەر بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان "سۆزۈمنى يەتكۈزىدىغان" ۋە "ئۇلۇغلىقىمنى ئايان قىلىدىغان" زات راستىنلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولغان بولسا... ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزى خۇدا دىگەن خۇلاسە چىقىرىشىمىز كېرەك. چۈنكى بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى **خۇدانىڭ** سۆزىنى يەتكۈزدى، **خۇدانىڭ** ئۇلۇغلۇقىنى ئايان قىلدى دەپ چىن قەلبىمىزدىن ئىشىنىمىز.

لېكىن قېرىنداشلار، ئەگەر بىز ' بۇ كۇپپۇرلۇق! ھەزرىتى ئەيسا ھېرگىزمۇ خۇدا ئەمەس' دىسەك، ئۇ ھالدا ھەزرىتى ئەيسا ئالدىن ئېيتقان مۇقەددەس روھ قانداقمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولالىسۇن؟ ئۇ بولالمايدۇ، چۈنكى ھەزرىتى ئەيسا ۋەدە قىلغان بۇ مۇقەددەس روھ، ئۆزىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزىدۇ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئايان قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!

يەنە بىر قېتىم ئېيتەي دوستلار، ئەگەر بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەزرىتى ئەيسا ئالدىن ئېيتقان مۇقەددەس رۇھ دىسەك، ئۇ قۇرئاندا ھەزرىتى ئەيسانىڭ سۆزلىرىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى يەتكۈزگەن بولاتتى ۋە بىز ئاخىرىدا يەنىلا ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزى خۇدا ئىكەنلىكىنى ئېتراپ قىلىشىمىز كېرەك!

قېرىنداشلار، ئەگەر سىلەر ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئالدىن ئېيتقان بۇ مۇقەددەس روھنىڭ قانداق قىلىپ ئۇنىڭ سۆزىنى، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى يەتكۈزىدۇ دەپ بىلمەكچى بولساڭلار ... بىز ئىنجىلدىكى ئۇ توغرۇلۇق ئايەتلىرىگە يەنە بىر قېتىم قاراپ چىقايلى.

مەن قولۇمدىكى مۇقەددەس كىتاپنىڭ ئىنجىل سۇرە ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى 2 بابىغا ئېچىپ، جامائەتكە قاراپ، مۇنداق دېدىم:
- پېترۇس دەپ ئاتالغان ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىر مۇرىتى ئۆز ئۇستازىنى ئۈچ قېتىم تونۇيمايمەن دەپ ئىنكار قىلغان. لېكىن كېيىن، مۇقەددەس روھنىڭ كۈچ قۇدرىتى ئۇنىڭ ئۇستىگە چۈشكەندە، ئۇ نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ ئالدىدا زور جۈرئەت بىلەن ئاشكارە ھالدا مۇنداق دېگەن:

‹ئەي ئىسرائىل قېرىنداشلار، سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار. خۇدا ناسىرەلىك ھەزرىتى ئەيسا ئارقىلىق ئاراڭلاردا كۆرسەتكەن مۆجىزە ۋە كارامەتلىرى بىلەن ھەزرىتى ئەيسانى ئۆزىنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. بۇ ئىش ھەممىڭلارغا مەلۇم. سىلەر ئۇنى خۇدايىمىزغا ئىشەنمىگەن رەزىل ئادەملەرگە تۇتۇپ بېرىپ، كرېستكە مىخلاپ ئۆلتۈرگۈزدۈڭلار..... ئەي ئىسرائىل قېرىنداشلار، شۇنى قەتئىي بىلىشىڭلار كېرەككى، خۇدا سىلەر كرېستكە مىخلاپ ئۆلتۈرگەن ئەيسانى ھەم رەببىمىز ھەم بىزنى گۇناھلىرىمىزدىن ئازاد قىلىدىغان قۇتقۇزغۇچى مەسىھ قىلىپ تەيىنلىدى!›

مەن بۇ يەرەككە تەككۇدەك سۆزلەرنى ئوچۇق ئاشكارە ئوقۇغىنىمغا ھەيران قالدىم. شۇ كەچتە خۇدانىڭ قۇدرىتىنىڭ مەسچىتتە نامايەن

بولغانلىغىنى ھىس قىلدىم. مەن بىردەم تىنىۋالغاندىن كېيىن، ئەمدى قانداق كۆچلۈك سۆزلەر ئەگىشىپ كېلەر؟ دەپ خىيال قىلدىم. ئاخىرى مەن 'يەنە بىر ئىشنى دىمىسەم بولمايدۇ' دەپ ئويلۇدۇم.

بۇرادەرلەر، بىز بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا بىز نېمە ئۈچۈن ھېچبىر ھەقىقەت يوق خاتا تەلىملەرنى ئاڭلايمىز. ھەتتا ئۆلارنىڭ ئۈستىدىن دائىم مۇشۇنداق بىمەنە مۇنازىرە قىلىشىپ ئولتۇرىمىز؟".

ئەگەر گېپىمنى شۇ يەردە توختاتقان بولسام، بەلكى ياخشى بولاتتىكەن. ئەمما مەن توختاپ قالمىدىم. مەن كۆڭلۈمدە مەن ئالاھىدە بىر ئادەم! خۇدا مەن بىلەن بىللەئىكەن دەپ پەخىرلەندىم. ئەخمەقلارچە مەغرۇرلىنىپ، سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىزنىڭ مەزھېپىمىزدىكى خاتا تەلىملەرگە قاتتىق زەربە بەردىم.

"بىز ئەخمەدىيلەر ئىشىنىدىغان ھەقىقى ھەقىقەت زادى قايسى؟ بىز دائىم مىرزا غۇلام ئەخمەدنى ھەزرىتى ئەيسا مەسىھنىڭ قىياپىتىدە كەلگەن دەيمىز. ئەگەر راست شۇنداق بولسا، مەن سىلەردىن بىر سوئال سوراپ باقاي: ئىنجىلدا سۆزلەنگەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىشى توغۇرسىدىكى بىشارەتلەر نېمىگە ھساپ؟ ھەزرىتى ئەيسانىڭ شاگىرتلىرى "ئۇ كەلگەندە ئۇلۇغ قىيامەت قايىم بولىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا كەڭ ئاسمانلار قاتتىق ئاۋازدا يوقىلىپ، بارلىق نەرسىلەر قىزىق ئوتتا كۆيۈپ تۈگەيدۇ" دەپ ئالدىن ئېيتقاندى. ھەزرىتى ئەيسانىڭ يەنە بىر شاگىرتى، ‹قاراڭلار، ئۇ بۇلۇتلار بىلەن كېلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ھەركىمنىڭ كۆزى ئۇنى كۆرىدۇ،› دېگەن.

لېكىن، بىز ھەممىمىز بىلىمىز  مىرزا غۇلام ئەخمەدنى دۇنيادا بىزدىن باشقا ھېچقانداق كىشى تونۇمايدۇ. بىز ئەخمەدىيەلەرنىڭ چۈشەنچىمىز بويىچە، مىرزا غۇلام ئەخمەد ئۆزى ئۆلۈشتىن بۇرۇن بارلىق ئەيسا مەسىھ

ئېتىقادچىلىرىنى مۇسۇلمانلارغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك ئىدى. قېنى، بۇ ئىش يۈز بەردىمۇ؟ مەن قايتا سوراي، بىز ئىشىنىشكە تېگىشلىك ھەقىقەت زادى قايسى؟..."

ئۇستى بېشىمنى بىردىنلا تىترەك باستى. كۆڭلۈم غەش بولۇپ، شۇنداق قورقۇنچ ھېس قىلدىم. شۇ ھامان ئىچىمدىن بىر ئاۋاز ماڭا:

مەخسۇت بولدى قىل! ئولتۇرۇۋالغىن! دىگەندەك قىلدى.

يەنە سۆزلەشكە ئورۇنغىنىمدا، پۇتلىرىم تىترەپ كەتتى. مەن خالايىقنىڭ قوزغالغىنىنى ۋە دادامنىڭ ماڭا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ قولى بىلەن تومشۇقۇمغا كۈچەپ بىرنى سالغاندى. مەن يەرگە ئوڭدىسىغا چۈشتۈم. باشقىلارمۇ كېلىپ مېنى ئۇرۇپ، تېپىشىپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ، مەن ھوشۇمدىن كەتتىم.

## 7 باب   «قېچىش»

مەن ھوشۇمغا كەلسەم، دوختۇرخانىدا ياتقىدەكمەن. بېشىم قايغان ھالدا ئەتراپىمغا قارىسام، ياتاقتا باشقا كېسەللەرمۇ بار ئىكەن. مەن ئورنۇمدىن تۇراي دېسەم مىدىرلىيالمىدىم. سىرتتىن چوڭ يولدىكى ماشىنىلارنىڭ غاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۆزۈمنى خۇددى كىچىك بوۋاقتەك ئاجىز ھېس قىلدىم.

بىر سېستىرا كىرىپ، بىر نەرسە دېمەستىنلا ماڭا ئاسما ئوكۇل سالدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئاسماندا لەيلەپ قالغاندەك بولدۇم. ئارقىدىن ئۇخلاپ قېلىپتىمەن. كېيىن كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا، دوستۇم ئەخمەد كارىۋېتىمنىڭ بېشىدا، خاپا بولغان ھالدا ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە ئىككى ياش بالا تۇراتتى. مەن ئۇلارغا قاراپ كۈلەي دېسەممۇ كۈلەلمىدىم. چۈنكى، شۇ ۋاقىتتا بېشىم ھەم ئاغرىپ ھەم قېيىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۈنلۈك ئاۋازدا كۈلۈپ، تەنە قىلغان ھالدا:

ئۇ ئۆزىنىڭ تەنتەكلىكىدىن بۇنچىلىك تاياق يېگەندىكىن، كىلەر قېتىم بۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەس، دېدى.

يەنە بىرسى بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

ئۇ بىر ئۆلۈغ زاد تۇرسا. كۆرمەمسىلە، شۇنچىۋالا ئەدۋېنى يېگەن بولسىمۇ، .ئىككى كۈندىن كېيىن يەنىلا ھايات تۇرمامدۇ  دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ، مەن بالنىستا ياتقىلى ئۈچ كۈن بولغانلىقىنى بىلدىم. ئەخمەد مەن بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىش ئۈچۈن، يېنىدىكى دوستلىرىغا قايتىڭلار دەپ ئىشارەت قىلدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئەخمەد كارىۋېتىمنىڭ يېنىدا

ئولتۇرۇپ، ماڭا ئەستايدىللىق بىلەن:

مەخسۇد، سەن نېمە ئۈچۈن ئۆز بەختىڭگە ئۆزۈڭ ئولتۇرىسەن؟ ئۆزەڭلا ئەمەس، سېنىڭ پۈتكۈل ئائىلەڭمۇ سېنىڭ بۇ قۇرۇق پەلپەتەڭنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئۇلارنى ئويلاپ كۆر مەخسۇت! هازىر توختاپ قالساڭمۇ ئۈلگىرىسەن. سەن ئۆزۈڭنىڭ خاتا ۋە بىخەستەلىك قىلىۋاتقانلىقىڭنى ئېتراپ قىلىپ، توغرا يولدا ماڭساڭلا بولىمادۇ. توغرىسىنى قوبۇل قىل دوستۇم ، ئاندىن ھەممە ئىشىڭ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىدىن، ماڭا بولغان مېھىر مۇھەببىتىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئۇ مېنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغىنىدا مەن ئۇنىڭغا :

ئەخمەد سەنمۇ مېنى يالغانچى دەپ قارامسەن؟ نېمە ئۈچۈن سىلەر ھەممىڭلار مېنى دۈشمەندەك كۆرىسىلەر؟ مەن نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيۋاتىمەن. مەن تۇيۇپ تۇرىۋاتىمەن، ماڭا بىرسى شۇ سۆزلەرنى ئېيت دېگەندەك قىلىدۇ. مەن بۇلارنى چوقۇم سۆزلىشىم كېرەك. بۇلارنى دەۋىتىپ كۆزلىرىم ياشقا تولۇپ كەتتى.

ئەخمەدنىڭ قايىقى تۇرۇلۇپ ماڭا ئاگاھلاندۇرغان ئاۋازدا:

مەخسۇت، سەن يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن. سېنىڭ قىلغان ئۇ سۆزلىرىڭنى ساڭا بىرسى چوقۇم ئۆگەتكەن. ساڭا بىرسى بۇ نەرسىلەرنى سۆزلەپ بىزگە قارشى چىقىشقا كۈشكۈرتىۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟ دېدى.

گەرچە ئۇ شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، ئۆز كۆڭلىدە مېنىڭ ئىشلىرىمغا كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ ئازراق ئىككىلىنىپ، سۆزلىرىمگە ئىشەنمىگەندەك قىلدى. مەن يەنە قايتا چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ:

ئەخمەد، مەن مەسچىتتە سۆزلىگىنىمدە، قەلبىمدىكى ھېلىقى ئاۋاز مۇشۇنداق سۆزلە دەپ ئىلھام بەردى، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا بويسۇندۇم.

ھەممەيلەن سۈكۈتتە ئوتتۇرۇپ مېنىڭ سۆزلىگىنىمنى ئاڭلىدى. بۇنى ئۆزەڭمۇ كۆردۈڭ. لېكىن ئەخمەد، مەن ئۆز سۆزلىرىمنى قوشۇپ سۆزلىشىم بىلەنلا، چاتاق چىقتى. قەلبىمدىكى تېنچلىق يوقاپ كەتتى. تەكەببۇرلۇقىمدىن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماپتىمەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار كېلىپ مېنى ئۇرۇپ كەتتى، دېدىم.

مەن ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭ مېنى چۈشىنىشىگە تەلمۈردۈم. لېكىن ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرغان پېتى، ماڭا ئاچچىقلىنىپ:

ئەمدى مەن سېنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىڭغا رەسمىي ئىشەندىم. دوختۇر توغرا دەپتۇ. سەن ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا بارساڭ بولغىدەك، دەپ جاۋاب بەردى.

ئاندىن، ئۇ بۇرۇلۇپ ماڭا خوشمۇ دېمەي چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ شۇنداق چىقىپ كېتىشى كۆڭلۈمنى يېرىم قىلدى. لېكىن، مېنى تېخىمۇ چۈچۈتكىنى ئۇنىڭغا دوختۇرنىڭ دىگىنى ئىدى. دوختۇر مېنى راستىنلا ساراڭ دەپ قارامدىغاندۇ؟ بۇ ئىش قەلبىمگە پىچاق سانجىغاندەك بولدى. ئالدىمدا ماڭا بىرەر يامان ئىش يۈز بېرىدىغاندەكلا بىئاراملىق ھېس قىلدىم. يوتقىنىمغا پۈركىنىپ تۇرۇپ، قورقۇنچ ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ نېمە بولۇپ كېتىدىغانلىقىمنى ئويلاپ ئۈن چىقارماي يىغلىدىم. دۇئا قىلىشقىمۇ رايىم بارمىدى.

بىر دەمدىن كېيىن، بىر سېستىرا قان بېسىمىنى ئۆلچىگىلى كىردى. ئۇ بىرەرسىنى تاساددىبى كىرىپ قالمسۇن دەپ ئىشىككە قاراپ ئولتۇردى. ئاندىن، ئالدىرماي ئوچۇق قىلىپ:

پەخەس بول! ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ھەرقانداق نەرسىنى يېمىگىن. بۈگۈن كېچە سائەت ئۈچتە ھاجەتخانىغا كىر. كىيىم كېچەكلىرىڭنى شۇ

يەردە تاپسەن. كىيىمگىنى كىيىپلا قاچ، بۇ يەردە تۇرما!  دەپ تاپىلىدى.
سىپىستىرا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن قورقۇنچلىقتا  ئەخمەدنىڭ دىگەن گەپلىرىنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن. بۇ سىپىستىرا زادى نېمە دىمەكچىدۇ؟ ماڭا نېمە ئىش يۈز بېرەر؟ ئاندىن مەن خۇدانىڭ ياردىمى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، كارۋاتتا ياتقاچ تەشۋىش ئىچىدە قالدىم. شۇ كۈنى ھەربىر مىنۇت ئاجايىپ ئاستا ئۆتتى.
بۇ قىز كىمدۇ؟  ئۇ بىر ئادەتتىكى سىپىستىرامدۇ؟ مەن كارۋىتىمدا ئۇنىڭ ماڭا ئېيتقان بۇ غەلىتە ئاگاھلاندۇرۇشىدىن ھەيران بولدۇم. ئۇ ماڭا ھەققەتەن سەممىي دىگەن ئىدى. بۇ ئىشلار مېنى بىر ھازاغىچە ئازراق جىددىلەشتۈرۈپ قويدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى نەدىن بىلگەندۇ؟ بۇ سىپىستىرانى چوقۇم خۇدا ئەۋەتتى. خۇدا ئۆزىنىڭ پەرىشتىسىنى ئەۋەتىپ، ماڭا ئالدىن ئۇختۇرۇش قىلدى دەپ ئويلۇدۇم.
شۇ كۈنى كەچلىگى ماڭا تاماقنى  ئېلىپ كەلگەندە، مەن تاماقتىن راستىنلا گۇمان قىلدىم. مېنىڭ قورسىقىم ئېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنى يىمىدىم. چۈنكى، «ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ھەرقانداق نەرسىنى يېمىگىن!» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە جاراڭلايتى. مەن تاماققا يەنە بىر قارىدىم. ئۇلار راستىنلا مېنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچىمىدۇ؟ مەن ئۆز ئېتىقادىنى تەرك ئەتكەن كىشلەرنىڭ يا ئۇنداق، يا بۇنداق ئۇسۇلدا قەستكە ئۇچرايدىغانلىغىنىڭ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتىم. مەن راستىنلا ئەۋلادىمىز ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىنى  ئىنكار قىلدىممۇ يە؟ مەن ئۆزۈمنىڭ زادى نېمىگە ئېتىقاد قىلغانلىقىمنى بىلمىدىم. شۇنداق قىلىپ، مەن تاماقنى تۈيدۇرماي،  بىر خاشۇ خالتىغا سېلىپ، تارتمىغا تىقىۋەتتىم. مەن قۇرئاندىكى ئېسىمدە بار سۈرىلىرىنى يادلاپ ئوقۇپ، خۇدا مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن

دەپ قايتا  قايتا دۇئا قىلدىم. ۋاقىت شۇنداق ئاستا ئۆتەتتى. بىرەرسى ئىشىككە كېلىپ ماڭا قارىغۇدەك بولسا، مەن يالغاندىن ئۇخلاپ قالغاندەك بولۇۋالاتتىم.

بۇ ئاخشام خۇددى تۈگىمەس كېچىدەكلا بىلىنىدى. دىجورنىي سېستىرالار بىزنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. كەچ سائەت ئۈچ ئەتراپىدا ئىشىك جىمجىت ئېچىلىپ بىرسى مېنى ئاستا چاقىردى. مەن كارىۋاتتىن ئۆمىلەپ قوپۇشۇمغا، يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئاندىن مەن پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ئوبۇرنىغا كىردىم. مەن ئۇ يەردىن ئۆزەمنىڭ بۇرۇنقى كىيگەن كىيىم  كېچەكلىرىمنى تېپىپ كىيىۋالدىم.

ئوبۇرنىدىن چىقسام، مېنى ئوغاتقان ھېلىقى سېستىرا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ دەررۇلا ماڭا:

ئەگەر، سەن باغنىڭ ئاۋۇ تەرىپىگە بارساڭ، تامغا يامىشىپ سەكرەپ چۈشۈپ كېتەلەيسەن. ئۇ تام ئانچە ئېگىز ئەمەس، ئەندىشە قىلما. سائەت تۆت يېرىملاردا، بىر ئاپتوبۇس كېلىدۇ. سەن ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ، لىئالپۇر شەھەرگە بارغىن. ئۇ يەردىن لاھور شەھەرگە  بارىدىغان ئاپتوبۇسغا ئالمىشىپ ئولتا. يانچۇقۇڭدا بىر ئادرىس بار. سەن ئۇ يەرگە بارساڭ بىخەتەر بولىسەن. مەن يانچۇغىڭغا يەنە ئازراق پۇلمۇ سېلىپ قويدۇم. مېنىڭ ئاپام شۇ يەردە تۇرىدۇ. يېتىپ بارغاندا، ئۇ ساڭا ياردەم قىلىدۇ. مەن ئاپامغا سېنىڭ بارلىق ئىشلىرىڭنى چۈشەندۈرۈپ خەت يازدىم. يېتىپ بېرىپلا بۇ خەتنى ئۇنىڭغا بەرگىن!    دېدى.

مەن بۇ ئىشلارغا ھەيران قالدىم، ھەم قايمۇقۇپمۇ قالدىم. بۇلار خۇددى كىچىك ۋاقتىمدا ئوقۇغان، باللار چۆچەكلىرىدىكى ھېكايىلارغا ئوخشاپ كېتەتتى. مەن بۇ قىز نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇنداق ياردەم قىلىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلۇدۇم. خۇدانىڭ ئۇنى دەل ۋاقتىدا ماڭا ئەۋەتكىنىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتىم.

شۇنىڭ بىلەن، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىغىمنى بىلدۈردۈم.
لېكىن، ئۇ مېنىڭ تېز مېڭىشىمنى سۆيلىدى. مەن ئۇنىڭدىن:
سىز نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇنداق ياردەم قىلىسىز؟ دەپ سورىسام، ئۇ دەرھاللا:
ھازىر سوئال سورايدىغان ۋاقىت ئەمەس. سېنىڭ ئەھۋالىڭ ناھايىتى خەتەرلىك. بۈگۈن ئەتىگەن بىر چوڭ ئەمەلدار كەلدى. ئۇنىڭ دوختۇرغا سېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم، دېدى.
ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئۇ غەلىتىلا:
سەن مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئامان قالالايسەن ئۇكام، خۇدا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! دېدى.
مەن رەھمەت ئېيتىپ بولغىچە ئۇ كۆز ئالدىمدىن غايىپ بولدى. مەن كارىدوردىن يۈگۈرۈپ چىققۇچە ھېچكىم مېنى كۆرمىدى. ئاندىن، باغقا چىقىپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن چىملىقتىن ئۆتتۈم. دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىغا قارايدىغان كىشى ئورۇندۇقتا ئۈگدەپ ئولتۇرۇپتىكەن. ئەتراپتا چاتقاللىق بولغاچقا، ئۇ مېنى كۆرۈپمۇ قالمىدى. چاتقاللىقنىڭ ئالدىدىكى پاكار تامنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ، تېزدىن ئۇچىغا كىرىۋالدىم. قارىسام دەرۋازىغا قارايدىغان كىشى يەنىلا ئۇخلاۋېتىپتۇ. مەن تامغا يامىشىپ چىققاندىن كېيىن، پەسكە قاراپ سەكرەشتىن بىردەم ئەنسىرىدىم. ئەمما، شۇ ۋاقىتتا بىر ئىشت ھاۋشىدى. مەن تامدا بىرەرسى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ سەكرىۋىدىم، دەل تامنىڭ تۈۋىدىكى ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگىلا چۈشۈپتىمەن. بۇ ناھايىتى پاسكىنا كوچا بولۇپ، ئەخلەت ئىچىدىكى ئەينەك پارچىلىرى قولۇمنى كېسىۋېتىپتۇ. تەلىيىمگە مەن چوڭ بىر قەغەز ساندۇقنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتىكەنمەن، بولمىسا ئەسلىدىلا مەينەت بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىم، تېخىمۇ مەينەت

بولۇپ كېتىدىكەنتۇق. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئەتراپتىكى ئەڭ يېقىن شولا چۈشۈپ تۇرغان يەرگە يۈگۈرۈندۇم. ھېچكىم مېنى كۆرمىدى، شۇڭا مەن بىخەتەر چىقىۋالدىم.

ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن، مەن چوڭ يولغا چىقىپ، ئارلىغى يەتتە سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان چىنئوت كەنتىگە قاراپ ماڭدىم.

ئۇ كېچىسى ئاي بولمىغانلىغى ئۈچۈن، يول قاراڭغۇ ئىدى. مەن بىر نەچچە ساقچىلارنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قولىدا توك كالتىكى بار. لۈكچەكلىك قىلغانلارنى شۇنىڭ بىلەن ئۇراتتى. لېكىن شۇ پەيتتە، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇخلاۋاتقاندەك بولۇپ، مەن سىلىق ئاۋايلاپ ماڭدىم. ھېچكىم مېنى سەزمىدى.

رابۋاخ كەنتى ئەتراپىدىكى تاغلار قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەنىدى. مەن بۇ يەرگە ئىككىنچى قايتىپ كېلەلەرمەنمۇ دەپ يەنە خىيالغا پاتتىم. كۈندۈز شۇنداق ئىسسىق بولغان بولسىمۇ، ئۇ كېچە بەك سالقىن ئىدى. باشقا ۋاقىت بولغان بولسا، بەلكى بۇ سالقىن ئاخشامدا كەچلىك مېڭىشتىن ناھايىتى ھۇزۇرلانغان بولاتتىم، لېكىن بۈگۈن كېچىدە ئۇنداق ھىسياتتا بولمىدىم.

مەن ئەنسىردىم. چۈنكى ئەگەر مۇشۇ قاچقان پېتى تۇتۇلۇپ قالسام، ئۇلار مېنى چوقۇم ئۆلتۈرۋېتەتتى. شۇڭا مەن بۇلارنى ئويلاپ توختىماي يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. مەن رابۋاخ كەنتىدىن تېزرەك كېتەي دەپ، تاكى چارچىغىچە يۈگۈردۈم. دوختۇرخانىدا يېتىپ، بىر قەدەر ئاجىزلىشىپ كەتكەنئىدىم. ئابتۇبۇسقا ئولتۇرمىغىنىمغا ئازراق ئەپسۇسلەندىم. لېكىن، سېستىرانىڭ پىلانىنى ئويلاپ بىقىپ، ئاپتۇبۇسنىڭ بىخەتەر بولىدىغانلىقىغا دىگەندەك كۆزۈم يەتمىدى. شۇڭا چىنئوت كەنتىگە بارغاندىن كېيىن، مەن لاھورغا بارىدىغان پويىزغا ئولتۇراي دىگەن قارارغا كەلدىم. يەنە بىرقېتىم،

قەلبىمدىكى ھېلىقى ئاۋاز ماڭا مۇشۇنداق قىل دەپ دەۋەت قىلىۋاتقانلىغىنى سەزدىم. بۇنىڭدىن كۆڭلۈم بىرخىل ئازادىلىككە تولاتتى.

تاڭ سەھەردە پويىز ئىستانىسىغا يېتىپ كەلدىم. پويىز ئىستانسىنىڭ دەرۋازا ئۈستىدىكى «چىنئوت» دېگەن چوڭ خەتلەر مېنى قارشى ئالدى. بۇ كىچىك ئىستانسىنىڭ ئىچى ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ، زالدا يولۇچىلار چاي بىلەن ناشتا قىلىۋاتاتتى. كىشلەرنىڭ پاكىستاندا پويىز ئىستانسىسى ئەزەلدىن ئۈخلىمايدۇ دېگىنى توغرا ئىكەن. مەن بىر ئۆچرەتكە قىستىلىپ، ئاخىرى لاھور شەھەرىگە بارىدىغان بېلەتتىن بىرنى ئالدىم. بۇ يەتتە سائەتلىك سەپەر ئىدى. مەن پويىزغا چىقىپ بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن، پويىز قوزغىلىدىغان پۈشتىگى ئاڭلاندى.

بىز ئاستا  ئاستا لاھورغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ۋاگونلار ئادەملەر بىلەن لىق تولغان ئىدى. ھەتتا كارىدورلارمۇ قىستا  قىستاڭ ئىدى. بۇ قىستاڭچىلىق بىلەن كارىم بولمىدى. ئەكسىچە، جىق ئادەملەر ئارىسىدا مېنى ھېچكىم تونۇيالمايدۇ دەپ،  مەن ئۆزەمنى بىخەتەر ھېس قىلدىم. بىر ئىككى بېكەت توختىغاندىن  كېيىن، قىستا  قىستاڭ تۈگەپ، بوش ئورۇندىن بىرنى تاپتىم. پويىز توختىغاندا، كىشلەر تېشىغا چىقىپ پۇت  قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، يەيدىغان نەرسە  ئېلىشاتتى. مەدىكارلار كۆرپە ۋە سېۋەتلەرنى يۈدۈپ پوش، پوش، يول بېرىڭلار! دەپ ۋارقىرىشىپ يۈرەتتى. مەن ھاياجانلانغانلىغىمدىن، قورسىقىم ئاچقاندەكمۇ ھس قىلمىدىم. لېكىن ئۇزۇن ۋاقىت بىرنەرسە يېمىگەچكە، ئازراق چاي سېتىۋالدىم. مۇشۇنداق سوغاق سەھەردە، بۇ قىززىق چاي، خوددى ھەسەلدەك شىرىن تېتىدى.

پويىز قوزغالغاندىن كېيىن، ئاخشامقى قورقۇنچ تۇيغىسى ئاستا  ئاستا يوقالدى. مەن چۈشكۈنلۈشۈپ، شۇنداق تەنھا ھېس قىلدىم. لېكىن، مەن

ئەمەلىيەتتە تەنها ئەمەس ئىدىم...
قولۇمنى يانچۇقۇمغا تىقىپ، سىپىترا بەرگەن خەتنى ئالدىم. ئۇنى ئالدىرماي ئېچىپ، "لاھور شەھەرى، نىسبەت كوچىسى" دېگەن ئادرىسنى كۆردۈم. كونۋېرت چاپلانمىغاچقا، ئۇنىڭدا مەن توغرىلىق نېمىلەرنى يازغاندۇ دەپ، خەتنى ئېچىپ ئوقۇدۇم. ھېلىقى سېپىترا ئانىسىغا مېنىڭ ئاۋارىچىلىققا يولۇقۇپ، يۇرتۇمدىن بىر مەزگىل ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىمنى يېزىپتۇ. ئۇ يەنە ئانىسىدىن مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىشنى، بولسا مېنى بىرەر تاغىسىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن ماڭا غەمخورلۇق قىلىپ قويۇشنى سوراپتۇ. ئۇ كېيىن قايتا خەت يازىدىغانلىقىنى، ۋە يەنە بىر قېتىم ئانىسىنىڭ مەندىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى تاپىلاپتۇ.

مەن خەتنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قاتلاپ، كونۋېرتنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدۇم. خەتنى ئوقۇپ، ناھايىتى يىنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئىچىمدە، خۇدا ھالىمدىن مۇشۇنداق خەۋەر ئالىدىغان بولسا، ھېچنېمىدىن ئەنسىرشىنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئازادە ئولتۇردۇم. پويىزنىڭ سىرتىدىكى يېزا قىشلاقلار يامغۇردىن كېيىن يېپ يېشىل بولۇپ، ماڭا خۇددى جەننەتتەك كۆرۈنەتتى. مەن تەشنالىق بىلەن لاھورغا يېتىپ بېرىشنى كۈتتۈم.
بىر قانچە سائەتتىن كېيىن، بىز لاھور شەھىرىنىڭ مەركىزى پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلدۇق. مەن نۇرغۇنلىغان يولۇچىلار بىلەن بىرگە ئىستانسىنىڭ ئىچىدىن ئالدىرماي چىقىپ، سىرتتا خادىكتىن بىرنى چاقىردىم. پاكىستاندىكى شەھەرلەردە خادىك ئۇمۇملاشقان بىر قاتناش قورالى ئىدى. ھارۋۇكەش مېنىڭ بارىدىغان يېرىمنى سورىغاندا، ئادرىسنى ئالاي دىسەم، يانچۇقۇمدا ھېچنېمە يوق! مۇزدەك تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتىم. ھېلىقى سېپىترا

ماڭا بەرگەن كونۋېرت ۋە پۇللار يوقاپ كېتىپتۇ! قستى   قستاڭچلقتا برسى يانچۇقۇمدىن ئېلىۋالغان ئوخشايدۇ. ئېھتىياتسىزلىقىمدىن پۇشايمان قىلغان بولساممۇ، بۇنىڭغا  ھېچبىر ئامال يوق ئىدى.

مەن ھارۋېكەشكە پۇلۇمنى بىرسى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ دېسەم، ئۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، مېنى"نىسبەت كوچىسىغا " ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى. تەلىيىمگە ئادرېسنىڭ بىرقىسمى ئىسمىدە قالغاچقا مەن ئۇنىڭغا بىلىشىمچە ئېيتىپ بەردىم. مەن بىلەن بىر يولدا ماڭىدىغان بىرەر يولوچى چىقمىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئاقكۆڭۈل ھارۋېكەش ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى بىر تارتىش بىلەن، بىز يولغا چىقتۇق.

ئۇ مېنى نەق "نىسبەت كوچىسىغا" ئاپىرىپ چۈشۈرۈپ قويدى. مەن ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە كۆپ مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈردۈم. مەن مۇشۇنداق قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغىنىمدا، ھالىمدىن خەۋەر ئالىدىغان يەنە بىر ئادەم چىققىنى ئۈچۈن، كۆڭلۈمدە خۇداغا شۈكۈر ئېيتىپ دۇئا قىلدىم.

مەن بارماقچى بولغان ئايالنىڭ ئۆيىنى سوراشتىن خىجىل بولدۇم. ئاياللارنىڭ ئادرېسىنى سوراش پاكىستاندا ئەدەپسىزلىك ھېسابلىناتتى. ناۋادا مەن ئىزدىمەكچى بولغان ئادەم بىر ئەركىشى بولغان بولسا، ئۇنى يول بويىدىكى دۇكانچىدىن سورىسام بولىۋېرەتتى. شۇنداقتىمۇ ئامال يوق. ئۆزۈمنى زورلاپ، ئۇ ئايالنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى يەنىلا سورىدىم.

كىشىلەرنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇنى تونۇيدىغاندەك قىلمىدى. يولنىڭ قاق ئوتتۇرۇسىدا تۇرۇپ، قانداق قىلسام بولار دەپ ئويلاپ، كېيىن يەنە بىر توت كوچىغىچە ماڭدىم.  بۇ توت كوچىنى كىشىلەر "لاخمى چوۋك"  دەپ ئاتىشاتتى. بۇ كوچانىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي كىنو ئېلان تاختىلىرى بىلەن تولغان ئىدى. ئۇ يەردە ھەرخىل كىنو ئېلانلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. پاكىستان بىلەن

ھىندىستان دۇنيادىكى ئىككى چوڭ كىنو دۆلىتى بولۇپ، بۇ تۆت كوچىنىڭ ئەتراپى لاھور شەھەردىكى كىنو  فىلىم سانائىتىنىڭ مەركىزى ئىدى. بۇ شەھەر ئۆزىنىڭ كىنو ئىشلەش شىركەتلىرى بىلەن داڭلىق بولدى. نۇرغۇن ياشلار ئۆيلىرىدىن قېچىپ چىقىپ، بۇ يەرگە كېلىپ بىرەر  فىلىمدا رول ئېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ يەرنىڭ ھەممىلا جايىدا كىنوخانە باردەك تۇيۇلاتتى. ھەممىلا جايىدا ئاشخانىلار بولۇپ، مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق جىق ئاشخانىلارنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. كوچىنىڭ قىستا  قىستاڭچىلىغىدا مەن تۇنجۇقۇپلا قالدىم.  مەن پىيادىلەر يولىدا مېڭىۋاتقىنىمدا، ئادەم شۇنداق جىق بولغاچقا مەن چوڭ يولغا چىقتىم. چىقىشىم بىلەنلا بىر پىكاپ مېنى سوقۇۋەتكىلى تاسلا قالدى. مەن قايتىدىن پىيادىلەر يولىغا سەكرەپ كىرگىنىمدە، بىر بالىنى سوقۇۋەتتىم. ئۇنىڭ قولىدىكى پەتنۇستا بىر چەينەك بىلەن بىرقانچە پىيالە بار ئىدى. مەن ئۇنىڭغا سوقۇلغىنىمدا، ئۇ پۇتلۇشۇپ، پەتنۇس يەرگە چۈشۈپ، قاچا  قۇچىلار چېقىلىپ كەتتى.

مەن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. بۇ بالا خاپا بولۇپ مېنى ئەيىپلەپ،  چېقىلغان قاچا  قۇچالار ئۈچۈن بەش رۇپىيە بېرىسەن دەپ تۇرىۋالدى.  پۇلۇم بولمىغاچقا،  شۇنداق خىجىل بولۇپ كەتتىم. ئادەتتە، مەيلى قايسى جايدا بولمىسۇن بىرەر ۋەقە تۇغۇلسا  كىشىلەر دەرھال ئولىشىۋېلىپ تاماشا كۆرەتتى. بەزىلەر بىزنى بىر سوقۇشقان بولسا دەپ كۈتەتتى. لېكىن، مېنىڭ سوقۇشقۇم يوق ئىدى. خاتالىق مەندىن ئۆتكەچكە، ناھايىتى خىجىل بولدۇم. مەن:

مەندە پەقەتلا پۇل يوق. ئىشەنمىسەڭ مېنى ئاختۇر. سەن موچەن ئەمەس، تېيىنمۇ تاپالمايسەن،   دېدىم.

كەينىمدە بولسا بىر ئاقساقال غۇدۇڭشۇپ:

ئۇلار دائىم پۇلىمىز يوق دەيدۇ. بۇ يالاڭتۆشلەرنىڭ ھەممىسى بۇ شەھەرگە

ئارتىست بولمىز دەپ كەلگەنلەر. مېنىڭچە بۇمۇ سېپى ئۆزىدىن، دېدى.

قۇلاقلىرىم قىزىپ كەتتى. ئۇ مەن توغۇرلۇق ھېچنىمىنى بىلمەيتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭغا ھاياتىم خەۋپكە ئۇچرىغانلىقتىن ئۆيدىن قېچىپ چىقتىم، دەپ قايىل قىلىش خىيالىدىمۇ بولمىدىم. مەن ھېلىقى بالىغا:

قارا دوستۇم، مەن قاچىلىرىڭنى چېقىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرگىن! ئەگەر سەن مېنى ئۆزەڭ ئىشلەيدىغان ئاشخانىغا تونۇشتۇرساڭ، مەن سەن بىلەن بىرگە ئىشلەيمەن. شۇنداق قىلغاندىلا مەن پۇلنى تېپىپ سېنىڭ چېقىلغان نەرسىلىرىڭنى تۆلەپ بېرەلەيمەن، دېدىم.

بۇ بالا بىردەم جىمىغاندىن كېيىن قوشۇلۇپ، بېشىنى لىڭشىتتى. مېنىڭچە ئۇ چېقىلغان نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى مەن تۆلەيمەن دېگەچكە ئازراق خاتىرجەم بولسا كېرەك.

يۈر! دېدى ئۇ . مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم.

ئۇ بالا ئىسمىم پەرۇخ دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ يېشى مەن بىلەن تەڭ، خېلى ياخشى بالىدەك كۆرىنەتتى. شۇڭا مەن، بىز دوست بولۇپ قالالىغىدەكمىز دەپ ئويلىدىم. ئۇ مېنى چايخانىغا ئاپىرىپ، ئىشىك ئالدىدا پۇل ساناۋاتقان خوجايىنىغا تونۇشتۇردى. بۇ بىر كىچىك چايخانا ئىكەن. مۇشۇ ئەتراپتا بۇنىڭدەك چايخانىلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. مېھمانلار چايخانىنىڭ ئىچى تېشىدا ئولتۇراتتى. پەرۇخقا ئوخشاش بالىلار، ھەممىلا يەردە پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ، ھەرخىل سودىگەرلەر ۋە ئىشخانىدىكىلەرگە چاي سېتىپ يۈرەتتى. پاكىستاندا بۇ بىر ياخشى سودا ئىدى. بۇ بالىلارنىڭ ئىش ھەققى دېگەندەك يۇقىرى بولمىسىمۇ، ئۇلار خېرىدارلىرىغا چاينى قىممەترەك سېتىپ، ئارتۇقراق تاپىدىكەن. ئادەتتە، بۇ ئىش خېلى يامان ئەمەس بولسىمۇ، ھاردۇق يېتىدىغان، ھەم ئۇزۇن ئىشلەيدىغان ئىش ئىدى.

پەرۇخ بولغان ۋەقەنى سۆزلەۋاتقاندا، خوجايىن پۇل ساناشنى توختىتىپ، بېشىنى كۆتۈرگەن پېتى ماڭا تىكىلدى. پەرۇخ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، خوجايىن قوپاللىق بىلەن :

سەنمۇ شۇنداق ھە؟ كىنودىكى بىرەر چىرايلىق چولپانغا كۆيۈپ قالدىم دەپ باھانە قىلىپ ئۆيدىن قېچىپ كەپسەن دە. سەن قايسىسىغا ئاشىق بولۇپ قالدىڭ؟ دېدى.

مەن خىجىل بولۇپ كەتتىم. چۈنكى، خىيالىمغا ھېچنېمە كەلمىگەچكە، شۈك تۇردۇم. ئۇ يەنە قوپاللىق بىلەن:

پەرۇق، ئۇنى قاچا يۇۋاتقان باللارنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىر، دېدى.

پەرۇخ مېنى ئاشخانىغا ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، مەن قاچا قۇچا ۋە باشقا نەرسلەرنى يۇيۇشقا باشلىدىم. كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپلا مەن بۇنداق ئىشلارنى قىلىپ كۆنگەن بولساممۇ، بۈگۈن كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى. كۆزلىرىم ياشقا تولدى، مەن تىزلا ياشلىرىمنى ئېيتىۋېتتىم، لېكىن پەرۇخ بىلىپ قالدى.

شۇ كۈنى كەچتە چايخانا تاقاشقا ئاز قالغاندا، ئەمدى كېچىنى نەدە ئۆتكىزەرمەن دەپ باش قاتۇردۇم. "نىسبەت كوچىسىدىكى" ئۇ ئايالنى ئىزدەپ تېپىش مۇمكىن ئەمەسدەك قىلاتتى. مەن ھېلىقى سېىستىرا قىز، 'مەخسۇت ئاۋارە بولۇپ كېتمەن دەپ ئاپامنى ئىزدىمىگەن ئوخشايدۇ' ياكى 'مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈمنى چۈشەنمەپتۇ دەپ ئويلاپ قالارمۇ دېگەن خىياللاردا بولدۇم. بۇلارنى ئويلىغانسىرى، كۆڭلۈم بىئارام بولدى. ئېغىر قەدەملىرىم بىلەن بۇ قاراڭغۇ كېچىدە مېڭىۋاتسام، پەرۇخ قېشىمغا كېلىپ:

كەچتە تۇرىدىغان جايىڭ بارمۇ؟ دەپ سورىدى.

مەن بېشىمنى چايقاپ، ئۆزۈمنى ناھايىتى بىچارە ھېس قىلدىم.

ئۇنداقتا مەن بىلەن ماڭ! دىدى.

ئاندىن ئالدىراپ، باغچىغا قاراپ ماڭدۇق. پەرۇخ ماڭا ئالاھىدە بىر بالىدەك تۇيۇلاتتى. مەن ئۇنىڭ قانداق ئائىلىدىن ۋە نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلگىم كېلەتتى. مەن بۇنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم.

بىز لاھور شەھەردىكى داڭلىق لارىنس باغچىسىغا كىرىپ، ئۇزۇن ئۇرۇندۇقتا ئولتۇردۇق. ئۇ بۇ ئۇرۇندۇقنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، مەن ھەيران قالدىم. ئۇ بۇنى ئۇخلاش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ئىكەن.

ئۇ سېخىيلىق بىلەن:

بۈگۈن كەچ بىز بۇيەردە ئۇخلايمىز. سەن يېرىمىدا، مەن يېرىمىدا! دېدى.

مەن ئۇنىڭ مەرتىلىگىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا چوڭ رەخمەت ئېيتتىم. ئۇ بىرقەغەز خالتىدىن يەيدىغان ئازراق نەرسىلەرنى چىقىرىپ، ئۇرۇندۇققا قويدى. ئۇنىڭ يېمەكلىكلەرنى تىزىشى، ماڭا ئۆزى توغرىلىق كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ جەنۇبى پاكىستاننىڭ كاراچى شەھەردىكى بىر باي ئائىلىسىدىن ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ بەردى. كاراچى بولسا لاھور شەھەرنىڭ غەربى جەنۇبىدىن 1500 كىلومېتىر كېلىدىغان پاكىستاندىكى ئەڭ چوڭ شەھەر. ئۇ يەر ماڭا خۇددى ئايدىنمۇ يىراقتەك بىلىنەتتى.

پەرۇخ ھەققەتەن بىر ياخشى يىگىت ئىكەن! بىز شۇ ئاخشىمى يۇلتۇزلار ئاستىدا، بىللە يىگەن كىچىككىنە بىر غىزا قورسۇقۇمنىڭ خېلى بىر يەرلىرىگىچە باردى. ھەتتا يۇرتۇمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن كۆڭلۈمدىكى بوشلۇقنىمۇ تولدۇرغان ئىدى. بۇ ئىش ئارقىلىق، مەن يەنە بىر قېتىم،خۇدانىڭ ماڭا كۆيۈندىغانلىقىنى ئوبدان بىلدىم. چۈنكى ئۇ بۇ ناتونۇش چوڭ شەھەردىمۇ ماڭا

يەنە يېڭى بىر دوستنى ئەۋەتىپ، ھالىمدىن خەۋەر ئالغان ئىدى. پەرۇخ ماڭا ئۆز ھېكايىسىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. ئۇ بىر باينىڭ بالىسى بولۇپ، لاھور شەھەرگە كىنو ئارتىسى بولۇش ئۈچۈن، ئاتا ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز كەلگەن ئىكەن. خۇددى نۇغۇنلىغان باشقا ياشلارغا ئوخشاش، ئۇنىڭمۇ ئارتىست بولۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي، پۇلسىز قالغان. ئۇ ئۆز ھېكايىسىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگىنىدە، كۆڭلى يېرىم بولدى. مېنىڭچە ئۇنىڭغا قاچا قۇچا يۇيۇپ، چاي تۇشۇماق ناھايىتى ئېغىر تۇيۇلغان بولسا كېرەك. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئۆز ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ھكايىسىنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ، كۆزىگە ياش ئالدى.

بىز خېلى كەچكىچە نۇرغۇن ئىشلار ئۇستىدە مۇڭداشتۇق. شۇ كۈنى ئەتىگىنى مەندىن شۇنداق ئاغرىنغان پەرۇخ، مانا ئەمدى ھازىر مېنىڭ دوستۇم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنى كۆپ ئويغا سالدى. مەن بىز ياشلارنى قاراڭغۇغا باشلايدىغان بۇ قارغۇلارچە ئېتىقادقا قايتىدىن نەپرەتلەندىم. بىزنىڭ ئاقساقاللىرىمىز پەقەت ئەنئەنىمىزنى ساقلايمىز دەپلا يۈرگىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى بىلگۈسى يوق. ئاللا! ئاللا! دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ ئۇچىدىلا لېكىن قەلبىدا ھەم ئاللا ھەم ئىنسانغا ھېچقانداق مۇھەببىتى يوق.

بىز ھەممىمىز مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدا ياشاپ، شۇ ئەنئەنىلەر بويىچە يول تۇتۇشقا كۈنۈپ كەتتۇق. نېمە ئۈچۈن كىشىلەر پەرزەنت تېپىپ، شۇ باللىرىنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. تۇرمۇش كەچۈرۈش، بىز ياشلار ئۈچۈن ناھايىتى جاپالىق ئىكەن. بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا دېگىنىمدە، پەرۇخ سۆزلىرىمنىڭ كۆپ قىسمىگە قوشۇلدى. لېكىن، ئۇ ئاتا ئانىسىنىڭ مېھرىدىن ئايرىلىپ ياشىغۇسى يوق ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇردى. مەن ئۇنىڭدىن:

سەن نېمە ئۈچۈن كاراچى شەھەرگە قايتمايسەن؟ دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ:

ئەگەر قايتسام، سەن مەن بىلەن بىرگە بارامسەن؟ دېدى. مەن ئۇنىڭ ھىممىتىدىن تەسىرلەندىم. لېكىن مەن ئۇنىڭغا:

مەن ئەزەلدىن كاراچىغا بېرىپ باقمىغان. بارغاندىن كېيىن مەن نەدە تۇرىمەن؟ دەپ سورىسام، پەرۇخ :

بۇنىڭدىن ئەنسىرمە، ئاداش! دېدى. ئاخىرى مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بېرىشقا قوشۇلدۇم.

مەن بىزنىڭ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمىزنى بىلمەپتىمەن. بەك كەچ بولغان بولسا كېرەك. بىز بۇ ئورۇندۇقتا قىستىلىشىپ، كىچىككىنە بىر ئورۇندىن تەڭ بەھرىمان بولۇشتۇق. تۈن يېرىمىدە بىر ساقچى كالتىكى بىلەن بىزنى ئويغاتتى. پەرۇخ ئۇنىڭغا ئەللىك تىيىنلىق تەڭگىدىن بىرنى بەردى. ئۇ ساقچى كالتىكى بىلەن مېنى كۆرسەتكىنىدە پەرۇخ يەنە بىر تەڭگىنى بەردى. ساكچى تەڭگىلەرنى يانچۇقىغا سالغاندىن كېيىن كېيىنكى ئورۇندۇق تەرەپكە مېڭىپ، ئۇ يەردىكىلەردىنمۇ ئوخشاش پۇل يىققىلى كەتتى. مەن شۇئان، بىز تۆلىگەن پۇللارنىڭ، ئورۇندۇقتا ئۇخلاش ئۈچۈن بېرىلگەن پارا ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. بۇنداق ئىشلار، پاكىستاندا ناھايىتى ئومۇملاشقان ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە ئۇيقۇغا كەتتىم. تۇيۇقسىزلا قاباھەتلىك بىر چۈش كۆردۈم…

*ئەتراپىمدىكى ئۆيلەر كۈچلۈك بىر ئاۋازدا ئۆرۈلۈپ توپىغا ئايلاندى. ئېگىز بىنالار ئۆرۈلۈپ گۇمران بولدى. يەر زىمىن قاتتىق تەۋرەپ، ھەممە يەر كۆكۈم تالقان بولۇپ كەتتى. يەر ئاستى يۇندا يوللىرىدىن بىر كۈچلۈك سېسىق پۇراق چىقتى. كوچىلار ئۆلگەن ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ جەستى بىلەن تولغان*

ئىدى. بۇركۇتلەر ۋە قاغالار ئاسماندا توختىماستىن پىرقىرىۋاتاتتى.

مەن ئەتراپىمدا قۇيقۇرۇق مەسچىتلەرنى كۆردۇم. يېنىمدىكى بىر مەسچىتنىڭ ئۆرۈلگەن تېمى ئاستىدا، ئىمامنىڭ يىرىم كۆمۈلۈپ قالغىنىنىمۇ كۆردۇم. مەن ئىڭىشىپ ئۇنى تارتىپ چىقسام، ئۇ ھېچنىمە دېمىدى. ھەتتا مېنىڭ بارلىقىمغىمۇ پەرۋا قىلماي ھودۇققان پېتى كېتىپ قالدى.

مەن ئۇنىڭغا قارىپ تۇرسام، باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بىر تەرەپكە ئاستا ئاستا كېتىپ مىڭىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆردۇم. مەن ئۇلار نەگە بارىدىغاندۇ؟... دەپ ئۇلاغا قوشۇلدىم. ئالدىمدا غايەت زور بىر ئوت كۆيۈۋاتاتتى. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق كۆچلۈك بىر ئوتنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. قۇيۇق ئىس تۈتەكلەر ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ئوت داۋاملىق كېڭىيىپ چوڭىيىۋاتاتتى. خۇددى پۈتۈن دۇنيا ئوت ئىچىدە قالغاندەك قىلاتتى. كىشىلەر ئوتقا ئۇدۇل بەدىنىنىڭ كۆيىشىگە قارىماي، جىمجىت كىرىشىپ، ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۆشۈپ كېتىپ باراتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ سانى ھەددى ھېسابسىز ئىدى. ئۇلار ئوت يالقۇنلىرىغا ئۇلارنىڭ ئامالى يەتمەيدىغان، بىرخىل كۈچ قۇدرەت تەرىپىدىن ھەيدىلىنىپ كېتىۋاتقاندەك تۇراتتى. ئۇلار ئوتقا كىرىشى ھامانلا خۇددى قەغەزگە ئوخشاش كۆيۈپ، كۈلدەك قارىيىپ كەتتى.

بۇنى كۆرۈپ مەن قورققىنىمدىن ھاڭ تاڭ قالدىم. مەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرسىنىڭ كولىنى تۇتۇپ:

توختاڭلار! توختاڭلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى بۇنداق ئۆلتۈرۈسلەر؟ دەپ ۋارقىرىدىم. لېكىن، ئۇ سىپايىلىق بىلەن قولۇمنى چۆشۈرۈۋېتىپ:

سەن بۇنىڭ قىيامەت كۈنى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ بىز ھايات ۋاقتىمىزدا قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەققانىي جازاسىنى قوبۇل قىلىۋاتىمىز،

*دېدى. مەن قورقۇنچ ئىچىدە قاتتىق چۆچۈپ:*

*ياق! مەن بۇنداق بولۇشنى خالىمايمەن. ياق، ياق!...* دەپ *ۋارقىرىۋەتتىم.*

*ئۇنداقتا سەن بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ جەنۇپقا بار! جەنۇپقا!* ـ دېگىنىنى ئاڭلىدىم. *مەن بۇ كۆچلۈك ئوتتىن قاچاي دېسەم، ئىسسىقتىن تۈنجۇقۇپ كەتتىم. ئاخىرى يۈگۈرەي دېسەممۇ، مىدىرلىيالماي يەرگە يېقىلدىم. مەن يېقىلغان جاي گۈزەل باغچىدەك بىر يەر ئىكەن. بۇ دۇنيادىكى ھېچقانداق باغچىنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇيەر شۇنداق تىنىچ، شۇنداق جىمجىت بولدى. ئالدىمغا قارىسام، يوغان بىر ئاق قورام تاش تۇراتتى. ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى سۆزلەر يېزىلغانىكەن. «بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ پېشانىسىغا تامغا ئۇرۇلغان».*

ئەتىگەنلىك ئۈنلۈك ئەزاننىڭ ئاۋازى بىلەن مەن بۇ قورقۇنچلۇق چۈشتىن ئويغاندىم، ھەمدە خېلى ئۇزۇنغىچە، ئۇنى ئاڭلاپ ياتتىم. پەرۇخ ئۇخلاۋېتىپ مىدىرلاپ قوياتتى، لېكىن مەن پۈتۈنلەي ئويغىنىپ كەتكەنىدىم. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، مەسجىتقا قاراپ ماڭدىم. تەرەت ئېلىپ، نامازغا تۇردۇم. ناماز ۋاقتىدا، ئىمام سۈرە پاتىھە ئوقۇدى.

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر. ئاللا ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. رەببىمىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام

قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن! > >

ناماز ئوقۇۋاتقىنىمدا، بىر غەلىتە ئوي خىيالىمغا كەلدى. مەن ئۆزەمدىن:

بىز مۇسۇلمانلار، كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازدا بۇ ئايەتلەرنى تەكرارلايمىز. بىز ھەممىمىز دائىم خۇدادىن بىزگە توغرا يولنى كۆرسەتكىن دەپ تىلەيمىز. بىزگە يەنە قانداق توغرا يولنى كۆرسىتىدۇ؟ بىز توغرا يولدا ئەمەسمىدۇق؟ خۇدا بىزگە ئاللىبۇرۇن ئۇ يولنى كۆرسەتمىگەنمىدى؟! بىز راستىنلا ئاللانىڭ توغرا يولىدىمۇ؟ دەپ سورىدىم.

خىيال كەپتىرىم توختىماستىن پەرۋاز قىلدى. لېكىن، مەن ئۆزۈمنى تەنقىدلەپ كۆزلىرىمنى قاتتىق يۇمۇپ، ناماز ئوقۇش ئۈچۈن خىيالىمنى يىغدىم. نامازدىن كېيىن، كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، مەسچىتتىن ئايرىلىشقا باشلىدى. توساتتىنلا يەر تەۋرەپ، سىلكىنىپ چۈشۈمدىكىدەكلا بولدى. يەر تەۋرىگەندە، كىشىلەر كوچىلاردا: ئى خۇدا بىزگە رەھىم قىل! رەھىم قىلغىن! دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

چۈشۈمنى خىيالىمغا كەلتۈرگىنىمدە، تومۇرلىرىمدا ئېقىۋاتقان قانلار توختاپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. خېلى بىر مەزگىل يەر تەۋرەپ ئاندىن توختىدى. توپا چاڭلار بېسىقىپ، بارلىق نەرسە قايتا جىمىدى. خىيالىمدا چۈشۈمدە كۆرگەن ھېلىقى ئېسىنى يوقاتقان كىشىلەرنىڭ قىيامەتنىڭ ئوتىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پۇتلىرىم تىترەپ كەتتى. شۇ چاغدا چۈشلىرىم تامامەن ئايدىڭلاشتى.

مەن تېزدىن پەرۇخنىڭ قېشىغا قايتسام، ئۇ ئويغىنىپتۇ. ئۇ، يەر تەۋرەشنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىكەن. بىز چايخانىغا قايتتۇق. خوجايىن مېنىڭ يەنە

بىر كۈن ئىشلىشىمگە قوشۇلغاندىن كېيىن، بىز ناشتا قىلدۇق. ئىشلەمچى باللارنىڭ ھەممىسى كۈندىلىك پۇلغا ئىشلەتتى. ھېچ بولمىغاندا، ئۇلار قورسىقىنى باقالاتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قەلبىدە، بىركۈنى بولمىسا بىركۈنى ئارزۇ قىلغان كىنو ئارتىسى بولۇش ئۈچۈن، بىرەر ياردەم قىلىدىغان ئادەمگە ئۇچراپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ قالارمىكىن دىگەن ئۈمىددە ئىدى.

مەن تىرىشىپ ئىشلىگەن بولساممۇ، خىيالىم ئىشتا ئەمەس ئىدى. خىياللىرىم قايتا قايتا بامدات نامازدا ئويلىغان سۇئاللىرىمغا قايىتتى. مەن ئۇزۇندىن بۇيان ئالدىنىپ كەلگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. مەن ئۆز ئۆزۈمگە:

مەخسۇت، ئېيتقىنا قېنى، سەن كۈنىگە قانچە قېتىم ناماز ئوقۇيسەن؟ ناماز ئوقۇغان ۋاقتىڭدا، شاتۇتىغا ئوخشاش قۇرئاندىكى ئۆگەنگەن ئايەتلەرنى قانچە قېتىم تەكرارلايسەن؟ سەن ئۆزۈڭنىڭ نېمىلەرنى ئوقۇۋاتقانلىقىڭنى ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟ خۇداغا، بىزگە توغرا يولنى كۆرسەتكىن! دەپ دۇئا قىلغىنىڭ نېمىسى؟ ئەگەر بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ خۇدانىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىگە ئىشەنسە، ئۇ ھالدا نېمە ئۈچۈن ئۇلار خوددى بۇ يولدا ئەمەستەك، خوددى يولدىن ئېزىققاندەك مۇشۇ دۇئانى قىلىشىۋەردۇ؟ دەپ خىيال قىلدىم.

مەن ئۆزۈمنىڭمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئېسىمنى يوقاتقاندەك ھس قىلدىم. بىز ھەممىمىز ئوشاش بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق. مەن ئۆزۈم توغرا يولدا مېڭىۋاتىمەنمۇ؟ خۇدا مەندىن رازى دەپ كېسىپ ئېيتالايمەنمۇ؟ دىگەن سۇئاللارنى ئويلىدىم. شۇ كۈن ئاخىرلىشىپ، مەن ئەڭ ئاخىرقى بىر چىلەك يۇندىنى تۆككلى چىققاندا، قەلبىمدە يەنىلا خۇدادىن: «ئى ئاللا مېنى ھەقىقەتكە يېتەكلەيدىغان يولغا باشلىغىن!» دەپ تىلىدىم.

## 8 باب «جەنۇپقا سەپەر»

ئۈچ كۈن ئۆتتى. مېنىڭ يەنىلا نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. مەن پەرۇخ بىلەن چايخانىدا ئىشلەۋەردىم. ئۇنىڭ ماڭا ياردەم قىلغىنىدىن مەن ھەققەتەن خوش ئىدىم. پەرۇقنىڭ خوجايىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى يىقىپ بولۇپ، خوجايىن ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىشلارنى ئىشىنىپ تاپشۇراتتى.

تۆتىنچى كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ، پەرۇخنى ئىزدىدىم. بىز باشقا باللار بىلەن خوشلىشىپ، كېچىدىكى سالقىن ھاۋاغا چىقتۇق. بىردىنلا پەرۇخ ماڭا :

يۈر مەخسۇت، پويىز ئىستانسىغا بارايلى! دەپ تىز ماڭغىلى تۇردى.

مەن ھەيران قالغان ھالدا، ئۇنىڭغا يېتىشىپ، ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

نېمە دېدىڭ؟ بىز نەگە بارالايمىز ،ئاغىنە؟ بىزدە پۇل يوق تۇرسا! دېدىم. پەرۇخ ئەتراپقا قارىمايلا، چوڭ چوڭ قەدەم تاشلاپ كېتىۋېتىپ، ماڭا:

يۈر مەخسۇت ئەنسىرمە، بۈگۈن ماڭا مائاش بەردى. مەندە يۈز رۇپىيە پۇل بار، دېدى.

ئاندىن ئۇ ئالدىراشلا بىر خادىكنى چاقىرىپ، بىز ئۇنىڭغا چىقتۇق. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ھاڭ تاڭ قالدىم. چۈنكى، بىلىشىمچە، پەرۇخ ھەرقانچە ئىشلىسىمۇ ئۇنچىلىك مائاش ئالالمايتى. ئۇ شۇنچىلىك پۇلغا ئېرىشكىدەك خوجايىنغا زادى نېمە ئىش قىلىپ بەرگەندۇ؟ دەپ خىيال قىلدىم. بىز ئۇزۇن ئۆتمەي پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلدۇق.

بىز خادىكتىن چۈشكەندە، پەرۇخ ھارۋىكەشكە يول كىراسىنى بەردى. ئۇ پويىز ئىستانسىنىڭ مۇلازىمەت مەركىزىدىكى خادىملەردىن بىر نەرسىلەرنى

سوراپ، رازى بولغاندەك يېنىپ كەلدى. ئۇ ماڭا يېرىم سائەتتىن كېيىن كاراچىغا بارىدىغان بىر پويىز باركەن دەپ ئېيتتى. ئاندىن ئۇ بىلەتخانىغا بېرىپ ئىككى بىلەت ئالدى. بىز ئەڭ ئەرزان، ئۈچىنچى دەرىجىلىك بېلەتلىرىمىزنى قولىمىزغا ئېلىپ، يوتقان كۆرپە، ئەرزان چامادان، قازان قۇمۇچ كۆتۈرىۋالغان كىشىلەر بىلەن ئۆزۈن كەتكەن يولۇچىلار كۈتۈش زالىغا كىرىپ ئولتۇردۇق. ئۆزىمىزنىڭ ھېچنەرسە يوق بىچارە ھالىتىمىزنى باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى. ئىككىمىزدە ھەتتا بىرتال كۆرپىمۇ يوق ئىدى.

مەن بۇ توغرىلىق پەرۇخقا بىر نەرسە دېيىشكە باشلىدىم. لېكىن، مەن دوستۇمنىڭ ئەندىشە ئىچىدە ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، گېپىمنى ئۆزگەرتىپ:

زادى نېمە بولدى پەرۇخ؟ سەن نېمىدىن ئەنسىرەۋاتىسەن؟ دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا ھېچنېمە دېمىدى. مەن ئۇنى زورلاشنى خالىمىدىم. بىز جىمجىت ئولتۇردۇق. ئاخىرىدا، ئۇزۇن سۇزۇنغان بىر پويىز سىگنال بېرىپ، قاتتىق تۇرمۇز ئاۋازى بىلەن ئىستانسىغا كىرىپ كەلدى. بىز باشقا نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش ئالدىراقسانلىق بىلەن بىر بىرىمىزنى ئىتتىرىشىپ، ۋاگونغا ئۇسسۇپ كىردۇق.

ئۈچ بېكەت ئۆتكەندىن كېيىن، پەرۇخ ئاخىرى ئۇنى بىئارام قىلىۋاتقان ئىشنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاۋازىنى تۆۋەن قىلىپ ماڭا:

مەخسۇت بۇ يۈز رۇپىيە مېنىڭ ئەمەس. خوجايىن بۇنى ماڭا دۇكانغا چاي ئېلىش ئۈچۈن بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن كاراچىغا ماڭىدىغان پەيت كەپتۇ دېگەن خىيال كاللامغا كەلدى، دېدى.

گەرچە، ئۇنىڭ قىلغانلىرىدىن بىر ئاز ئەنسىرىگەن بولساممۇ، ئۇنى ئەيىپلەشنىڭ ئورنى يوقلۇقىنى بىلگەنىدىم. بۇ كېچىدە، پويىز تېز سۈرئەتتە

ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ۋاگونلار ئېغىر يۈكلەر بىلەن سىلكىنەتتى.

بىر سوتكا پويىز مەن بۇرۇن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان يېزا قىشلاقلاردىن كېسىپ ئۆتتى. تاڭ سۈزۈلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىز سۇتلەج دەرياسىدىن ئۆتكەندە، مەن كۆۋرۈكنىڭ چوڭلۇقىدىن ئاجايىپ ھەيران قالدىم. بىز بىر چۆللۈككە كەلگەندە، پويىزنىڭ ئىچى ناھايىتى ئىسسىپ كەتتى. مەن پويۈزنىڭ سىرتىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، يۇرتۇم رابۋاختىكى ئاددى ھاياتىمنى ئويلىدىم. ئەمدىلىكتە مەن ساياھەتتە بولدۇم! مەن كۆرىۋاتقان بارلىق نەرسىلەر ماڭا يېڭى تۇيۇلۇپ، مېنى ناھايىتى ھاياجانلاندۇردى. پەرۇخ مېنىڭ قىزىققانلىقىمنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئاۋارىچىلىقلىرىنى ئونتۇدى. ئۇ ئۆتىۋاتقان يېزا قىشلاقلار توغرىسىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ كەتتى. پەرۇخمۇ بەكلا ھاياجانلاندى چۈنكى ئۆيىگە قايتىش يولدا ئىدى! ئۆتكەن ھەربىر سائەت ئۇنى ئۆيىگە يېقىنلاشتۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ئۇنى قانداق قوبۇل قىلىشىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

چۈشتىن كېيىن، پويىز تۇيۇقسىز توختاپ قالدى، بىز نېمە بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، باشقىلارغا قوشۇلۇپ پويىزدىن چۈشتۇق. ئۇ يەردە ھەقىقەتەن بىر ۋەقە يۈز بەرگەن ئىدى. بىر كىشى ۋېلسىپىت بىلەن ئالدىدا ئۈچقاندەك كېلىۋاتقان پويىزغا قارىماي تۆمۈر يولدىن ئۆتمەكچى بولغاندا، پويىز سوقۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ۋېلسىپىتى رېلىسىنىڭ بىر تەرىپىدە ماكچىيىپ تۇراتتى. ساخچىلار ئەتراپتا ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىۋاتاتتى. ئاخىرى پويىز مېڭىشقا قوزغالدى. مەن پويىزنىڭ دەرىزىدىن ھېلىقى ۋەلسىپ قالدۇقلىرىنى كۆرگەندە، كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى. پاكىستاندا ئىنسان ھاياتىنىڭ ھېچبىر قەدىر قىممىتى يوق ئىكەن. مەن، بىر ئادەم ھاياتىدا ھېچقانداق ھۆرمەتكە سازاۋەر بولمىسىمۇ، ئۆلۈشىدە، ئاز بولسىمۇ، ھۆرمەتكە مۇيەسسەر بولۇشى كېرەككۇ

دەپ ئولدىم. ئەمما، پويىز بارغانسىرى تېزلىشىپ، خىياللىرىم كەينىدە قالدى.
كەچكە يېقىن، پويىز بىر يەردە توختىدى. بىز بېلىق بىلەن پىشۇرغان گاڭپەن سېتىۋالدۇق. تاماق بەك ناچار بولسىمۇ، بىز ئۆزىمىزنى زورلاپ ھەممىنى يەۋەتتۇق. پەرۇخ سۆز قىلغۇسى كەلمەي، قايتا جىمىپ كەتتى. بىز ھايدىرئاۋات شەھەرىنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە، ھەيۋەتلىك ھىندۇس دەرياسىنى كېسىپ ئۆتتۇق. ئاندىن بىر قانچە سائەتتىن كېيىن، كاراچى شەھەرىگە يېتىپ كەلدۇق. پويىز خېلىلا كىچىككەن بولۇپ، بۇ ئۇزۇن سەپەردە بىز ناھايىتى چارچاپ، بەدەنلىرىمىز ئۇۋۇشۇپ كەتكەن ئىدى. بىراق، ۋاراڭ چۇرۇڭغا تولغان ئىستانسىدىن چىقىشىمىزغا ھېرىپ چارچاشلارنىمۇ ئۇنتۇپ قالدۇق. پەرۇخ مېنى ئىستانسىنىڭ قېشىدىكى ئاساسلىق كوچىغا باشلاپ چىقىپ، ئاندىن ماڭا قاراپ:
ئۆيگە قايتىپ كېلىش نىمىدىگەن ياخشى ھە! ئاتا ئانام نېمە دەپ ئويلايدىكىن دەيمەن؟! دېدى.
بىز ئاپتۇبۇس بېكىتىگە بېرىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا پەرۇخنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان بىر ئاپتۇبۇسقا قىستىلىپ چىقتۇق. بۇ ئاپتۇبۇس قىستى قىستاڭ بولغاچقا، ئىچىدە تېخىمۇ ھاردۇق ھىس قىلدۇق. مەن پەرۇخقا:
يەنە بىرسىگە ئولتۇرساق بوپتىكەن، دىسەم، ئۇ ئاڭلاشنى خالىماي:
ياق مەخسۇت، بىز مۇشۇنىڭغا ئولتۇرىمىز. ئاپتۇبۇس ئانچە كۆپ ئەمەس، كېيىنكىسىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش لىق. ياخشىسى ھازىر كەتكىنىمىز تۈزۈك، دېدى.
بىز قىستا قىستاڭ ئاپتۇبۇستا ئولتۇرۇپ، يولغا چىقتۇق. ئاپتوۋۇزدا كېتىۋېتىپ، پەرۇخنىڭ ئاتا ئانىسى مېنى نېمە دەپ قالار؟ دىگەن خىياللاردا

بولدۇم. مەن ئۆزۈم توغرىلىق ئۇلارغا نېمە دەيمەن؟ مەن پەرۇخقىمۇ، نىمە ئۈچۈن لاھورغا كېلىشىمنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆپ ئېيتمىغانىدىم. ئۇمۇ بەك سوراپ كەتمىدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزگە ئوخشاش سەۋەب بىلەن ئۆيدىن قېچىپ چىققان دەپ ئويلاشقا يول قويدۇم. بىراق، ئۇنىڭ ئاتا ئانىسى بۇنداق ھېكايىغا ئىشىنەمدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ئۇلار مېنىڭ ئائىلەم بىلەن ئالاقىلىشارمۇ؟ ئۇلار مەندەك بىر ئەخمەقنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆيدە تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلارمۇ؟ مەن بۇ سۇئاللارنىڭ جاۋابلىرىنى بىلمىگەچكە، ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار دەپ ئويلۇدۇم. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، مەن ئۇلارنىڭ مېنى پەرۇخنى يامان يولغا باشلىغان بالا دەپ ئويلاپ قالمىسلا بولدۇ دەپ ئۈمىد قىلدىم.

ئاپتوۋۇز ئوگغۇل دوگغۇل يوللاردا بىر يېرىم سائەتتەك يۈرۈپ، ئاخىر بىز چۈشىدىغان بېكەتكە يېقىنلىشىپ توختىدى. يۈز بەرگەن كېيىنكى ئىشلار، ناھايىتى غەلىتە بولدى. ھازىر ئويلىسام، شۇ ئىشلارنى خۇدانىڭ ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغاندەك ھىس قىلىمەن. پەرۇخ ئاپتوزدىن سەكرەپ چۈشىشكە توساتتىنلا ئاپتۇبۇس تېز مېڭىپ كەتتى. پاكىستاندا ئاپتۇبۇس شوپۇرلىرى دائىم دېگۈدەك مۇشۇنداق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆندىلىك سېتكىسى ئالدىراش بولۇپ، ئاپتۇبۇسغا دائىم نورمىدىن ئارتۇق يولۇچىلار چىقاتتى. شۇڭا، شوپۇرلار ئاپتۇبۇسنى تولۇق توختاتسام، قايتا قوزغىتىشقا كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ دەپ، تولۇق توختاتمايتتى. كىشىلەر كۆچىنىڭ بېرىچە، يامىشىپ چىقىپ چۈشۈشكە مەجبۇر بولاتتى. بۇ بىكەتتە، پەقەت چۈشىدىغان ئىككىمىزلا بولغاچقا، شوپۇر خۇشياقمىغاندەكلا، ئاپتوۋۇزنى سەل ئاستىلىتىپ قويۇپلا، مېڭىپ كەتتى. مەن پەرۇخنىڭ سەكرىگىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. بارغانسىرى تېزلىشىپ

كېتىۋاتقان ئابتۇبۇستىن، قاراڭغۇدا سەكرىسەم بىرەر يېرىم زەخىملىنىشتىن ئەندىشە قىلىپ سەكرىيەلمىدىم. مەن بېلەت ساتقۇچىغا:

توختات! توختات! مېنى چۈشۈرۈپ قويۇڭلار! دەپ ۋارقىرىغىنىمدا، ئۇ ئاچچىقى بىلەن:

ئۇخلاۋاتامتىڭ ئىشەك؟ سەن ئابتۇبۇستىنمۇ چۈشەلمەمسەن، دېدى.

مەن خاپا بولۇپ:

ئاباي چۈشكەن مېنىڭ دوستۇم. مەن بۇ يەرلىك ئەمەس. يولنى بىلمەيمەن. ھازىر چۈشمىسەم، كېيىن ئۇنى تاپالمايمەن. دېدىم.

بېلەت ساتقۇچى مۈرىسىنى لىڭشىتىپ:

سەن كېيىنكى بېكەتتە چۈشۈپ قېلىپ، كەينىڭگە ماڭساڭ بولىدۇ. بەلكى ئۇمۇ سەن تەرەپكە مېڭىپ قالار! دېدى.

ئۇ بېلەت قىسقۇچىنى تاراقلىتىپ، يولۇچىلارنىڭ بېلەت ئېلىشىنى ئېسىگە سالدى. كېيىنكى بېكەت تەخمىنەن بىر يېرىم كىلومېتىر يىراقتا بولۇپ، بۇ قېتىم مەن تەييار بولۇپ تۇردۇم. ئابتۇبۇس بېكەتكە كېلىشىگە ئۇنىڭدىن سەكرەپ چۈشتۈم. جايىمدا بىردەم تۇرۇپ، چاڭ تۇزاڭ ئارىسىدىن ئاپتوۋۇزنى ئۇزاپ كېتىشىگىچە قاراپ تۇردۇم. مەن دوستۇمدىنمۇ ئايرىلىپ، ئۆزۈم يالغۇز نەگە بېرىشنى بىلمەي تۇرغان ۋاقتىمدا، بىر كىشى يېنىمدىن ئۆتتى. مەن ئۇنى توختىتىپ، ئالدىنقى بېكەتنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سوراپ، پەرۇخ ھەقاچان مېنى ساقلاۋاتىدۇ دېگەن ئۈمىددە، ئارقىمغا يېنىپ يۈگەردىم.

بارسام پەرۇخ كېتىپ قاپتۇ. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، قاراڭغۇدا بىر تامغا يۆلىنىپ يىغلاپ كەتتىم. بۇ نەم كېچىدە، پىكاپلار كوچىدا غاقىرىشىپ ئۆتىۋاتاتتى. ئۇرغۇن كىشىلەر، بازاردىن سېتىۋالغان نەرسىلىرى بىلەن، ئۆيلىرىگە قايتىش ئۈچۈن، ئابتۇبۇس ساقلىشىپ تۇراتتى. بۇ ناتونۇش شەھەردە

مېنىڭ ئارزۇ قىلغۇدەك ھېچنېمەم يوق ئىدى. مەن پەرۇخنى يۇتتۇرۇپ قويۇپ، ناھايىتى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالدىم. ئۇ 1969 يىلى 9 ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەپتىسى ئىدى. شۇ يىلى مەن ئون سەككىز ياشقا كىرگەن بولۇپ، ھاياتىمدىكى ئەڭ مۈشكۈللۈك بىر مەزگىل ئىدى.

شۇ كۈنى، مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى بىر جاي تېپىپ كېچىنى ئۆتكۈزۈش ئىدى. تۈن بارغانسىرى قاراڭغۇلىشىپ ماڭدى. يېنىمدا ئازراقمۇ پۇل يوق بولۇپ، ئەھۋالىم ئىنتايىن بىچارە ئىدى. ئەگەر مەسچىتكە باراي دېسەم، ئىمام ياكى باشقا بىرسى مەندىن كەچۈرمىشلىرىمنى سوراپ بىلىپ، ساقچىنى چاقىرىشى تۇرغانلا گەپ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەلۋەتتە مېنى ئاتا ئانامنىڭ قېشىغا قايتۇرۇۋېتىدۇ دە، ئۇ ۋاقىتتا ئەھۋالىم تېخىمۇ يامانلىشىدۇ. ئەگەر مەن باغچىدا ئۇخلىسام، ساقچى كېلىپ، مەندىن پۇل سورىشى مۇمكىن، ئەگەر يوق دېسەم، مېنى ساقچىغا تۇتۇپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

خۇپتەن ۋاقتى بولدى. مەن دىنى مەقبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا، مەسچىتكە باردىم. ناماز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تېشىغا چىقىپ، نىشانسىز ھالدا نەگە بېرىشىمنى بىلمەي، چوڭ يولغا قاراپ ماڭدىم. بىر قانچە يۈز مېتىر ماڭغاندىن كېيىن، يول تۈگەپ، ئالدىمدا قۇرۇپ كەتكەن بىر ئېرىق كۆرۈندى. قۇرۇق ئېرىقنىڭ يېنىدا، نۇرغۇن چوڭ سىمونت نورلار ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇخلىسام بولىدىكەن، دېگەن ئوي تېزلا خىيالىمغا كەلدى. بۇ يوغان تۇرۇبىلارنى سۇ ئىنشائاتلىرىغا ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى، نامرات كىشىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياشىشى بىر نورمال ئىش ئىدى. مەن شۇنداق ھېرىپ كەتكەچكە، ئۇ ماڭا بىر كۆڭۈلدىكىدەك جاي بولۇپ تۇيۇلدى. مەن كىرگەن تۇرۇبا، يولدىن خېلى يىراق بولۇپ، ماڭا يۇمشاق كارىۋاتتەك بىلىندى. مەن يىلان چايانلاردىن سەل پەل قورقتۇم. بولۇپمۇ ھازىر ئىسسىق نەم ھاۋا

پەسلی بولغاچقا، هەريلی مۇشۇ ۋاقتلاردا، ئۇلار سالقن جايلارنی ئزدەيتی. لېكن، ماڭا ئامال قالمدی. بۇنڭدن باشقا ئۇخلايدىغان يەر يوق ئدی. مەن بۇ جاينی، خۇدا مەن ئۇچۇن تەييارلغانكەن دەپ بلىپ ئچگە كردىم.

مەن تۇربىنىڭ ئچدە ئولتۇرۇپ، يىراقتكی يولغا نەزەر سالدىم. ئۇياقتن بۇياقا ئۆتۈپ كېتۋاتقان ماشنىلارنىڭ غوقۇرغان ئاۋازلىری ئاڭلنىپ تۇراتتی. ئۆتكەن كۈنلەردە يۈز بەرگەن ئشلارنی قايتا ئويلغىنىمدا، مەندە بر خل ئۈمدسزلك تۇيغۇسى پەيدا بولدی. ماڭا ياردەم قلغان بارلق كشلەردن ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالدی. ئالدی بلەن هېلقی كۆڭۈل ياخشی سېستىرا، مەن ئۇچۇن تۇردىغان بر جاي تېپىپ بېرش ئۇچۇن، تونۇشتۇرۇش خەتنی يېزىپ بەرسە، ئۇنی يۈتتۈرۈپ قويدۇم. ئاندىن، بۇ ناتونۇش شەهەرگە كېلىپ، تونۇيدىغان بردىنبر دوستۇم پارۇخنىمۇ يۈتتۈرۈپ قويدۇم. مەن ئۆزۈمنی شۇنداق تەنها هس قلدىم. لېكن يەنە ئۈزەمگە تەسەللی بېرىپ، مەن گەرچە باشقلارنی تونۇمساممۇ، خۇدا مېنی تونۇيدىغۇ دەپ ئويلۇدۇم. يەنە بر تۇرۇپ، خۇدا مەندىن ئايرىلىپ كېتەرمۇ يا دەپ ئازراق ئەندشە قلدىم.

شۇڭا، مەن ئۈنلۈك ئاۋازدا:

ئەي خۇدا، مەن بلەن ئوينىشۋاتامسەن؟ بۇ زادی قانداق ئش؟ مەن نېمە دەپ تېخچە هايات تۇرىمەن؟ سەن مەقسدىڭنی ماڭا ئېيتساڭ بولمامدۇ؟ هاياتىم ئۈچۈن قانداق پىلانىڭ بار؟ ئۇنی كۆرستىپ بەرگىنە! مەن سېنی ماڭا پەيغەمبەرلەرگە سۆزلگەندەك سۆزلىگن دىمەيۋاتىمەن. مەن پەيغەمبەر ئەمەس. ئەمما، مەنمۇ سەن ياراتقان جانلارنىڭ برىغۇ؟ كشلەر مېنی بوينی قاتتق، سر بەرمەيدىغان كۆپپار هەم ئۆز دىندىن ۋاز كەچكەن مۇناپىق دەپ ئاتىشدۇ. ئی خۇدا! خوددی سەن ئەزىز كۆرگەنلەرنی توغرا يولغا باشلغاندەك، مېنمۇ توغرا يولغا باشلغايسەن. سەندىن بۆلەك مېنىڭ

ھېچنېمىم قالمىدى. سەن بىلەن مۇڭدىشىپ، بېشىمدىن ئۆتكەنلىرىمنى ساڭا ئېيتقۇم كېلىدۇ. قارا ماڭا! ئى خۇدا! مەن ئۆزۈمنىڭ ئارزۇ ئىستەكلىرىم ئۈچۈن شۇنچە ئۇزۇن يول باستىم. سېنىڭ مېنىڭ قىسمىدا ئىكەنلىكىڭنى ئوبدان بىلىمەن. سەن ماڭا خۇددى بەدىنىمدىكى تومۇرلارغا ئوخشاش يېقىنسەن. ماڭا سۆزلىگىن، ئى پەرۋەردىگار! دەپ توۋلىدىم.

دۇئالىرىمنى يىغا زار بىلەن ئاخىرلاشتۇردۇم. تۇيۇقسىزلا، بىرئاۋاز ماڭا مۇلايىم ۋە سىلىق ھالدا:

توغرا. مەن سېنىڭ زېھنىڭدا. مەن سېنىڭ دىلىڭدا. مەن سېنىڭ ھەممە يېرىڭدە! دېدى.

يۈرىكىم جىغلا قىلدى. دەرھال ئەتراپقا قارىسام، ئاڭلىغىنىم ئادەمنىڭ ئاۋازى ئەمەسكەن. بىردىنلا قەلبىمگە شادلىق تولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىننچلىققا تولدى. بۇ ۋاقىتتىكى ھىسياتىم خۇددى ئېگىز ئاسماندا لەرزان ئۈچۈۋاتقاندەك ئىدى. خۇدا مېھرىنى ماڭا يەتكۈزدى. ئۇ ماڭا سۆزلىدى. ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ مېنى سۆيىدۇ.

بىر دەمدىن كېيىن، مەن بۇ زىمىنغا قايتا قايتىپ كەلگەندەك ھېس قىلدىم.

خۇددى بىرسى مەن بىلەن بىرگە بولۇپ، لېكىن ئەمدىلىكتە ئۇ غايىب بولدى. غەلىتە ئويلار مېنى چىرمىۋالدى. مەن بىلەن ھېلىقى بىرگە بولغان كىمدۇ؟ مەن ئەتراپقا قايتا قارىسام، ئەتراپىم قاپ قاراڭغۇ ئىكەن. بىر جاڭگالنىڭ چېتىدە تۇرىۋاتقانلىقىمنى بايقاپ قالدىم. بىزدە بۇنىڭدەك ھەر خىل غەلىتە، خۇراپىي، چۆچەك رىۋايەتلەر بار. لېكىن مەن بىلەن بولغىنى... ئۇ راستىنلا خۇدامىدۇ؟ نېمىدېگەن ئەخمىقانە خىيال بۇ، ئەھ!. مۇقەددەس خۇدا، بۇ پاسكىنا يەردە تەر پۇراپ، مەينەت كىيىم كېيگەن مەندەك بىر ئادەمنىڭ

قېشىغا كېلىشى مۇمكىنمۇ؟ مۇشۇ ئوي مېنى بىئارام قىلدى. بىراق، ئۇ ئاۋاز .... ئۇ ئاۋاز ماڭا: «مەن سېنىڭ دىلىڭدا» دېگەن ئىدىغۇ!

ئاخىرى مەن بۇ ئويلاردىن چىدىيالمىدىم. مەن ئۆملەپ تۈرۈبىنىڭ ئېغىزىغا بېرىپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم. بۇ يەردىن كېتەي دىسەم، يامغۇر يېغىۋېتىپتۇ. شۇڭا، زۇكامداپ قالماي دەپ سىرتقا چىقمىدىم. شۇ پەيتتە خىيال سۈرۈپ تۇرسام، هۆل ۋە سوغاق بىر نەرسىنىڭ پاچىقىمدىن سۈرىلىپ ئۆتكىنىنى سەزدىم. چۆچۈپ، كەينىمگە قاچۇرسام، بىر ئىت ئىكەن. مەن تۈرۈبىنىڭ ئىچىدە يەنە يېتىپ قالدىم. لېكىن، قاچان ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. مەن تاڭ سەھەردە ئويغانسام، ئېرىققا خېلىلا سۇ تۇشۇپ كېتىپتۇ. تۈرۈبىنىڭ بېشىغىلا ئازراق سۇ كىرىپتۇ. ئەتراپتىكى يەرلەر پاتقاقلىشىپ كەتكەندى. تۈرۈبىدىن چىقىپ، بامدات ناماز ئۆچۈن مەسچىتكە قاراپ ماڭدىم.

نامازدىن كېيىن، مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي، قارىسىغىلا ماڭدىم. قورسىقىم شۇنداق ئېچىپ كەتكەنكى، يول بويىدىكى ئاشخانىلاردا تاماق يەۋاتقانلارنىڭ ئىشىپ قالغان تاماقىنى يېيىۋەتەتتىم. لېكىن جۈرئەت قىلالمىدىم. بۇلارنى كۆرگەندە، پەرۇخ بىلەن لاهور شەهەردىكى چايخانىدا ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىمىز ئېسىمگە كەلدى. مەن، پەرۇخ قانداقراق تۇرغاندۇ؟ ئاتا ئانىلىرى ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولغانمىدۇ؟ ئۆزۈمنىڭ ئاتا ئانىلىرىمچۇ؟ ئەگەر، ئۆيگە قايتقان بولسام ئۇلار مېنى قارشى ئالامتى؟ دىگەندەك خىياللار بېشىمغا كەلدى. ئۆيگە قايتقۇم كەلگەن تەقدىردىمۇ، مەندە قايتقۇدەك پۇل يوق. بۇ خىياللارنى كاللامدىن چىقىرۋېتىپ، داۋاملىق مېڭىۋەردىم.

خىيال سۈرگەچ، بىر كەڭ كەتكەن گازارمىغا كېلىپ قاپتىمەن. شەهەرنىڭ بۇ قىسمىدا نۇرغۇن دەرەخزارلىقلار ۋە باغچىلار بار. ئەنگلىيىلىكلەر پاكىستاندا هۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتا، بۇ يەر بىر هەربىي رايۇن بولغانىكەن. يولنىڭ بىر

تەرپىدە بىر چوڭ باغ يەنى «جاھانگىر باغچىسى» بار ئىدى. باغچىنىڭ ئۇدۇلىدا چوڭ بىر تاختايدا «شوتلاندىيە چېركوسى» دېگەن خەتلەرنى كۆردۇم. يولنىڭ ئىككى چېتىدە كونا ماشىنىلارنى ئېلىپ ساتقۇچىلار ۋاراڭ چۇرۇڭ ئىچىدە باھا تالىشىۋاتاتتى. مەن يولدىن ئۆتۈپ، چېركونىڭ قوروسىغا كىردىم. چىركو بىناسىنىڭ ئىچىگە قارسام ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. لېكىن، ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا، بىر كىشى ئولتۇرغان بولۇپ، ئەتراپىدا بالىلار ئويناۋاتتى. مەن بۇ كىشىگە يېقىنلاشسام، بالىلار ئويۇنلىرىنى توختىتىپ، ماڭا ئۇن تىنسىز قاراشتى. ئۇ كىشى مەن بىلەن سالاملاشمايلا:

كىمنى ئىزدەيسەن؟ دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا چېركونىڭ ئىمامى بىلەن كۆرۈشمەكچى دەپ ئېيتتىم. بىراق، ئۇ قوپاللىق بىلەن " بۈگۈن ئۇ يوق، باشقا بىر كۈنى كەل" دېدى. مەن ئاردىن بىر بالىنىڭ: «ئۇ مۇسۇلمان ئىكەن!» دېسە، يەنە بىرسىنىڭ: «ياق، ئۇ ساقچى!» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. ھېلىقى ئادەم ئۇلارغا قول پۇلاڭشىتىپ جىمىتتى ۋە ماڭا قاراپ:

بۇ شەخسلەرنىڭ قوروسى. سەن بۇيەرگە قالايمىغان كىرسەڭ بولمايدۇ. بىز سېنىڭ كىملىكىڭنى بىلمەيمىز. سەن ھەتتا ئىمامنىمۇ تونۇمايدىغاندەك قىلىسەن، دېدى.

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا، بىر ئايال بەلكىم ئۇنىڭ ئايالى بولسا كېرەك. مېنى ئەيىپلەپ:

كىم سەن؟ مېنىڭچە سەن بىر ئىشپىيۇن ياكى لۈكچەك. سەن ئۆتكەن كۈنى باشقا لۈكچەكلەر بىلەن قىزىمنى ھاقارەتلىگەن ئەمەسمۇ؟ بۇيەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟ كۆزۈمدىن يوقال! دېدى.

ئۇ يەنە باشقا نۇرغۇن سەت سۆزلەرنى قىلغان بولسىمۇ مەن ئۇنى سۆزدىن

توختىتىشقا ئورۇنۇدۇپ:

خانىم سىز نېمە دېۋاتىسىز؟ مەندە نۇرغۇن سۇئاللىرىم بارئىدى. ماڭا ياردەم قىلالايدىغان بىرەر ئىمام بىلەن كۆرۈشكىلى، يېراق يول بېسىپ، پانجاپدىن كەلدىم.

لېكىن، ئۇ ئايال ئاڭلاشنى خالىمىدى. ئۇنىڭ ئېرىمۇ، مېنىڭ بۇ يەردىن كېتىشمنى ئېيتتى. مەن ئۇ يەردىن چىقىپ، ئۇدۇلدىكى باغچىغا كىردىم. ئۇ يەردە بىر ئورۇندۇق تېپىپ ئولتۇردۇم. ئۇ باغچىدا بىر قىرائەتخانا بار ئىكەن. مەن بىر ئاز دەم ئېلىپ، ئاندىن قىرائەتخاناغا كىرىپ، گېزىتلەرگە قاردىم. قوسىغۇم شۇنداق ئېچىپ كەتكەنلىكتىن، ھېچنىمە قىلىش خوش ياقمىدى. شۇنىڭ بىلەن، قىرائەتخانادىن كەتتىم. مەن ئۆتكەن كۆچكەن كىشىلەرگە قاراپ، قورسىقىمنىڭ ئاچلىقىنى ئۇنتۇشقا ئورۇندۇم. شۇنداق قىلىپ بىر كۈن ئۆتكەندەك بولدى.

بارا بارا كەچ كىرىشكە باشلىدى. بۆرىدەك ئېچىرقاپ كەتكەن قورسىقىم ئېچىشىپ ئاغرىشقا باشلىدى. بۇگۈن ئاز بولسىمۇ بىر نەرسە يېمىسەم بولمايتتى. بىراق مەن تاماقنى نەدىن تاپالايمەن؟ مەن تىلەشتىن بەكلا نومۇس قىلدىم. شۇنداق خىيال سۈرگىنىمدە، مېنىڭ يېنىمدىكى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئىككى ئادەم، ئورۇندۇققا بىر كونۋېرتنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئۇ چوڭ بىر قوڭۇر رەڭلىك كونۋېرت. ئىچىدە بىر نېمە باردەك قىلاتتى. مەن ئەتراپقا قاراپ ئالدىرىماستىن، ئۇ ئورۇندۇققا بېرىپ كونۋېرتنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. مەن ئەتراپقا قايتا قارسام ھېچكىم ماڭا دىققەت قىلماپتۇ. تىترىگەن قوللىرىم بىلەن ئۇنى ئاچقىنىمدا ئىچىدىن مېۋە شۇپەكلىرى چىقتى. مەن كونۋېرتنى ئورۇندۇقنىڭ ئەسلى جايىغا تاشلاپ قوياي دىسەم، بىر كىشى كېلىپ يېنىمدا ئولتۇردى. ئۇ ئىسىل كاستۇم بۇرۇلكىنى كىيىۋالغان، ناھايىتى

سالاپەتلك بر كشى ئدى. قولۇمنى كانۋېرتتن تارتىپ، هېچ بولمغاندەك باشقا ياقا قاراپ تۇرۇۋالدم.

كونۋېرتتا نېمە بار ئكەن؟   دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا هەم شۇنداق سۇرلۇك قيايەتتە. مەن قورقۇنچ ئچىدە «بۇ كشى كمدۇ؟ ئۇ ساخچمۇيا» دەپ گۇمان قلدم. ئۇ قايتا :

كونۋېرتتا نېمە بار ئكەن؟ ئېيتمساڭ، سېنى ساقچغا تاپشۇرۇپ بېرمەن!   دېدى.

مەن «ساقچى» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، شۇنداق چۆچۈپ كەتتم. ئاندىن، دەرهاللا كونۋېرتنى ئېلىپ، خۇدۇكسرەپ ئاچتم، بۇ كشى ئۇنڭغە قاراپ، قاپاقلرى تۇرۇلدى. ئەلۋەتتە كونۋېرتقا مېۋە شۇپەكلرنى سالسا ئەرزىمەيتى. ئۇ:

بۇلار نېمە؟   دەپ سوردى. مېنىڭچە، ئۇ مېنى كونۋېرتنىڭ ئچىگە مۇهم بر نەرسنى سېلىپ، ئۇنى بريەرگە يەتكۇزمەكچى بولغان مەخپىي تەشكىلاتنىڭ بر ئەزاسى دەپ ئويلغان بولسا كېرەك. ئەمدى ئۇ ماڭا باشقچە نەزەردە قاراپ مېهربانلىق بلەن:

قورسقىڭ ئاچتمۇ، بالام؟   دەپ سوردى. مەن بېشمنى لىڭشتتم. خجىل بولۇپ، ئۇنڭغا قاريالمدىم. ئاندىن ئۇ:

مەن بلەن يۇر!   دېدى. ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ، يېتلەپ، مېنى بر ئاشخانىغا باشلاپ باردى. ئۇ مەندىن:

سەن نېمە تاماقنى ياخشى كۆرسەن؟   دەپ سوردى.

نېمە بولسا مەيلى،   دەپ جاۋاپ بەردىم ئېچىرقاپ كەتكەن هالەتتە. ئۇ مەندىن قايتا:

لېكىن سەن ئەڭ ياخشى كۆردىغان تاماق نېمە؟   دېدى. مەن جاۋاب

بېرەلمىگەنلىكتىن، ئۇ گۈرۈچ، نان ۋە بىرقانچە خىل سەي بۇيرۇتتى. جوزا زىياپەتدىكىدەك تولۇپ كەتتى. تاماقلارنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرىدا شۆلگەيلىرىم ئېقىپ كەتتى. ئاندىن مېنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ، ماڭا قاراپ ئولتۇردى. ئۇ مېنى ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن ھېچقانداق گەپ سورىمىدى. كېيىن، ئۇ ئىككىلىمىزگە چاي كەلتۈرۈپ، چاي ئىچىۋاتقان ۋاقىتتىن پايدىلىنى، مەندىن :

بالام، ئىسمىڭ نېمە؟ نەدىن كەلدىڭ؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ دەپ سورىدى.

راست گەپنى ئېيتسام، ئۇنىڭغا ئېيتقۇم كەلمىدى. لېكىن، ئۇ كۆيۈمچان، چوڭ كىشى بولغاچقا، مەن بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا تولۇق ئېيتىپ بېرەي دەپ قارار قىلدىم. مېنىڭچە، ئۇ مەن ئېيتقان گەپلەرگە دىگەندەك ئىشەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، مەن ۋەقەدىكى بارلىق بالايى ئاپەتلەرنى بىر بىرگە باغلىنىشلىق قىلىپ چۈشەندۈرگەن ئىدىم. مەن سۆزۈمنى تۈگەتكەندە، ئۇ:

مەخسۇت، ماڭا ئىشلەپ بېرىشنى خالامسەن؟ مەن بىرەرسىنىڭ ئۆي ئىشلىرىمغا ياردەملىشىشكە مۇھتاجمەن. مېنىڭچە، سەن بىزدە بولساڭ، كۆڭۈللۈك ئۆتىسەن. بىزنىڭ ئۆيدە مېنىڭ ئايالىم ۋە ئۈچ بالام بار. سەن بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ دېدى.

مەن ئۇنىڭ شەپقىتىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم. ماڭا خۇدا خۇددى بۇ كىشىنى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ياردەم قىلغىلى ئەۋەتكەندەك تۇيۇلدى. مەن ھېچقانداق ئىككىلەنمەي قوبۇل قىلدىم. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭدىن باشقا ئامالمۇ يوق ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئۇنىڭ ئىسمى راشىد بولۇپ، ئۇ مېنى شەھەرگە يېقىن جايدىكى ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئۇ ئايالى ۋە باللىرىنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھويلىدىكى كارىۋاتنى كۆرسىتىپ، شۇ يەردە ئۇخلىساڭ بولىدۇ دەپ ئېيتتى. ئۇ

بىر سالقىن جاي بولغاچقا، مەن ئۇنىڭ بۇ ھىممىتىدىن مەمنۇن بولدۇم.

مېنىڭچە ئۇ مېنى باشتا خاتا چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەپسۇسلاندى. بىر ھېساپتا ئۇنىڭ شۇنداق چۈشەنگەنلىكىگىمۇ خۇشال بولدۇم. چۈنكى، بۇ ئۆيدە يەنە بىر قېتىم ئۇستۈمگە يېپىنچا يېپىلدى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئەمدى بىرسى مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالىدىغان بولدى. مەن چىن كۆڭلۈمدىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقىنىمدا، ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

مەخسۇت، بىزدە ئەسلى بىر خىزمەتكار بولغان. لېكىن، ئۇ ئالدامچى ئۆيدىن قېچىپ كەتتى. ئەمدى، ئۇنىڭ يەنە قايتىپ كېلىشى ئانچە مۇمكىن ئەمەس. سەن بۇ ئۆيدىكى خالىغان نەرسىلەرنى ئىشلەتسەڭ بولىدۇ، دېدى.

ئەتىگىنى مەن بۇ شەپقەتچىم توغرىلىق تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلدىم. ئۇ شەھەردە ئادۋۇكات بولۇپ، ئايالى بولسا بىر مۇئەللىم ئىكەن. كېيىن، مەن، بۇرۇنمۇ ئۇنىڭ ماڭا ئوخشاش ئۆي ماكانسىز باللارغا كۆڭۈل يۇمشاقلىق قىلىپ، ئۇلارغا ئۆز ئۆيىدە خىزمەت بەرگەنلىكىنى بىلىۋالدىم. مەن ھەقسىز ئىشلىدىم. لېكىن، كۈندۈلۈك تۇرمۇشۇم ناھايىتى ياخشى ئۆتتى، ئۇندىن سىرت مەن بۇ ئائىلىنىڭ مېھرى شەپقىتىگە ئېرىشتىم. مەن خۇدانىڭ يەنە بىر قېتىم ماڭا ئەمەلىيەت ئارقىلىق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەيلى نېمە بولمىسۇن خۇدا مېنى تاشلىۋەتمىدى.

مېنىڭچە، بۇ ئادۋۇكات مېنىڭ قىلغان خىزمىتىمدىن خۇش بولدى. بىر قېتىم، ئۇ، بۇرۇن ئىشلىگەن باللارغا قاراپ تۇرمىسام بولمايتتى، لېكىن ساڭا قاراشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن دەپ مېنى ماختىدى. مەن بۇلارنى ئاڭلاپ، ئۇ مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى راستىنلا چۈشەنگەنمىدۇ دەپ ئويلىدۇم. شۇڭا ئۇ چوقۇم مېنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشقا خۇشال بولىدىغانلىقىمنى، ۋە مېنىڭ ئۆزىنىڭ قارارىدىن پۇشايمان قىلدۇرىدىغان ھېچ قانداق ئىش قىلمايدىغانلىقىمنى

بىلەتتى.

پاكىستاندىكى رەشىدگە ئوخشاش يۇقۇرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئۆيلىرى، ناھايىتى رەتلىك، ناھايىتى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. خىزمىتىمنىڭ بىر قىسمى ئەتگىنى چاي دەملەش ئىدى. بۇ ئۇلار چىقىپ ناشتا قىلىشتىن بۇرۇن ئىچىدىغان تۇنجى چاي بولۇپ، بىز ئۇنى كارىۋات چېيى دەپ ئاتايمىز.

ناشتىدىن كېيىن، مەن باللارنى مەكتەپكە ئېلىپ باراتتىم. ئاندىن چۈشتىن كېيىن، ئۇلارنى مەكتەپتىن ئۆيگە ياندۇرۇپ كېلەتتىم. باللار مېنى «ئاكا» دەپ ئاتايتتى. مەنمۇ ئۇلارنى بەكلا ياخشى كۆرەتتىم. قالغان ۋەزىپىلىرىم بولسا ئۆي تازىلاش، كىر يۇيۇش ۋە بازارغا بېرىپ مېۋە  كۆكتاتلارنى ئېلىپ كېلىش ئىدى. گەرچە، كۈنۈم ئالدىراش ئۆتسىمۇ،  كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى. چۈشتىن كېيىنلىرى ئاساسى جەھەتتىن ئارام ئالاتتىم. مەن شۇ كۈنلەردە، "ئۆمۈربويى مۇشۇنداق ئۆتىدىغان بولسام بەك راز بولاتتىم" دەپ ئويلىدىم.

بۈگۈنكى كۈنلۈكتە، مەن رەشىد ئەپەندىمنىڭ  پوزىتسىيەسىدىن سەل  پەل ئەجەبلەندىم. ئۇ باللىرىغا مېنى ئاكا دەپ ئۆگەتتى، لېكىن، ماڭا ھېچقانداق ئىش ھەققى بەرمەيتتى. ئۇ بەلكىم ئائىلىسىدە مېنى بالىسىدەك كۆرگەچكە، پۇل سورىيالمايدۇ دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ مەن ئاز  تولا ھەققە ئېرىشىپ، ئىسلام دىنىي كىتابلىرىنى ئېلىپ ئۆگىنىشنى خالايتىم.

گەرچە، مەن بۇ خىل شارائىتتىن ناھايىتى رازى بولساممۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ قۇلىدەك بولۇپ قالغانىدىم. مەن، بەلكىم ئۇ كېيىنرەك ماڭا ئازراق بولسىمۇ پۇل بېرەر دەپ ئۈمىد قىلدىم،  لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى.

ئايلارنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، مەن كاراچىنىڭ يوللىرى بىلەن  ئوبدان تونۇشۇپ قالدىم.  بىركۈنى كوچىدا ، دادا بىر قېرىندىشىم بىلەن تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدىم.

ھەركۈنى مەن خوجايىننىڭ چۈشلۈك تامىقنى ئىشخانىسىغا ئېلىپ باراتتىم. پاكىستاندا، ئىشخانىدا ئىشلەيدىغانلار تاماقلىرىنى قىستا  قىستاڭ ئاپتوۋۇزلاردا كۆتىرىپ يۈرگەندىن، ئۆز خىزمەتكارلىرىنىڭ ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشى بىرخىل ئادەت ئىدى. بۇنداق قىلغاندا، تاماقلار قىززىق يەيەلەيتتى. بىركۈنى، مەن رەشىد ئەپەندىمنىڭ ئىشخانىسىدىن قۇرۇق تاماق قاچىسىنى كۆتۈرۈپ قايتىۋاتقىنىمدا، ئاپتوبۇس شوپۇرلىرى ئىش ھەققى سەۋەبىدىن نامايىش قىلىپ، ئاپتوۋۇزنى ھەيدىمەپتۇ. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرغاندا، بىر پىكاپ كېلىپ ئالدىمدا توختىدى. ئۇ كىشى قارىماققا ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ تەققى تۇرقى جايىدا ئىدى. ئۇنىڭ يولى مەن بىلەن بىر بولغاچقا ئۇ مېنى ھەقسىز ئاپىرىپ قويماقچى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كاراچىدىن ئون بەش كىلومېتىر كېلىدىغان بىر يېزىدا تۇرىدىغانلىقنى ئېيتتى. ئۇ مېنى رەسىد ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە يېقىن جايىدا چۈشۈرۈپ قويدى. مەن ئۇنىڭغا ئوبدان رەھمىتىمنى بىلدۈردۇم.

ئىككىنچى كۈنى، ئۇ يەنە مېنىڭ ئاپتوبۇس ساقلاۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ ماشىنىسىنى بېكەتكە توختىتىپ:

بۇگۈن نەگە بارسەن؟  دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا :

مەن خوجايىنىمغا تاماق ئاپىرىپ بەرگىلى شەھەرگە كېتىپ بارىمەن، دەپ جاۋاب بەردىم.

ئۇ پىكاپىنىڭ ئىشىكىنى ماڭا ئېچىپ تۇرۇپ:

كىرە! سېنى ئاپىرىپ قوياي،   دېدى.

مەن ئاپتوبۇستىكى قىستىلىشتىن قۇتۇلغىنىمغا خۇش بولدۇم. نامايىش ئاخىرلاشقان بولسىمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئاپتوبۇسلاردا ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن

ئىشكىلىرگىمۇ ئېسىلىپ ماڭاتتى. بىز يولدا كېتىپ بارغىنىمىزدا ئۇ كىشى:
خوجايىنىڭ ساڭا نەچچە پۇل بېرىدۇ؟ دەپ سورىدى.
مەن ھەق ئالمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ ھەيران قالغاندەك قىلىپ ماڭا :
بۇ قانداق گەپ. مەن بىلەن بىرگە ئىشلىگىن؟ پۇلنى بىرگە تاپىمىز.
دېدى.
مەن ئويلانمايلا قوشۇلدۇم.
ئىشىمنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مەن ئۆيگە قايتىپ، مەن ئۇچراشقان ھېلىقى كىشى بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغانلىقىمنى ئائىلىدىكىلەرگە ئېيتتىم. ئۇ كىشى يەرلىك دۇرا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. رەشىد ئەپەندىم بۇنىڭدىن ئانچە خۇش بولغاندەك قىلمىدى. باللار كەتمەسلىكىمنى سورىدى. لېكىن مەن ئاللابۇرۇن كېتىش قارارىغا كەلگەن ئىدىم. مەيلى نېمىلا دېگەن بىلەن مەن توققۇز ئايدىن ئارتۇق ۋاقىتنى ئۇلار بىلەن بىرگە ئۆتكۈزدۇم. لېكىن مەن ئۆمۈر بويى ھەقسىز ئىشلىگۈم يوق ئىدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، مەن ھېلىقى كىشى تۇرۇۋاتقان كەنتكە بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ باردىم.
شۇ كۈنى كەچتە ئۇ مېنىڭ ئۇخلايدىغان يېرىمنى كۆرسىتىپ بەرگەندە، مەن ئۆينىڭ ھەممە جايلىرىغا دىققەت قىلغاچ، تاسادىپىي دادامنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ كونا رەسىم بولسىمۇ نەق دادامنىڭ ئۆزى ئىدى. مەن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇنى تونۇيدىغانلىقىمنى چاندۇرماي، ئاددىيلا قىلىپ ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىدىم.
ھە، ئۇ بىزنىڭ دادىمىز! دېدى ئۇ .
بۇ ماڭا مۇمكىن ئەمەس دەك ئاڭلاندى. مەن ئۇلارنىڭ ئاپىسىنىڭ مېنىڭ ئاپام ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم. شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات بىلەن سوراش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ دادامنىڭ بالدۇرقى ئايالىدىن بولغان بالىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

ئۇلار مەندىن بىرقانچە يىل بالدۇر تۇغۇلغان بولۇپ، 1947 يىلى ئەتراپىدا، دادامنىڭ ئۈچىنچى ئايالىدىن بولغان بالىلىرى ئىكەن.

بىز خېلى كەچكىچە ئولتۇرۇپ مۇڭداشتۇق. ئۇلار ماڭا دادامنىڭ قانداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئانىسىنى تاشلاپ، شىمالى پاكىستانغا كەتكەن ئېچىنىشلىق ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن مەن ئۇلارغا، ئۇنىڭ ئاپام بىلەن بولغان كېيىنكى ئۆيلىنىشىنى ھەم ئۇلارنىڭ قانچىلىك بەختسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردىم. بىز مۇڭداشقاچ، دىنىمىزنىڭ نۇرغۇن ئاياللارنىڭ تويى ئىشىغا پاجىئە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئويلىدىم. بىزدە ئاياللارنىڭ ئەھۋالى نېمە دېگەن قېيىن. بۇنداق ئۆيلىنىش ئۇلارغا نىمىدىگەن كۆپ مەسىلىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ ھە! مېنىڭ، بۇ دادا بىر ئاكامنىڭ ئانىسى سۆزلىرىمىزنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ كۆپ گەپ قىلمىدى. مېنىڭچە ئۇ مەندىن خاپا بولغاندەك قىلدى. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ دادام بىلەن بولغان پاجىئەلىك مۇناسىۋىتىنى ئېسىگە كەلتۈرگەن ئىدىم. ئارىمىزدىكى بىر بالا بۇنى بايقاپ قىلىپ، ئانىسىغا بوش ئاۋازدا:

ئانا، ئۇ بىگۇناھ ئىكەن. سەن ئۇنىڭدىن ئاغرىنماسلىقىڭ كېرەك، دېدى. بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىم بىلەن دىگەندەك چىقىشىپ كېتەلمىدىم. شۇڭا، ئىككى ئايدىن كېيىن، مەن رەشىد ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدىم. ئۇلار مېنى قىزغىن قارشى ئالدى.

مەن شۇ يەردە جەمى بىر يېرىم تۇردۇم. شۇندىن كېيىن، مەن ئۆزەمنى بىر يەرگە پېتىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. مەن يەنىلا خۇدانىڭ مېنىڭ ئۈچۈن بولغان ئىرادىسىنى بىلىشكە شۇنداق تەشنا ئىدىم. لېكىن مەن بەك جايلىشىپ قالغان ئوخشايمەن. مەن ئادەت بويىچە كۈنىگە بەش ۋاخ ناماز ئۆتەشنى داۋاملاشتۇردۇم. راشىد ئەپەندىم قىزغىنلىقىمدىن تەسىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە، مەن نامازلارنى پەقەت قائىدە ئۈچۈن ئوقۇپ قوياتتىم.

رامزان ئېيى كەلگەندە، روزىنى تولۇق تۇتتىم. رەشىد ئەپەندىملەر سۈنئى مەزھېپكە تەۋە بولسىمۇ، ئۇلار مېنىڭ ئەخمەدىيە مەزھېپىدىن بولۇشۇم بىلەن كارى بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇلار بىلەن بىرگە مەسچىتكە قالدۇرماي بېرىشىم بىلەن ئۇلار بەك خۇش بولدى.

مەن ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ، قىلىدىغان ئىشلىرىم كۈندىن  كۈنگە كۆپەيدى. گەرچە  ماڭا يەنىلا پۇل بەرمىسىمۇ، مېنىڭ ئانچە كارىم بولمىدى. دائىم دېگۈدەك ۋاقىت تاپسىلا، مەسچىتتىكى ئىمامنىڭ يېنىغا باراتتىم. بىز نۇرغۇن ئىشلار توغرۇلۇق مۇنازىرلىشەتتۇق. مەن ئىمامدىن ئۆزۈن يىلدىن بۇيان جاۋاب تاپالمىغان سۇئاللىرىمنى سورىدۇم. گەرچە، ئۇ ماڭا قايىل قىلغۇدەك جاۋابلارنى بېرەلمىسىمۇ، لېكىن، ئۇ بىر ياخشى ئادەم ئىدى. قەلبىم يەنىلا تىنىلدايتى. ئىمام ماڭا ئارىيەتكە نۇرغۇن كىتاب بېرىپ تۇراتتى دە، مەن ئۇلارنى بېكار ۋاقىتلىرىمدا ئوقاتتىم. مېنىڭچە ئۇ كىتابلار مېنى ئىلھاملاندۇرماستىن، بەلكى مېنى تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى.

ئۆيدىكى ئاشخاندا ئىشلىگەنلىرىمدە بەزىدە توختاپ: «مېنىڭ ئۆز ئۆيدىن ئايرىلىشىمدىكى سەۋەب ھەققەتەن مۇشۇمىدۇ؟ خۇدانى بۇ يەردىن ئىزدىسەم راستىنلا تاپالايمەنمۇ؟» دەپ ئويلايتىم. بىر كۈنى كەچتە، مەن قىزىپ كارۋاتتا ئۇيقۇسىز ياتتىم. ئىچىئىچىمدىن قوزغۇلۇپ: ماڭا نېمە جاپا! بۇنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىچىلىق. ھايات نىمدىگەن مەنىسسىز ئىكەن! خۇدا ماڭا كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن! مەن بىلەن ئوينىشىۋاتقان ئوخشايدۇ. ئۇ مېنى ماڭا كۈيۈندۇ دېگەن خيالغا كىرگۈزۈپ، ئاندىن ئۆزىنى مەندىن قاچۇردۇ.

بىراق، مەن بۇ ئىشلارنى ئويلىغىنىمدا، خۇدانى يېنىمدا تۇرغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ: «سەن شۇنداق تېزلا بەل قويۇۋەتتىڭغۇ!» دېگەن

سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم.

مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، ئەتراپقا قارىسام ھېچكىم يوق ئىكەن. مەن خۇددى ئۆزۈمنى تاشلىۋېتىلگەندەك ھېس قىلدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي رەشىد ئەپەندىم مېنى مېھمانغا چاي دەملەپ كىر دەپ چاقىردى. مەن كارىۋاتتىن ئاران تۇرۇپ، ئاستا مىڭىپ ئاشخانا ئۆيگە كىردىم. مەن يەنىلا بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن خالاس بولغۇم كەلدى. مەن مېھمانخانىدىن ئۆتۈشۈمگە بىر تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئەخمەدنىڭ دادىسى ئىكەن! ئۇ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئەخمەدنىڭ دادىسى رابىۋاختىن بۇ جايغا كەلگەندۇ؟ مەن ئىشكتە توختاپ، ئۇنىڭ:

سىزگە كۆپ رەھمەت! دادىسى ئەتە كېلىدۇ. ئۇ بالا قېنى؟  دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. رەشىد ئەپەندىم:

ئۇ ھازىر كىرىدۇ. ئۇ بىزگە چاي ئېلىپ كىرمەكچى. شۇ چاغدا سىز ئۇنى كۆرىسىز. ئەگەر ئۇ بالا مېنى كۆرۈپ قالمىسۇن دېسىڭىز، كىتاپ جازاسىنىڭ ئالدىدا، كىتاپلارغا قارىۋاتقاندەك تۇرسىڭىز بولىدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ يۈرىكىمگە پىچاق سانجىلغاندەك بولدى. مەن ئۆزۈم ياتىدىغان ئۆيگە قايتىپ كىردىم. ئەخمەدنىڭ دادىسىنىڭ ئاۋازىدىن بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى قايتا مېنىڭ ئېسىمگە كېلىپ، قاتتىق قورقۇپ كېتتىم. ئەمما، نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. مەن دەرھال ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ، چاي دەملىدىم. مەن چاي دەملىگەچ ئۆز ئۆزەمنى تەستە تۇتىۋالدىم. لېكىن، چاينى ئېلىپ كىرگىنىمدە، قوللىرىم تىترەپ كەتتى.

نېمە بولدى مەخسۇت؟  دەپ سورىدى رەسىد ئەپەندىم مەندىن. مەن كۆزۈمنىڭ قۇيرىقىدا كىتاب يېنىدا جىم تۇرغان كىشىگە دىققەت قىلدىم. ئەخمەدنىڭ دادىسى ئانچە ئۆزگىرىپ كەتمەپتۇ.

ئەپەندىم، قىزىتمام  ئۆرلەپ قاپتۇ، دەپ جاۋاب بەردىم. ئەمەلىيەتتىمۇ مەن قىزىپ قالغان ئىدىم.  رەسىد ئەپەندىم قولۇمنى تۇتۇپ بېقىپ، مېنىڭ قىزىتمامنىڭ ھەقىقەتەن ئۆرلەپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ:

ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ، ئىشكاپىنىڭ ئۈستىدىن ئاسپىرىن ئالغىن!   دەپ بۇيرىدى. مەن ئەخمەدنىڭ دادىسىغا  قايتا قارىماي چىقىپ كەتتىم.

ئەپەندىمنىڭ ئايالى ياتاق ئۆيدە ژورنال كۆرۈپ ئولتۇرغان ئىكەن، مەن ئىشكىنى قاققىنىمدا، ئۇ مۇلايىملىق بىلەن:

كىرگىن مەخسۇت، بىرەر ئىش بارمىدى؟   دېدى.

مەن ئۇنىڭغا سەۋەبىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ ئىشكاپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ئاسپىرىن شۇ يەردە. ئاسپىرىنىنىڭ  يېنىدا كىچىك بىر بوتۇلكا بار. ئۇنىڭدىن ماڭا بىر تال تابلېتكا ئېلىپ بەرگىن. بىرنى ئىچمىسەم ئۇخلىيالمايدىكەنمەن، دېدى.

مەن بۇتۇلكىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدىم. ئۇ بىر تال ئەمەس بىرقانچىنى ئىچىپ يېتىپ قالدى. كېيىن قارىسام ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ قاپتۇ. خىيالىمغا نېمە كەلگىنىنى بىلمىدىم. مەن شۇ بوتۇلكا ئۇخلىتىش دورىسىنى يانچۇقۇمغا سالدىم   دە، ئىشكتىن چاندۇرماي چىقىپ كەتتىم. ئۇ كەتكىنىمنى سەزمىدى.

ياتىدىغان ئۆيۈمگە قايتىپ، كارىۋىتىمدا ئولتۇردۇم.  بۇ سىرلىق ئەينەك بوتۇلكىنى قولۇمغا تۆكۈۋېتىپ، ئىچىدىكى ئاپئاق تابلېتكىلارنى ساندىم. ئۇنىڭ ھەممىسىنى يۇتۇۋېتىپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىش نېمىدېگەن ئاسان ئىش دەپ خىيال قىلدىم. ھەمدە بۇ خىيال مېنى بەكلا جەلىپ قىلدى.

شەيتانمۇ مېنى شۇنداق قىل دەپ ۋەسۋەسگە سېلىپ تۇراتتى. مەن رەشىد

ئەپەندىم بىلەن ئەخمەدنىڭ دادىسى قىلىشقان پاراڭنى ئەسلەپ، تەغدىرىمنىڭ قانچىلىك بەختسىز، قانچىلىك مەنىسىز ئىكەنلىكىنى ئويلىدىم. ھېچكىم ماڭا كۆڭۈل بۆلمىگەنئىدى، ھېچكىم مېنى سۆيمىدى! خۇددى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقاندەك بولدى. ئەمدى دادام كاراچىغا كېلىپ، مېنى يۇرتىمىزغا قايتۇرۇپ ئەكەتمەكچى. ئۇ يەردە ئۇلار مېنى جازالاپ، ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن. خۇددى مېنىڭ ھەممىلا تەرىپىمدە دۈشمەنلىرىم ماڭا قاراپ:

ئۆل، ئۆل، ياشاشقا ئەرزىمەيدىغان بىر نەرسە سەن!سەن نېمە ئۈچۈن ئۆلمەيسەن؟ دېيىشگەندەك بولدى.

شۇ كۈنى كەچتە، تاكى تاڭتاي دىگىچە، بارلىق تابلىتكىلارنى يۇتۇۋېتىش مەقسەتتە، بوتۇلكىنى ئاغزىمنىڭ يېنىغا بىرقانچە قېتىم ئالدىم. مەن ئۆلۈشتىن قورقمىدىم. مېنىڭ ئەنسىرىگىنىم، تابلىتكىلارنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، تاساددىبى تىرىلىپ قېلىش ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا، مەن دادامنىڭ قولىغا يەنە بىر قېتىم چۈشۈپ قالاتتىم. مەن بۇ يەردىن زادىلا قۇتۇلۇشىم كېرەك. مەنبۇلارنى ئويلىۋاتقىنىمدا مەھەللىدىكى خورازلارنىڭ چىللاش ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدىم. تاڭ سەھەرنىڭ قۇياش نۇرى ئۆيۈمگە ئۆملەپ كىرگەنىدى. بۇرۇنقى خىزمەتكار تاشلاپ قويغان بىر كونا چامادانىنى ئېلىپ، دورا ۋە بەزى قەغەز ماتېرىياللىرىنى ئىچىگە پۇرلەپ تىقىپ، ئىشككە چاندۇرماي باردىم. ھەممەيلەن ئۇخلاۋاتقاچقا، ھېچكىم مېنى كۆرمىدى. ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ، تۇيدۇرماي باغقا كىردىم. ئاندىن تىزلا چوڭ كوچىغا چىقتىم. مانا مەن يىگىرمە ياشلارغا كىرىپتىمەن، ھازىرغىچە ئائىلەم يوق، خىزمىتىم يوق، ھەتتا ئىستىقبالىممۇ يوق. ھاياتىمنىڭ يەنە بىر مۇساپىسى شۇنداق قىلىپ ئاخىرلاشقاندەك قىلاتتى.

## 9 باب «ئۆلۈم گىردابىدا»

يەنە يېڭى بىر كۈن باشلاندى. مەن بۇ سالقىن سەھەردە ئايلىنىپ يۈردۈم. ھاياتىم ماڭا پۈتۈنلەي مەنىسىز تۇيۇلدى ۋە دادامنىڭ پات يېقىندا بۇ يەرگە كېلىدىغان خەۋەرى مېنى ئۈمىدسىزلەندۈردى. مەن يەنە بىر قېتىم، چامادان ئىچىدىكى ھېلىقى دورىنى ئويلىدىم. مېڭەم ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ، ئىچىدىن بىر ئاۋاز: «بۈنىڭ ھەممىسىنى ئاخىرلاشتۇرغىن! ئۇخلا ! ئۇخلىغىن!» دەپ تەكرارلايتى.

مەن مېڭىپ، مېڭىپ، سائەت ئونلار ئەتراپىدا، مەن بىر چايخانىغا كېلىپ قاپتىمەن. بۇ چايخانىغا ئاساسەن قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى كېلىپ چاي پاي ئىچىپ تۇراتتى. بۇ چايخانىنىڭ ئەتراپى قۇرۇلۇش بىنالار بىلەن قورشالغانئىدى. مەن چايخانىنىڭ بىر چېتىدە يالغۇز ئولتۇرغىنىمدا، ئەگەر مۇشۇ يەردە ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرسام، بەلكى ھېچكىم ماڭا دىققەت قىلماس دەپ ئويلىدۇم. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، مەن ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كەلگەنىدىم. چاينى بۇيرۇتقاندىن كېيىن، چامادانىدىكى دورىنى ئالدىم. مەن قولتىدىكى دورىغا قارىغىنىمدا، ئۆلۈم مېنى مازاق قىلىۋاتقاندەكلا تۇيۇلدى. كۆتكۈچى بالا ماڭا چوڭ بىر پىيالە چاي ۋە بىر ئىستىكان سۇنى ئەكىلىپ كېتىپ قالدى. مەن بىر ھازا ئىككىلەندىم. ئاندىن قاتتىق ئىرادە بىلەن ئۆلمەي قالارمەنمۇ دېگەندەك ئەندىشىنى خىيالىمدىن چىقىرىۋەتتىم. ئۆلگەندىن كېيىن، نېمىنىڭ مېنى كۈتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىم. لېكىن، بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلگەن تۈزۈك دەپ ئويلايتتىم.

مەن قولتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بىر ئىستاكان سۇ بىلەن بۇ دورىلارنى بىراقلا يۇتىۋەتتىم. بىردەم سەل پەل ھودۇقۇپ، ئاندىن ئالدىرماي چېيىمنى ئىچتىم.

قولۇمنى چامادانغا تىقىپ، تەسلىكتە بىر ۋاراق قەغەز بىلەن قەلەم ئېلىپ: «مەن چوڭقۇر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالدىم. مېنىڭ چىقىش يولۇم يوق. مەن بۇ دۇنيادىن ئايرىلىشنى قارار قىلدىم. مەن خۇدانىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. لېكىن، ئۇ دەردىمگە دەرمان بولمىغاچقا، ماڭىمۇ باشقا ئامال يوق» دەپ يازدىم.

مەن بۇ ئېچىنىشلىق خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئىمزايىمنى قويۇپ يانچۇقۇمغا سالدىم. ئاندىن چاي پۇلىنى تۆلىۋېتىپ، چىقىپ كەتتىم. مەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلار يانچۇقۇمدىكى خەتنى كۆرسە، ھېچبولمىغاندا نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەر دېگەن ئويدا ئىدىم. بىراق، مەن بىرەرسىنىڭ مېنى تېپىۋېلىپ، دوختۇرخانىغا ئاپارماسلىقى ئۈچۈن، خىلۋەت بىر جايدا ئۆلۈش نىيىتىگە كەلدىم.

يولدا مېڭىۋاتقىنىمدا، دورىنىڭ تەسىرىدە، ئالدىمدىكى بىنالار پىقىراشقا باشلىدى. مەن نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. لېكىن ئوق تەككەن ھايۋانغا ئوخشاش، ئۆلىدىغان بىرەر جاي تاپالمىغانلىقىمدىن ئەنسىرىدىم. مەن يەنە بىر كوچىغا بۇرۇلۇپ كىرىپ، ئەتراپقا قارىسام، ياتقىدەك بىرەر جاي چىقمىدى. بۇ ياپ يېشىل دەرەخلەر قاتار كەتكەن بىر كوچا ئىدى. ئىككى تەرەپتىكى ئېگىز تاملىق قورا جايلاردىن، بۇ بايلار ئولتۇرىدىغان بىر مەھەللە ئىكەن دەپ بىلدىم. بۇ يەردىن چوقۇم بىرەر ياتقىدەك يەر چىقىدۇ. بەزى ئۆيلەرنىڭ دەرۋازىسە قاراۋۇللىرى مېنى بىر بۇلاڭچىمىكىن دەپ ماڭا گۇمانلىق كۆزلىرى بىلەن قاراشتى.

مەن بىر بۇلۇڭغا بارغاندا، تىك تۇرالماي قالدىم. مەن دەرھال يېنىمدىكى تېلىفۇن تۈۋرىكىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا يۆلىنىپ تۇردىم. بىرسىنىڭ سىلىق ھالدا: بالام، ساڭا نېمە بولدى؟ مىجەزىڭ يوقمۇ؟ دېگىنىنى ئاڭلىدىم. مەن

ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە بېشىمنى ئاستا بۇراپ، يېنىمدىكى بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە، مېھرىبان كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ئايالنى كۆردۈم. گەرچە بىرەرسىنىڭ ماڭا كۆڭۈل بۆلۈشى ياخشى بىر ئىش بولسىمۇ، بىراق، ھازىر تولىمۇ كىچىكەن ئىدى. ئۇ ئايال يەنە:

مېنىڭچە، مۇشۇ ئىسسىق ھاۋادىن مىجەزىڭ يوقدەك قىلىدۇ. كىرىپ بىرئاز دەم ئال! دېدى.

ئۇ ئۆگزىدىن چۈشتى. مەن ئۇنىڭ دەرۋازىنى ئاچقان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. مەن شۇ ۋاقىتتا قاتتىق قورقۇپ كەتتىم. قېچىپ كېتەي دەپ ئويلىدىم. ئەمما مىدىرلىيالمىدىم. پۇتلىرىم چويۈندەك ئېغىرلىشىپ كەتتتى. ماڭاي دېسەم، ئاسماندا لەيلەپ قالغاندەك ھىس قىلدىم. ئاندىن كۆزلىرىمگە قاراڭغۇ چۈشۈپ، خۇدىمنى يوقاتتىم.

كۆزۈمنى قايتا ئاچقىنىمدا، ھەممە نەرسە غۇۋا كۆرۈندى. مەن خۇددى ئۇ دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك بولدۇم. لېكىن، كاللامنى سىلكىۋېتىپ قارىغىنىمدا، بىر سالقىن ئۆيدە، ئەتراپىمدا بىر مۇنچە ئايال ۋە باللارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. كارۋىتىمنىڭ يېنىدا بىر دوختۇر ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا قارىسام، ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ،:

مانا، يېگىت، بۇنى ئىچكىن! دەپ چوڭ بىر پىيالە سۇ بەردى.

ئۇ ياخشى ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. مەن سۇنى ئىچەي دېۋىدىم، بىراق ئىچەلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن، دوختۇر باشقىلارغا ئۆيدىن چىقىپ تۇرۇڭلار دېدى. بۇ ۋاقىتتا، يەنە بىر كىشى كارۋات بېشىدىن كىرىپ كەلدى. رۆشەنكى ئۇ دوختۇرنىڭ ياردەمچىسى ئىدى. ئاندىن دوختۇر ياردەمچىسىنىڭ ھەمكارلىششى بىلەن، گېلىمدىن كېچىك بىر رېزىنكە تۇربىنى تىقىپ،

ئاشقازىنىمنى يۇدى. بۇ ۋاقىتتا، دىمىم سىقىلىپ، تۇنجۇقۇپ كەتكەچكە، مەن راستىلا ئۆلگەن بولسامmu بولۇپتىكەن دەپ ئويلۇدۇم. دوختۇر مېنىڭ نېمە قىلغانلىقىمنى ئوبدان بىلگەن بولسا كېرەك.

ئاشقازىنىمنى يۇيۇشقا، پەقەت ئون بەش مىنۇتلا كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ماڭا ئون بەش سائەتتەك تۇيۇلدى. ئاندىن دوختۇر ماڭا بىر ئوكۇل ئۇرۇپ، ئاياللارنى كىرسۇن دەپ چاقىردى. ئۇلار سىرتىدا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلىش ئۈچۈن ئۆيگە بېسىپ كىرىشى. مەن ھېلىقى مېھرىبان ئايالنىڭ چىرايىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىمنى بىلدىم. باللىرى ئۇ ئايالنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، مەن توغرىلىق غۇدۇڭشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى «ئاپا» دەپ ئاتايتتى. بۇ مېھرىبان ئايال قىزغىنلىق بىلەن دوختۇرنىڭ كەلگىنىگە رەھمەت ئېيتتى. دوختۇر ئۇنىڭغا:

مەن ئەسلى بۇنداق قىلسام بولمايتتى. ئەگەر، بۇ بالا ئۆلگەن بولسا، مەن دوختۇرلۇق كېنىشكەمدىن ئايرىلاتتىم. چۈنكى بۇ ئەسلى ساقچىلارنىڭ ئىشى ئىدى، دېدى.

دوختۇرنىڭ دېگىنىنى ئاڭلاپ مەن بۇ كىشىلەرنىڭ مەن ئۈچۈن زور تەۋەككۇل قىلغانلىقىنى ئۇقتۇم. مەن ئۇلارغا چوڭقۇر مىنەتدارلىق، ئاجايىپ يېقىنلىق ھېس قىلدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي دوختۇر قايتتى. مەن بۇ ناتونۇش كارۋاتتا يېتىپ قالدىم.

ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە مەندىن توختىماي سوئال سورىدى. لېكىن، مەن ئۇكولنىڭ تەسىرىدە ئۇيقۇم بەك كېلىپ كەتكەچكە، ئۇلارغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمىدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئەر كىشىنىڭ ئاۋازىنىمۇ بار ئىدى. بىراق يۈزىنى كۆرەلمىدىم. ئاندىن شېرىن ئۇيقۇغا كەتتىم.

ئويغانغىنىمدا، قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا مەن كۆپ ياخشى بولۇپ قالغان ئىدىم. كاللام جايىدا بولۇپ، ئەتراپىمغا قارىسام، ھەم چوڭ ھەم سالقىن بىر ئۆيدە ياتقۇدەكمەن. ئاندىن، خۇدا بەلكىم مېنى مۇشۇ رەھىمدىل كىشىنىڭ بۇسۇغىسىدا ئۆلۈش ئۈچۈن ياتقۇزۇپ، ئاندىن مېنى قۇتقۇزۇۋالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلۇدۇم. گەرچە، مەن بۇرۇن ئۆلۈمنى، ياخشى بىر ئىش دەپ ئويلىغان بولساممۇ، ھازىر ئۆلمىگىنىمگە خۇداغا مىڭ شۈكۈر ئېيتتىم.

مەن ياخشى بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئورنۇمدىن تۇرۇپلا كەتتىم. قوپقانلىغىمنى ئاڭلاپ، ئىككى كىشى كىرىپ ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆي ئىگىسى كۈرەش ئەپەندى ئىكەن. مەن ئۇنىڭ رەھىمدىللىكى ۋە قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن چوڭقۇر رەھمەت ئېيتتىم.

مەن قاچان قايتسام بولار؟ دەپ ئۇنىڭدىن سورىغىنىمدا، ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

ئۇ توغرىلىق كېيىن سۆزلىشەيلى! مەخسۇت، ھازىرچە، سەن بىزدە قېلىپ، ياخشى بولىۋالغىن. ئەگەر ئەتىگىچە ئوڭشىلىپ قالساڭ، ئۇ چاغدا قايتساڭ بولىدۇ! دېدى.

شۇ كۈنى كەچتە بىز كۆپ پاراڭلاشتۇق. مەن كۈرەش ئەپەندىگە، پاجىئەلىك ھېكايەمنى سۆزلەپ بەردىم. باشقىلار ھېكايەمنى ئاڭلاپ، مەن توغرىلىق پىچىرلاشتى. مەن ھەققىي خۇدا ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئىزدىنىۋاتىمەن دېگىنىمدە، ئۇلار ھاڭ تاڭ قېلىشتى. ئاياللار قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى توسۇشۇپ ئۆز ئارا كۇسۇرلاشتى. كېيىن مەن ئۇخلىغىلى قوزغالغىنىمدا، كۈرەش ئەپەندى ماڭا:

مەخسۇت بىزنىڭ ئۆينىڭ ئىشىگى ساڭا ھەرقاچان ئوچۇق. سەن بىز بىلەن بىللە تۇرساڭ بىز خۇشال بولىمىز. سېنى ئۆزىمىزنىڭ باللىرىمىزدەك قوبۇل

قىلىمىز. بىز مۇسۇلمانلار دىنىمىزدىن پەخىرلىنىمىز. چۈنكى، ئىسلامنىڭ ئۆزى ھەقىقەتتۇر، پەقەت ئىسلاملا ساڭا بەخت ۋە قانائەتچانلىقنى ئاتا قىلالايدۇ، سەن بۇلارنى كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن. بۇ يەردە سەن ئۆزۈڭنىڭ كۆپپارلىق ئەخمەدىيە دىنىنى ئۇنتۇپ، ھەقىقەتنى تاپىسەن، دېدى.

ئۇ بۇلارنى سۆزلەپ بولغاندا، ناھايىتى خۇشخۇي كۆرۈندى. كۆرەش ئەپەندىمنىڭ خانىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ:

شۇنداق مەخسۇت، سەن يۇرەكلىك ھالدا، ئىشەنچ ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئىزدىنىشنى توختاتماسلىقىڭ كېرەك. سەن بەك تەلەيلىك ئىكەنسەن. خۇدا ساڭا بۇ يەردە چوقۇم توغرا يولنى كۆرسىتىدۇ. سەن كۆپپارلارنىڭ ئىلكىدىن قۇتۇلدۇڭ. ئەمدى سېنىڭ ئىزدىنىشىڭگە ھېچقانداق توسالغۇ يوق. ماقۇل ئەمسە، بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ھەممىمىز كىرىپ ئۇخلايلى ، دېدى.

بىر خىزمەتكار مېنىڭ ئۇخلايدىغان ئۆيۈمنى كۆرسىتىپ، مېنى ئەكىرىپ قويدى. بۇ ئىلگىرى ياتقان ئۆي ئەمەس، باشقا بىر ئېغىز ئۆي ئىدى. ئىشىك تۈۋىدە خېلى ئۇزۇنغىچە ھەيران قالغان ھالدا، مەن چوقۇم چۈش كۆرۈۋاتىمەنغۇ دەپ ئويلىدىم. چۈنكى، بۇ ئۆي ماڭا ھەشەمەتلىك مېھمانخانىدەكلا كۆرۈندى. ئۆينىڭ ئىچىدە بىر يۇمشاق كارىۋات بىلەن ئۈستەل بار ئىدى. ئۆينىڭ ئىچىدە ھەتتا مۇنچىسىمۇ بار ئىكەن. يەنە بىر قېتىم خىيال كەپتىرىم ئۇچۇپ خۇدا يېنىغا باردى. ئۇنىڭ يوللىرىنى چۈشەنمەك نېمىدېگەن تەس، ھە! بۇگۈن ئەتىگىنىلا، مەن كوچىدىكى بىر ئۆلۈك لالما ئىتقا ئايلىنىپ قالغىلى ئازلا قالغان ئىدىم. ئەمدىلىكتە، مەن راھەت پاراغەت ئىچىدە ياشاپ، يېڭى بىر ھاياتنى باشلاۋاتىمەن.

مەن تام تۈۋىدىكى ئىشكاپتا نۇرغۇن كىتابنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇشال بولدۇم. مەن دەرھال بېرىپ، كىتابلارنىڭ ماۋزۇلىرىغا قارىدىم. ئۇلارنىڭ

ھەممىسى قىممەت مۇقاۋىلىق ئىسلام دىنى كىتابلىرى ئىكەن. قۇرئان تەپسىرىدىكى ئۇبىزورلار بىلەن ھەدىس كىتابلىرى كىرىشىپ تىزىلغان ئىدى. ئۈلارنىڭ قېشىدا يەنە بىرمۇنچە تەرجىمىھال كىتابلار ۋە باشقا تېمىدىكى كىتابلارمۇ بار ئىكەن. مانا ئەمدى، ئوبدان ۋاقىت چىقىرىپ، ئۆگۈنىدىغان پۇرسەت كەپتۇ دەپ خۇشال بولدۇم. كۆزلىرىم لىققىدە ياشقا تولۇپ، كۆڭلۈمدە چەكسىز ئەقىل پاراسەتلىك خۇدانىڭ مېنى ئۆلۈمدىن خالى قىلىپ، ماڭا تامامەن يېڭى بىر دۇنيانى تونۇشتۇرغانلىقىغا تەشەككۈر دۇئاسى ئوقۇدۇم.

ئەتىسى، تاڭ سۈزۈلىشى بىلەنلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۆز ھۇجرامدا يۇيۇندۇم. ئالدىنقى كۈندىكى غەشلىك ئويلىرىم تامامەن يوقىغانىدى. مەن ئائىلىدىكىلەر بىلەن بىللە غىزالاندىم. كۈرەش ئەپەندى ئىشقا كەتكەندىن كېيىن، ئايالى ماڭا:

مەخسۇت، بۈگۈن مەن بىلەن بازارغا باسەن. سەن ئەمدى بىز بىلەن تۇرىدىغاندىكىن، ساڭا چوقۇم يېڭى كېيىملەرنى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك، دېدى.

مەن ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىدىن تەسىرلىنىپ، كاللامغا بومۇ خۇدانىڭ ئىلتىپاتىمدۇ دېگەن خىيال كەلدى. خۇدا بىزگە مېھرىبانلىق قىلسا، پۈتۈن دۇنيا مېھرىبانلىققا توشۇدىكەن. خۇدا بىرسىنى شەرەپلىسە ھېچكىم ئۇنى ئەيىپلىيەلمەيدىكەن. گەرچە مەن بۇنى چۈشىنەلمىسەممۇ، لېكىن، مەن خۇدانىڭ، نېمىشقىدۇ، ئۆزىنىڭ مېھرىبانلىقىنى ئەمدى ماڭا كۆرسەتكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئاندىن كىشىنى تېخىمۇ ئويغا سالىدىغان بىر ئوي كاللامغا كىرىۋالدى. يەنى خۇدا بۇرۇندىنلا ماڭا كۆڭۈل بۆلگەنئىدى لېكىن مەن بۇنى قىلچە چۈشەنمەپتىكەنمەن! مەن خۇشاللىق بىلەن كۈرەش ئەپەندىمنىڭ خانىمىغا ئەگىشىپ بازارغا باردىم. بۇ ئادەمگە تولغان ۋاراڭ چۇرۇڭ بازارنىڭ ھەممىلا يېرىدە كىشىلەر ماڭا كۈلۈمسىرىگەندەك قىلاتتى. دۇكانچىلار مېنىڭ

كۆرەش خىنىم بىلەن بىرگە كەلگەنلىكىمنى بىلىپ، ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن، ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتاتتى. بىز ئۆيگە قايتقاندا، ئۇستۇمگە قارسام، خۇددى بىر شاھزادىدەك بولۇپ قاپتىمەن.

مەن كۆرەش ئەپەندىمنىڭكىگە كەلگەندىن باشلاپ، ئۇلار مېنى خۇددى ئۆز باللىرىدەك كۆردى. ھېچكىم مېنىڭ دىنى جەھەتتىكى ئۆگۈنىشىمنى توسمىدى. ھەممىسى مېھرىبانلىق بىلەن ياردەم قىلدى. بۇگۈنكى كۈنلۈكتە شۇ ۋاقىتلارنى ئويلىسام، خۇدانىڭ قەدەممۇ قەدەم ماڭا دەل كېرەكلىك بولغان نەرسىنى بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمەن. روشەنكى، شۇ ۋاقىتتا ماڭا زۆرۈر بولغىنى، بىر مۇقىم مېھىر مۇھەببەتكە تولغان مۇھىت ئىدى. مەن مۇشۇ ئۆيدە ئۇنى تاپتىم.

يۇرتۇمدا مەن پەقەت ئەخمەدىيە كىتابلىرىنىلا كۆرگەنىدىم. ھەتتا ئۇ يەردە ئوقۇغان قۇرئان تەپسىرلىرىمۇ، پۈتۈنلەي ئەخمەدىيلەرچە يېزىلغان ئىدى. ھازىر بولسا ماڭا ئوخشىمىغان بىر تەرەپنى ئۆگىنىش پۇرستى كەلدى. شۇڭا مەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۆگۈنىشكە كىرىشتىم. ھەركۈنى مەن ئۇستەلدە ئۆگىنىش، سېلىشتۇرۇش، ئانالىز قىلىش ۋە ئىزاھ يېزىش ئۈچۈن كۆپ ۋاقىتلارنى سەرپ قىلدىم. كەچتە دائىم دېگۈدەك كۆرەش ئەپەندى بىلەن ئۆگۈنىشىم توغرىسىدا مۇنازىرىلىشەتتۇق. ئۇ گەرچە بىر قەدەر قاتتىق بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى بىلىملىك ئادەم ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلاشقاندا، كۆڭلۈم دائىم خۇداغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

مۇشۇنداق قىلىپ، ئىككى ئايدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. كۆرەش ئەپەندىمنىڭ ئائىلىسى بولسا مېنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىپ، مېنى خېلىلا ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار ھەتتا ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆيدە ئىش قىلىشىمغىمۇ يول قويمىدى.

كۈرەش خانىم:

ھوي، مەخسۇت، سەن بۇ يەردە ئىسلام ھەققەتلىرىنى تەلتۆكۈس ئۆگىنىپ بولغىچە، بىز بىلەن بىللە تۇرۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىدىغان باشقىلار بار. ئۇنىڭدىن سىرت، سەن بۇ ئۆيىنىڭ خىزمەتكارى ئەمەس، بىزنىڭ بالىمىزدەك، دېگەچ ماڭا ئىللىق كۈلۈمسىرەيتى.

بىر كۈنى كۈرەش ئەپەندى مېنى چاقىرىپ:

مەخسۇت، بىز سېنى سۈرۈشتە قىلىپ باقتۇق، دەپ سۆزىنى باشلىدى. بۇنى ئاڭلاپ يۈرىكىم جىغلا قىلىپ قالدى. مەن بۇ يەردىنمۇ قوغلىنىپ كېتەرمەنمۇ؟ دەپ قورقۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ داۋامىنى كۈتتۈم.

مەن ئاتا ئاناڭنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويدۇم، ئەگەر ئۇلار سېنى خاتا ئەيىپلىگەن بولسا، ئاقىۋىتىگە ئۆزى ئىگە بولىدۇ. مەخسۇت، ئۇلارغا بۇنداق قىلغانلىغىمنى كۆڭلۈڭگە ئالما. سېنىڭ ئىستىقبالىڭ ياخشى بولسۇن دەپ شۇنداق قىلدىم، دىدى.

بۇنىڭ بىلەن مەن بىر ئۇھ دىدىم. ئۇ ھۇدۇقۇپ كەتكىنىمگە دىققەت قىلىپ، بېلىكىمنى تۇتتى. مەن ئۇنىڭغا:

ئەلۋەتتە ئالمايمەن، كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت، رەشىد ئەپەندىم. دېگىنىڭىز توغرا، ئىستىقبالىمنى ئويدان ئويلىمسام بولمايدۇ. ئەگەر قارشى تۇرمىسىڭىز، ئۆزۈمگە ئاددى بىر خىزمەت تاپماقچىمەن، دېدىم.

ئۇ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ:

نېمە بولدى مەخسۇت؟ ساڭا پۇل كېرەكمۇ؟ دەپ سورىدى. مەن ئالدىرماي:

مەن ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ ياشاي، سىلەرگە يۈك بولماي دەيمەن، دېدىم. ئۇ مېنىڭ مۇستەقىل بولۇش ئارزۇيۇمدىن مەمنۇن بولغاندەك، قىزغىن

ئاۋازدا:
بولىدۇ، مەخسۇت. ئۇنداقتا مەن ساڭا بىر خىزمەت تېپىپ بېرەي، دېدى.

1971 يىلى ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا، شەرقىي پاكىستان دېگەن رايون توغرۇلۇق ۋەزىيەت كەسكىنلەشكەن ئىدى. ئۇرۇش 12 ئايدا باشلىنىپتۇ. ئاخىرى بۇ ئۇرۇش بېنگال دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەبچى بولغان ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىر نەچچە ئايغىچە، كىشىلەر جىددىي ۋەزىيەتكە قاراپ ئۇزۇنغا قالماي ئۇرۇش بولىدۇ دەپ ئەندىشە قىلىپ يۈرگەن ئىدى. مەن بارلىق بوش ۋاقىتلىرىمنى ئۆگىنىش ۋە كۆرەش ئەپەندىم ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويغان، ئوقۇمۇشلۇق موللاملار بىلەن ئوي پىكىر ئالماشتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزدۈم.
قىش كىرىشى بىلەن ئۇرۇش تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. ھەركۈنى كېچىدە دېگۈدەك ھاۋادىن ھوجۇم كېلەتتى. سىگنال چېلىنغاندا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يەر ئاستى ئۆيلىرىگە كىرىۋالاتتى.
بىر كۈنى كەچتە، مەن ئىشىك ئالدىدىكى پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ، يىراق بولمىغان بومبا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، پارتلاش ئاۋازىدىن قۇلاقلىرىمنى ئېتىۋالدىم. بۇ ۋاقىتتا، ئادەتتىم بويىچە، مەن ئۆزەم بىلىدىغان ئايەتلەرنى يادلاپ دۇئا قىلدىم. لېكىن بۇ قېتىم، مەن ھەربىر ئايەت ئوقۇغان ۋاقتىمدا توختاپ، ئۆزۈمدىن ئايەتنىڭ مەنىسىنى سورىدىم.
«مەن خۇداغا ئىشىنىمەن"، دەپ ۋاقىراپ توۋلىدىم. "ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ؟" "مەن راستىنلا ئىشىنەمدىم؟" مەن چىلڭ قەلبىمدىن ئاللاغا ئىشىنىدىغانلىقىمنى بىلگەچكە، كېيىنكى قىسمىغا ئۆتتۇم....."ھەم ئۇنىڭ

پەرىشتىلىرىگە ئىشىنىمەن". ئىچىمدە "ئەلۋەتتە ئۇلارغىمۇ ئىشىنىمەن" دېدىم. "ھەم ئۇنىڭ كىتابلىرىغا، ئىشىنىمەن". شۇنداق، ئىشىنىمەن دېدىم ئىشەنچ بىلەن. مەكتەپتە ئۆگەنگەن بۇ تونۇش ئايەتلەر ماڭا تەسەللى بەردى.

يىراقتىكى ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش سىگنالى تىنىچلىنىپ، بومباردىمان ئاخىرلىششىش سىگنالى چېلىندى. مەن داۋاملىق ئېتىقادىم توغرۇلۇق ئويلاشقا كىرىشتىم. مەن پەلەمپەي ئاستىدىن چىقىپ، ياتاق ئۆيۈمگە قاراپ ماڭغىنىمدا، كاللام چوڭقۇر خىياللار بىلەن تولغانىدى. مەن چىراق ياندۇرۇشتىن بۇرۇن، قايتا ھاۋا ھۇجۇمى كېلىپ قالسا، چىراق نۇرىنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئەدىياللار بىلەن دېرىزىلەرنى توسۇۋېتىپ، ئاندىن كارىۋېتىمغا چىقىپ ياتتىم. لېكىن كاللام ئارام ئالالمىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، چىراقنى ياندۇردىم. ئاندىن، ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ قۇرئاننى ئاچتىم.

مەن خالىغان بىر بەتنى ئاچسام، سۈرە نىسا 136 ئايەت كۆزۈمگە چېلىقتى:

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاغا، ئاللانىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللا ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا ۋە ئىلگىرى نازىل قىلغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللانى، ئاللانىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ».

بۇ يەردە توختاپ، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئويلىغىنىمدا، يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. بۇ ئايەت نېمىنى چۈشەندۈردۇ؟ مەن رابىۋاختىكى يۇرتداشلىرىم بىلەن خۇدانىڭ كىتابلىرى ئۈستىدىن قىزىرىشىپ قالغانلىقىمنى ئەسكە ئالدىم. ئۇلار خۇدانىڭ كىتاپلىرىغا ئىشىنىمىز دېگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ تەلتۆكۈس ئىشەنگىنى يوق. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ خايىشى بويىچە

بۇ مۇقەددەس كىتابلاردىكى بەزى ئايەتلەرنى قوللىنىدۇ، بەزى ئايەتلەرنى قوللىنىشقا بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. قۇرئاننىڭ ئۆز دېگىنى بويىچە، خۇدا ، تەۋرات ۋە ئىنجىلنى، ئىنسانلارغا نۇر ۋە ھىدايەت بولسۇن دەپ، نازىل قىلغان ئىدى. (6 سۈرە ئەنئام 92 91 ئايەت؛ 40 سۈرە غافىر 53 52 ئايەت) شۇنداقلا، خۇدا قۇران سۈرە ساففات 117 ئايەتتە تەۋراتنى ئۆزىنىڭ «روشەن بىر كىتاب» دىگەن. ئۇندىن سىرت، سۈرە مائىدەنىڭ 46 ئايەتتىكى بۇ جۈملىلەرنى قانداق چۈشىنىمىز. "ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچى، ئىسا ئىبنى مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئىتىراپ قىلغۇچىدۇر، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەندى نەسىھەتتۇر".

بۇلار ئۇستىدە تازا قىززىق ئويلىنىۋاتسام، ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش سىگنالى چېلىنىپ مېنىڭ خىيالىمنى بۇزىۋەتتى. مەن ئامالسىز چىراقنى ئۆچۈرۈۋەتتىم. قاراڭغۇدا ئولتۇرۇپ، كۈندىلىك نامىزىمدا مەن بۇ ئايەتلەرنى قانچە قېتىم خۇددى شاتۇتىغا ئوخشاش يادلايدىغانلىقىمنى ئويلىدىم. ئەمما، بۈگۈن ئەستائىدىل ئويلىغىنىمدا، بۇ ئايەتلەر ۋىجدانىمنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگىچە تەسىر قىلدى. بىردىنلا ئۆزۈمدە ئىنجىلنى، قايتىدىن ئوقۇپ چىقمىسام بولمىدى دىگەن چوڭقۇر ئىنتىلىش پەيدا بولدى. بۇ قېتىم مەن پۈتۈنلەي باشقا بىر پوزىتسىيە بىلەن ئۇنى ئوقۇيمەن. شۇنداق، مەن باشقىلارنىڭ تەۋرات ۋە ئىنجىلنى بۇرمىلىنىپ، ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دەپ قارايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلدىم. مەن ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئىنجىلنى ئۆگەنگەنلەرنىڭ ئېتىقادى سۇسلىشىپ، ئۆزىنى بۇلغايدۇ دەپ ئاگاھلاندۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتىم. بىراق، كۆڭلۈمدە

بۇنداق دىيىشلەرگە گۇمان قىلاتتىم.

ئەگەر ئېتىقادىم جىك بولسا، ئۇ ھالدا ھېچقانداق نەرسە ئۇنى سۇسلاشتۇرالمايدۇ. ئېتىقاد، يەرگە چۈشۈپ كەتسە سۇنۇپ كېتىدىغان، چىنە قاچادەك بىر نەرسە ئەمەس. مەن ئۆزۈمگە ئەستايىدىللىق بىلەن، « ئەگەر سەن چىن كۆڭلۈڭدىن ھەققى خۇداغا ئېتىقاد قىلساڭ، ئۇ چاغدا سەن ھېچنېمىدىن قورمايسەن» دېدىم. ئاندىن، مەن داۋاملىق ئىزدىنىشكە نىيەت باغلاپ، قۇرئان بىلەن ئىنجىلنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇش نىيىتىگە كەلدىم.

ئەگەر قۇرئانىنىڭ ئۆزى مېنىڭ تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئوقۇشۇم ۋە ئىشىنىشىمگە دەۋەت قىلسا، ئۇنداقتا بۇ ئىككى مۇقەددەس كىتابلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە قۇسۇرسىز، ھىچقانداق ئۆزگەرتىلمىگەن بولسا كېرەك. ئەگەر، مەن ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن كېيىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دېسەم، مەن خۇداغا شەك كەلتۈرگەن بولىمەن. چۈنكى، خۇدا ئۆزى نازىل قىلغان بۇ كىتابلارنىڭ كېيىن ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنى بىزگە "نۇر" ۋە "ھىدايەت" بولۇش ئۈچۈن ئوقۇشقا بۇيرۇمايتتى ئەلۋەتتە!

شۇنداق قىلىپ، مەن مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلنى تېپىش قارارىغا كەلدىم.

## 10 باب «تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ۋە قۇرئان»

ئەتىسى ئويغانغىنىمدا، خىيالىمغا كەلگەن بىرىنچى ئىش بولسا ئىنجىلدىن بىرنى تېپىش ئىدى. لېكىن ئەشۇنداق كىتابنى نەدىن تاپالايمەن؟ تۇيۇقسىزلا، مەن كاراچىغا يېڭى كەلگەندە بارغان «شوتلاندىيە چېركوسى» ئېسىمگە كەلدى. بىر چېركاۋدا چوقۇم ئىنجىل بار دەپ ئويلىدىم.

ئەتىگەنلىكى چاي ئىچكەندىن كېيىن، ماڭا بىرەرسى ياردەم قىلىپ قالار دىگەن ئۈمىدتە، شۇياققا قاراپ يول ئالدىم. لېكىن ئۇ يەرگە بارسام، چېركوۋنىڭ ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق ئىدى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، كوچا ئايلىنىپ يۈرگەندە، يەنە بىر چېركوۋنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بۇ يەردىمۇ چوقۇم ئىنجىل بار دەپ ئىككىلەنمەستىن چوڭ دەرۋازىدىن كىردىم.

ئۈچ تۆت كىشى چېركاۋ بىناسىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقانىكەن. ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كەلگىنىمدە، ئۇلار جىمىشتى. مېنىڭچە ئۇلار مېنىڭ بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمنى بىلگەچكە، ئانچە دوستانە كۆرۈنمىدى. شۇنداقتىمۇ، مەن ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ، ماڭا يېقىن تۇرغان بىرسىگە :

ماڭا بىر ئىنجىل تېپىپ بەرسىڭىزچۇ؟ دېدىم. بۇ كىشى ماڭا قاراپلا گەپ قىلمىدى. ئارىدىن بىرى:

سەن نېمە ئۈچۈن مۇقەددەس كىتاپ جەمىيتىگە بارمايسەن؟ ئۇلار ساڭا بىرنى بېرىدۇ، دېدى.

بۇ مېنىڭ، تۇنجى قېتىم مۇقەددەس كىتاب جەمىيتى بارلىقىنى ئاڭلىغىنىم ئىدى. ئاندىن ئۇ كىشىدىن ئادرىسنى سورىغىنىمدا، ماڭا نەگە بېرىشنى ئېيتىپ بەردى. كاراچى شەھەرنى ئوبدان بىلمىگەچكە بارىدىغان يولنى بىلمىدىم. لېكىن ماڭا ئىنجىل بولمىسا زادىلا بولمايتتى. شۇڭا مەن يەنە ئۈمىد بىلەن

ئۇلاردىن:

سىزچۇ؟ سىز ماڭا بىر ئىنجىل ئارىيەت بېرىپ تۇرسىڭىز بولامدۇ؟ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سىزگە قايتۇرۇپ بېرىمەن، دەپ سورىدىم.

ماڭا سۆز قىلغان ھېلىقى كىشى سۇغاقلىق بىلەن.

ئەگەر، ھەقىقەتەن ئوقۇغۇڭ كەلسە، بىرنى سېتىۋال. سەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش، ئوقۇغۇم بار، بىراق سېتىۋالغۇم يوق، دەۋاتامسەن يە؟ دىدى.

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ئەجەبلەندىم.

ئەمسە پۇل بېرەي! دېدىم سەل قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن. سۆز قىلىۋاتقىنىمدا يەنە باشقا ئىككى كىشى كېلىپ، پاراڭلىرىمىزنى ئاڭلىدى. ئاردىن بىرى مازاق قىلغاندەك قىلىپ:

ھوي جاناپلىرى! ئۇنىڭغا مۇقەددەس كىتاپدىن بىرنى چوقۇم بەرگەيلا! دېدى. لېكىن، يەنە بىرەيلەن، قانداقتۇ، سۆزۈمنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. ئاخىرىدا مەن ئۇلارغا نېمە ئۈچۈن ماڭا بىر ئىنجىلنىڭ زۆرۈرلىگىنى ئېيتتىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى، مېنىڭدىن سىپايىلىق بىلەن ئىسمىمنى سورىدى. بۇ كىشى جامائەت ئىمامى ئىدى.

ئۇ ماڭا:

مەن بىلەن يۈر مەخسۇت، ئىشخانامدا پاراڭلىشايلى! دېدى.

بىز ئىشخانىسىغا كىرگەندە ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن ئۇنىڭغا پۈتۈن ئىزدىنىشىمنى سۆزلەپ بېرىۋىدىم، ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىدى. ئىنجىلنى يەنە سورىغىنىمدا، قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ئۇ ئىشكاپتىن چوڭ كىتابدىن بىرنى ئېلىپ، قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ:

مەخسۇت، بۇ كىتابنى مۇقەددەس كىتاب دەيمىز. ئۇ تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلدىن تەركىب تاپقان. ئۇنى ئوبدان ئاسراپ، ئوقۇغىن! ئۇ ئاللانىڭ سۆزى،

ھاياتلىقنىڭ مەنبىسىدۇر!   دېدى.

مەن مىننەتدارلىق بىلەن ئۇنى ئېلىپ، پۇل بەرمەكچى بولغىنىمدا، ئۇ بېشىنى چايقاپ:

ئاللانىڭ سۆزى، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن ھەقسىزدۇر   دېدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

ئۇنى ئەستائىدىل ئوقۇغىن، مەخسۇت. ئۇ سېنىڭ چاڭقىغان روھىڭنى سۇغۇرىدۇ،  دېدى.

تەشەككۈر ئېيتىپ، مۇقەددەس كىتاپنى قولۇمغا ئېلىپ مەيدەمگە چىڭ باستىم. ئاندىن ياشانغان بىر ئادەم بىزگە كېلىپ، مېنى يەكشەنبە كۈندىكى يىغىلىشقا تەكلىپ قىلدى. مەن مۇمكىن بولسا چوقۇم كېلىدىغانلىغىمنى بىلدۈرۈپ، ئىككىلىسى بىلەن خوشلاشتىم.

شۇ كۈنى كەچتە، بىز رادىيودا ئۇرۇش توختايدىغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇنىڭ بىلەن ھەممىلا جايدا خوشاللىق ساداسى ياڭرىدى. شۇنداقتىمۇ، چىراق يېقىش يەنە مەنئىي قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مەن باشتا ئىنچىكىلىك بىلەن  دېرىزىدىكى ئەدىياللار بىلەن ئۈستەل چىراقى ئۈستىدىكى لۆڭگىنى تەكشۈرۈپ، ئاندىن مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇشقا ئولتۇردۇم.

مەن كىتابنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئېچىپ، تەۋراتتىكى سۈرە ئالەمنىڭ يارىلىشىدىن باشلىدىم. بۇ سۈرىدىكى دەسلەپكى ئايەتلەر مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىدى. خۇدانىڭ ئالەمنى قانداق ياراتقانلىقى، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار، ھايۋاناتلار ۋە ئىنسانلار قانداق ئاپىرىدە بولۇشى شۇنداق تەپسىلى يېزىلغان ئىدى. مەن قۇران، سۈرە ئالغافىر 68   ئايىتىنىڭ « ئۇ بىرەر ئىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا "ۋۇجۇدقا كەل" دەيدۇ   دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ! » دېگەن سۆزلەرنى ئېسىمگە ئېلىپ، بۇنىڭ ھەممىسى قۇرئانىڭكىگە ئوپمۇ  ئوخشاش

ئىكەن دەپ ئويلىدىم.

شۇ كۈنى كەچتە، بۇ كىتاپ مېنى شۇنچىلىك مەھلىيا قىلدىكى، مەن ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن. ئاخىرى كىتابنى يېپىپ، كارىۋاتتا ياتقىنىمدا، كۆزلىرىم ئېچىشىپ، باشلىرىم ئاغرىپ كەتكەن ئىدى. شۇ پەيتتە، خۇددى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر بىر بىرلەپ ئالدىمدىن ئۆتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مۇقەددەس كىتاپدا يېزىلغان پەيغەمبەرلەر، قۇرئاننىڭ بەتلىرىدىنمۇ ماڭا بەك تونۇش ئىدى. ئاشۇ ئوخشاش نۇھ، ئىبراھىم، لۇت، ئىسمائىل، ئىسھاق، ياقۇپ، يۈسۈپ ۋە مۇسا پەيغەمبەرلەر....

زەبۇر كۈيلىرىنى ئوقۇغان ئاشۇ داۋۇت ئەلەيھىسسالام ....

ئۇنىڭ ئەقىل ئىدراك ۋە بىلىمگە تولغان ئوغلى سۇلايمان پەيغەمبەر......

بىچارە ئايۇپ ئەلەيھىسسالام...

ھەتتا يۇنۇس پەيغەمبەرمۇ بار ئىكەن!

شۇ كېچىسى، تەۋراتنى ئوقۇسام، ئۇ ماڭا خۇددى قۇرئان كەرىمنى چۈشەندۈرىدىغان بىر تەپسىردەك تۇيۇلدى.

كېيىنكى، بىرقانچە كۈنۈم ئاساسەن مۇقەددەس كىتاپنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتتى. كۈرەش ئەپەندىم ۋە ئائىلىسىدىكىلەر كۆپ ۋاقتىمنى ئۆيۈمدە ئۆتكۈزگەنلىكىمنى كۆرۈپ، ھېچنېمە دېمىگەن بولسىمۇ، سەل پەل ئەندىشە قىلدى. ئۆگۈنۈشىمدىم، بىرقانچە مۇھىم نەرسىلەر ماڭا ئايدىڭلىششقا باشلىدى. ئالايلۇق، ئىسلام دىنىدا پەيغەمبەرلەر تامامەن پاك ۋە گۇناھسىز ھايات كەچۈرگەن دەپ قارايدۇ. لېكىن، تەۋرات ۋە زەبۇرنى قانچە كۆپ ئوقۇسام، مەن بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ، مەيلى خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان بولسىمۇ، بىزگە ئوخشاش، ئىسانىۋي ئاجىزلىققا گىرىپتاپ بولغانلىقىنى چۈشىنىپ

يەتتىم. داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ زىنا قىلىشى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاغا بويسۇنمىغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس كىتابقا يېزىپ خاتىرلىنىشى ماڭا بەك غەلىتە تۇيۇلدى. بىر تەرەپتىن، بۇ ئىشلار شۇنداق ئوچۇق يېزىلغانلىقى مېنى قاتتىق بىئارام قىلدى. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن بۇنىڭدىن مەن ناھايىتى زور ئىلھاملاندىم. چۈنكى ئەگەر، بۇ كىشلەر ماڭا ئوخشاشلا ئاجىز بولسامۇ، خۇدا يەنىلا ئۇلارنى ئىشلەتكەنمىدۇ؟.. دېگەچ ئوقۇشنى زوق بىلەن داۋاملاشتۇردۇم.

بۇ ئىشلارغا قايتا نەزەر تاشلىغىنىمدا، ئىككى خىل ئوي كاللامدا قايتا قايتا تەكرارلىنىپ تۇراتتى. بىرى "ئەسلى بۇنداق يېزىلماسلىقى كېرەكقۇ" دەپ ئويلىسام، مەن يەنە "ياق! مۇشۇنىڭ ئۆزى دەل ھەقىقەتنىڭ ئىسپاتىدۇر" دېگەن خىيالدا بولدۇم. مەن ھەتتا بىر ئىككى قېتىم"بۇ كۆپۈرلۈق" دەپ ۋارقىراپ، مۇقەددەس كىتاپنى يېپىپ قويدۇم. لېكىن، ئىچىمدىكى بىر تىنچ ئاۋاز «ئەگەر، بۇ كىتابلار ئۆزگەرتىلگەن بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۆز ئەجدادلىرىدىن شۇنچە پەخىرلىنىدىغان يەھۇدىيلار بۇنداق نومۇس كەلتۈرىدىغان قىسسەلەرنى چىقىرىپ تاشلىۋەتمىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئاشۇ قىسسەلەر يەنە ئۆز پېتى شۇ يەردە تۇرىدۇ؟" دەيتتى. راست، تەۋراتنىڭ مانا بۇ قىسسىلىرى ئۇزىنىڭ ئۆزگەرتىلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، خالاس! دەپ ئويلىدىم.

مۇشۇ ئوي بىلەن، قۇرئاندا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك گۇناھ ۋە كەچۈرۈم توغرىلىق بىرەر نەرسە بارمىكىن دەپ قايتىدىن ئوقۇپ چىقتىم. مەن شۇنداق ھەيران قالدىم. قۇرئانغا ئاساسلانغاندا، خۇدانىڭ نۇرغۇن پەيغەمبەرلىرى گۇناھ قىلىپ، خۇدادىن كەچۈرۈم سورىغان. مەسىلەن، بىز سۈرە ئەئراف 23 24 ئايەتلەردە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىنى

كۆرەلەيمز. سۈرە ھۇد 47 ئايەتتە نۇھ ئەلەيھسسالامنى، سۈرە ئىبراھىم 40 41 ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھسسالامنى، سۈرە قەسەس 16 ئايەتتە مۇسا ئەلەيھسسالامنى، ۋە سۈرە ساد 23 24 ئايەتلەردە داۋۇت ئەلەيھسسالامنى خۇدادىن ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىغىنىنى كۆرىمىز. بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئادەتتىكى ئىنسانغا ئوخشاش گۇناھكار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

مەن بۇ ئايەتلەردىن بەكمۇ تەئەججۇپلەندىم چۈنكى باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مەنمۇ بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى گۇناھسىز دەپ ئويلىغان ئىدىم. مۇشۇ چاغدا كۈرەش ئەپەندىم ۋە ئائىلىسىدىكىلەر مېنىڭ ئۆگىنىشىمدىن ئازراق گۇمان قىلىشقا باشلىدى. بىركۈنى كەچتە كۈرەش ئەپەندىمنىڭ خانىمى ماشا سىلىق سىپايە ھالدا:

مەخسۇت، يېقىندا كۆپ ئۆگىنىپ قاپسەن. سالامەتلىكىڭگە دىققەت قىل، جۇمۇ! سىرتقا چىقىپ، ھاۋا يېيىشىڭ كېرەك! دېدى.

مەن ئۇنىڭغا رەھمەت، خانىم ئۆگىنىشىم جايىدا كېتىپ بارىدۇ دەپ ئېيتتىم. ئۇ جاۋابىمدىن رازى بولماي:

مەخسۇت، سەن مۇھەممەد ئەلەيھسسالام بىلەن ئەيسا ئەلەيھسسالامنىڭ ھاياتىنى سېلىشتۇرۇشۇڭ كېرەك. ئاندىن سەن مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ ئاللانىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىسەن. يالغۇز مۇھەممەد ئەلەيھسسالاملا بۇ دۇنياغا بىر نۇر، بىر بەخت ئىكەن! سەن بۇنى چوقۇم كۆرىسەن، ئىنشاللاھ! دېدى.

شۇ يەكشەنبە كۈنى، چېركوۋدىكى ھېلىقى ياشانغان ئادەمگە قىلغان ۋەدەم

بويىچە، ئۇلارنىڭ يېغىلىشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىقتىم. مېنىڭ كېلىشىمگە يىغىلىش باشلىنايلا دەپ قالغاچقا، مەن كەينى رەتكە تۈيدۈرماي جىملا كىرىۋالدىم. گەرچە، يىغىلىشنىڭ ئۆزى ماڭا ئانچە چوڭ تەسىرات قالدۇرمىغان بولسىمۇ، مەن ئۇلارنىڭ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى شۇنداق قەدىرلىگەنلىكىنى، شۇنداق يۇقۇرى تۈتىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرەلەيتتىم. ئۇلار ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى رەببىم، نىجاتكارىم دەپ مەدھىيە ئوقۇشتى. بىر تەرەپتىن مەن بۇنىڭغا قارشىلىق قىلسامىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ مەدھىيە ناخشىلىرىدىن ماڭا بىر خىل تېنچلىق، بىر خىل روھى ئىلھام كېلەتتى.

جامائەت ئىمامى مېنىڭ زالنىڭ كەينىدە ئولتۇرغىنىمنى كۆرگەن ئىدى، ۋە يېغىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ ماڭا كېلىپ، مەن بىلەن قىزغىن سالاملاشتى. ئۇنىڭ ئىسمى ۋىنسىنت ئەپەندى ئىكەن، ئۇنىڭ يېنىدا ھېلىقى مېنى يېغىلىشقا تەكلىپ قىلغان مەخمۇت ئەپەندى تۇراتتى. ۋىنسىنت ئەپەندى مېنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى.

بىز ئۇزۇنغىچە مۇڭداشتۇق. مەن ئۇنىڭدىن:

ئەپەندىم، مېنىڭ نۇرغۇن سۇئاللىرىم بار. سىزدىن سوراي دېگەنتىم. ۋاقتىڭىز بارمۇ؟

ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

مەن چوڭ بىر نەپەس ئېلىپ باشلىدىم.

قۇرئان كەرىمدىن، بىز ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى، تەلىم بېرىشى، مۆجىزە يارىتىشى ۋە ئاسمانغا كۆتۈرۈلىشىنى تاپالايمىز. لېكىن، ئۇنىڭدا خۇدا ۋە ئەيسا ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق "ئاتا" ۋە "بالا" دېگەندەك ئىبارىلەر يوق. ئەكسىچە، سۈرە ئىخلاس 3 ئايىتىدە "ئاللا بالا تاپقانمۇ

ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس" دىگەن سۆزلەر بار.

ۋىنسىنت ئەپەندى دېگەنلىرىمنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، ئاندىن:

توغرا مەخسۇت، قۇرئان كېرىمدە خۇدانىڭ مۇھىم بىر ئىسمى بار يەنى ئەلۋەدۇد. ئەلۋەدۇد دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى مېھىر مۇھەببەت كۆرسەتكۈچى دېگەنلىك. ئەمما ئىنجىلدا، خۇدانى مېھىر مۇھەببەت كۆرسەتكۈچى دەپلا قالماستىن، بەلكى خۇدا ئۆزى مېھىر مۇھەببەتتۇر دەيدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خۇدانىڭ ئىسمى پەقەت ئەلۋەدۇد بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خۇدا ئەلۋەدۇدنىڭ نەق ئۆزىدۇر، دېدى.

تەۋرات، زەبۇر، ۋە ئىنجىل ئاتا ۋە بالا دېگەندەك ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتنى قايتا ئورنىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. لېكىن ئىسلام دىنى خۇدانى رەب ئىگە ھەم بارلىق ئىنسانلارنى ئۇنىڭ چاكرى دەپ جاكارلايدۇ. بىراق ئىنجىل، ئەيسا ئەلەيھىسسالام توغۇرلۇق مۇنداق دەيدۇ: "خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇقەدەر سۆيدىكى، ئۆزىنىڭ بىردىن بىر يىگانە ئوغلىغا ئېتىقات قىلغان ھەربىر كىشى ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇنى قۇربان بولۇشقا ئەۋەتىپ بەردى."

شۇ ۋاقىتتا، مەن سۆز قىستۇرۇپ: "مانا بۇ دەل مېنىڭ چۈشەنمەيدىغىنىم ئەيسا ئەلەيھىسسالام قانداق قىلىپ خۇدانىڭ ئوغلى بولسۇن؟" دەپ سورىدىم.

ۋىنسىنت ئەپەندى مېنىڭ قىزغىنلىقىمنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى.

خوش مەخسۇت، بىزنىڭ بۇ يەردە توختالغىنىمىز روھى جەھەتتىن بىر مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. سەن بۇنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىڭ كېرەك. شۇڭا بۇيەردىكى خۇدا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى دىگەنلىك ھەرگىزمۇ، خۇدا بىر خوتۇن

ئېلىپ پەرزەنت تاپتى دىگەنلىك ئەمەس. بۇنداق كۇپپۇرلۇق بىزنىڭ ئېتىقادىمىز بىلەن ھىچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بۇنى پۈتۈنلەي خاتا چۈشىنىدۇ. بىز "ئاتا" ۋە "بالا" دېگىنىمىزدە، بىز روھىي مۇناسىۋەتكە قارىتىپ سۆزلىۋاتىمىز.

مەخسۇت، مەن بۇنى ساڭا مىسال بىلەن كۆرسىتەي. بىز پاكىستانلىقلار پرېزىدېنت ئەلى جەنناھنى «دۆلىتىمىزنىڭ ئاتىسى» دېگىنىمىزدە، بۇ پۈتۈن پاكىستان خەلقىنىڭ ئۇنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەمدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاش، بىز ھەزرىتى ئەيساغا ئەگەشكۈچىلەر، ئىنجىل، سۈرە رىملىقلارنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىگە چىن قەلبىمىزدىن ئىشىنىمىز: "بۇ خۇش خەۋەر (يەنى بۇ ئىنجىل) خۇدانىڭ ئۆز ئوغلى، يەنى رەببىمىز ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىدۇر. جىسمانى جەھەتتىن، ئەيسا مەسىھ داۋۇت پادىشاھنىڭ ئەۋلادىدىن تۇغۇلغان. لېكىن روھى جەھەتتىن، ئۇنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىگى ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلىشى ئارقىلىق زور قۇدرەت بىلەن ئىسپاتلانغان".

ئۇ بۇ ئايەتلەرنى ئېيتقىنىدا، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. مەن بۇلارنىڭ ئۇنىڭغا شۇنداق مۇھىم ھەم ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيتتىم.

ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

ئەيسا ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمدە كەلىمەتئۇللا خۇدانىڭ سۆزى، ۋە رۇھئۇللا خۇدانىڭ روھى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىبارىلەر ئىنجىلدىمۇ تېپىلىدۇ ۋە خۇدانىڭ ئوغلى دېگەن ئىبارە بىلەن، بۇ ئۈچ ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسى ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا قارىتا قوللانغان دېدى.

ئۇ يەنە:

بىز خۇدانىڭ باشلىنىشىمۇ يوق، ئاخىرىمۇ يوق  مەڭگۈ ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەك، روشەنكى ئۇنىڭ روھىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئوخشاش مەڭگۈ دەپ ئىشىنىشىمىز كېرەك. بارلىق مۇقەددەس كىتابلار ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى رۇھئۇللا  خۇدانىڭ روھى دەپ تەستىقلايدۇ. ئەگەر مۇقەددەس كىتابلارغا ئىشىنىمىز دېسەك، ئۇنداقتا بىز رۇھئۇللا يەنى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىمۇ باشلىنىشىمۇ يوق، ئاخىرىمۇ يوق  مەڭگۈ دەپ ئېتىراپ قىلمىساق بولمايدۇ. خۇدانىڭ روھىنى خۇدانىڭ ئۆزىدىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس!  دېدى.

ئۇ سۆزىنى توختاتقاندىن كېيىن، مەن ئۇنىسىز سۈكۈتكە چۆمدۇم. مەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ كىملىكىنى ئەزەلدىن ئۇنچىلىك ئېنىق چۈشىنىپ يەتمىدىم، چۈنكى مەن بۇنداق چۈشەندۈرۈشنى بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ  نۇرغۇن قېتىم ئەيسا ئەلەيھىسسالام توغرىلىق ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغان. لېكىن، بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم، ھەزرىتى ئەيساغا  ئەگەشكۈچىدىن، ھەزرىتى ئەيسا زادى كىم دىگەن سۇئالنىڭ جاۋابىغا ئېنىق ئىگە بولۇشۇم ئىدى. مەن بۇنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن قايىل بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن ئىككىلىنىپ قالدىم. مەن بىر مۇسۇلمان تۇرسام قانداق قىلىپ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇدا بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلالايمەن؟ بۇنداق قىلىش مېنىڭ دىنىمغا، مېنىڭ مىللىتىمگە، ھەتتا مېنىڭ ئائىلەمگە بىر خىل ساتقۇنلۇق ئەمەسمۇ؟!... لېكىن قانداقتۇ، مېنىڭ يەنىلا ھەزرىتى ئەيساغا ئەگەشكۈم شۇنداق كېلەتتى!

ۋىنسىنت ئەپەندى مېنىڭ ئازابلانغىنىمنى كۆرۈپ، ماڭا مۇلايىم ھالدا:
مەخسۇد، يەنە باشقا سۇئاللىرىڭ بارمۇ؟  دەپ سورىدى. مەن بېشىمنى ئاستا چايقىدىم. كېچىكىمدىن تارتىپ ئۇستازلىرىمدىن ئەيسا ئەلەيھىسسالام

توغرۇلۇق ئۆگەنگەن نەرسلەر ئەمدىلىكتە خاتا بولۇپ چىققاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ماڭا ئۆگەتكەن باشقا نەرسىلىرىچۇ؟ ئۇمۇ بىقار بولۇپ چىقارمۇ؟ دەپ كۆڭلۇم شۇنداق پەرىشان بولدى.

مەن ۋىنسىنت ئەپەندىگە قاراپ:

ئەپەندىم، قالغان سۇئاللىرىمنى باشقا بىر كۈنى كېلىپ سورىسام بولامدۇ؟ باشتا مەن بۇلارنى ئوبدانراق ئۆگىنىۋېلىپ تۇراي، كېيىن مەن قايتا كېلىمەن، دېدىم.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يېنىمغا كېلىپ:

مەن ئوبدان چۈشىنىمەن مەخسۇت. ماڭا قاچانلا كەلسەڭ، بولىۋېرىدۇ دېدى.

كېيىنكى كۈنلەرنى مەن ۋىنسىنت ئەپەندىمدىن ئۆگەنگەنلىرىم ئۈستىدە ئىسلام ئۆلىمالىرى بىلەن مۇنازىرلىشىپ ئۆتكۈزدۈم. ئەمما، ۋىنسىنت  ئەپەندىنىڭ نوپۇزلۇق سۆزلىرىنى ئونتۇتالمىدىم. مەن ھەتتا ئالايىھتەن كاراچى شەھەرىدىكى دۇنيا ئىسلام جەمىيتى مەركىزىنىڭ رەئىسى بولغان داڭلىق ئىسلام ئەربابى مائۇلانا فازلۇر راخمان بىلەنمۇ كۆرۈشكىلى باردىم. ئۇ كىشى دائىم ئالدىراش يۈرگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەك ناھايىتى تەس ئىدى. لېكىن، بىر كۈنى كەچتە، نامازدىن كېيىن، مەن بىر نەچچە تونۇشتۇرۇش خېتلىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. لېكىن ئۇنىڭ مېنىڭ سۇئالىمغا بەرگەن جاۋاپلىرى مېنى ئانچە قايىل قىلالمىدى.

ئۇ مەندىن ئۇدۇللا:

سەن ياراتقۇچى خۇداغا ئىشىنەمسەن؟  دەپ سورىدى. مەن جاۋابەن:

ھە، شۇنداق. خۇداغا ئىشىنىمەن، دېدىم.
ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:
ئەگەر، سەن ھەقىقىي مۇسۇلمان بولمەن دەيدىكەنسەن خۇداغا شەك كەلتۈرمەيسەن، ئەلۋەتتە. بىراق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچۇ؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خۇدانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبىرى. ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنجىسى ۋە ئۇ ئەكەلگەن ئىسلام دىنى بىردىن بىر ھەق دىن! سەن بۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟ دەپ سورىدى.
ئۇنىڭ بۇ سۇئاللىرى مېنىڭ كۆڭلۈمگە تەگدى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بۇ ئىشلار توغرىلىق مۇنازىرە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەتلا ئېتىقاد قىلىشلا كېرەكلىكىنى ئوبدان چۈشەندىم.
ئەپەندىم، سىز مېنى قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلسۇن دېمەكچىمۇ؟ دەپ سورىدىم.
ھەتتا ئەيساغا ئەگەشكۈچىلەرمۇ قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىشى كېرەك، دېدى ئۇ رەددىيە بېرىپ.
بەلكىم شۇنداقتۇ! دېدىم.
ئەمما، ئۇلاردا ئېتىقادىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن پاكىتلار بار. بىزدىچۇ؟ ئىسلام ئېتىقادىدا ئەشۇنداق پاكىتلار بارمۇ؟ دەپ سورىدىم.
ئۇنىڭ قاتمال ئىدىيەلىرى خوددى دېڭىز دولقۇنىدەك مېنى ئورىۋالدى.
سەن چوقۇم ئىشىنىشىڭ كېرەك، چوقۇم!، دەپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىۋۋالدى.
ئاندىن ئۇ يەنە ماڭا:
ئىسلامدىكى بەش پەرىزگە ئىشىنىشىڭ كېرەك. ئاللادىن كەلگەن نەرسىگە شەك كەلتۈرمە، دېدى.

بۇ داڭلىق ئىسلام ئۇستازىنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن، كۆڭلۈم قانائەتلەنمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ماڭا ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. مېنىڭ ھەزرىتى ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ئېتىقادى توغرۇلۇق قىلغان سۆزلىرىمنى ئۇ ھەتتا ئاڭلاشتىنمۇ بىزار بولدى.

ئاخىردا مەن خاپا بولماڭ دەپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولدىم. ئۇ بەلكى ماڭا شۇنداق ئۆچ بولۇپ كەتسە كېرەك. ئۇ ئۆزى يازغان بىرقانچە پارچە ماقالىسىنى ماڭا تاشلاپ بېرىپ،: « بۇلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇغىن!» دېدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنجىلنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى ۋە بۇرمىلىغانلىقى توغرىسىدىكى ماقالىلار ئىدى. راستىنى ئېيتسام، ئۇلار ماڭا بەك زېرىكىشلىك كۆرۈندى.

لېكىن، كۈرەش خانىمنىڭ سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىككىلىسىنىڭ ھاياتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆگىنىپ، سېلىشتۇرۇپ چىقمىسام بولمايدۇ دېگەن ئىرادىدە چىڭ تۇردۇم. ئەمدى ئۆگىنىشىمنى رەسمىي باشلاي دىدىم.

ئىككىنچى كۈنى كەچتە، مەن ۋىنسىنت ئەپەندىم بەرگەن مۇقەددەس كىتابنى خالىغانچە ۋاراقلاۋاتقىنىمدا، ئىنجىلدىكى بۇ ئايەتلەر كۆزۈمگە چېلىقتى:

«ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىنىڭ ئالدىدا، بۇ كىتابتا يېزىلمىغان باشقا نۇرغۇن مۆجىزىلەرنىمۇ كۆرسەتتى. بۇ خاتىرىلەر سىلەرنى ھەزرىتى ئەيسانىڭ قۇتقۇزغۇچى ـــــ مەسىھ، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئىشەنسۇن ھەم بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا باغلىنىپ ھاياتلىققا ئېرىشسۇن، دەپ يېزىلدى.»

بۇ ئايەتلەر خۇددى ئالاھىدە مەن ئۈچۈنلا يېزىلغاندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھەقىقىي سالاھىيتى يەنىلا كاللامدىن ئۆتمىدى. ۋىنسىنت ئەپەندىم بۇ توۋرۇلۇق بەرگەن چۈشەندۈرۈشى مېنى قايىل قىلغان بولسىمۇ مەن تېخىلا ھەزرىتى ئەيسا خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلالمىدىم. بۇ ئايەتلەرنىڭ "ئەگەر سىز ئەيسانى قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ۋە خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئىشەنسەڭ مەڭگۈ ھاياتلىققا ئېرىشىسىز" دېگىنى قانداق گەپ؟ بۇ ئايەت راس بولسا ئۇنداقتا، ھەزرىتى ئەيسا زادى قانداق ئادەمدۇ!؟ دەپ ئويلاندىم. ئەمدى ھەممىدىن بەكرەك بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىپ، ئۇ توغرۇلۇق ھەقىقەتنى تاپقۇم كەلدى. يالغۇز ئىنجىلدا ئەمەس بەلكى قۇرئاندىمۇ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتكەن مۆجىزىلەرنىڭ خاتىرلەنگەنلىكىنى بىلەتتىم. قۇران كەرىمدە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرى توغرۇلۇق ھېچ نېمە يېزىلمىغان. لېكىن، ھەدىستە ئۇنىڭ ئاينى ئىككىگە بۆلۈشى، كېسەللەرنى داۋالىشى، ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ئوزۇقنى كۆپەيتىپ تارقىتىپ بېرىشى قاتارلىقلار سۆزلەنگەن. بۇلارنى ئوقۇغىنىمدا، ئەيسا ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن مۆجىزىلەر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىلغان دېگەن مۆجىزىلەردىن قانداق پەرىق قىلىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىدىم. قۇرئاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچقانداق مۆجىزىسى يوق، لېكىن ھەدىستە بار ئىكەن. ئۇنداقتا، بەزى مۇسۇلمانلار ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياراتقان مۆجىزىلىرىگە قاراپ، پەيغەمبىرىمىزدىمۇ بار دەپ ھەدىستە ئەشۇنداق مۆجىزەرنى يېزىپ قالدۇرغانمۇ يا؟ دېگەن ئويلارمۇ كىرىۋالدى.

شۇ پەيتتە، قۇرئان كەرىمدىكى سۈرە رەئىددە يېزىلغان «كۇففارلار نېمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بىرەر مۆجىزە نازىل بولمىدى؟ دېيىشىدۇ.

سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى» دېگەن ئايەت ئېسىمگە كەلدى. يەنە قۇرئاندىكى سۈرە ئەنكە بۇت، 50 ئايىتىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىلۇق «نېمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن مۆجىزىلەر نازىل قىلىنمايدۇ ؟ دېدى. ئېيتقىنكى، " مۆجىزىلەر ھەقىقەتەن ئاللانىڭ دەرگاھىدىدۇر. مەن پەقەت بىر ئاشقارا ئاغاھلاندۇرغۇچىمەن.» دەپ يېزىلغان.

ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالم ئۆزىنىڭ مۆجىزە ياراتقانلىقى توغرىسىدا ھېچنەرسە دېمىگەن. ئەمما ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن، مۆجىزە يارىتىش، ئاددى ھەم تەبئىي بىر ئىش ئىدى. مەن بۇلارنى قايتا ئويلاپ كۆرگىنىمدە كۆڭلۈم بىر ئاز غەش بولدى.

پەقەت خۇدالا مۆجىزە يارىتالايدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مۆجىزە ياراتتى. ئۇنداقتا، مۇشۇ لوگىكا بويىچە خۇلاسىغا كېلىپ، ھەزرىتى ئەيسانى خۇدا بىلەن بىر دەپ ئېيتىشقا جۇرئەت قىلالامدىم؟ تۇۋا!

يۈرەك تارلىرىم تىترەپ كەتتى. قوللىرۇمنى كۆتۈرۈپ چىڭ قەلبىمدىن دۇئا قىلدىم:

«ئى پەرۋەردىگار! ساڭىلا ئىبادەت قىلىمەن ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمەن. مېنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن!» بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا كۆزلىرىم ئىسسىق ياشقا تولدى.

دەل شۇ چاغدا، ماڭا خۇددى ئۆيدە بىرسى باردەك، ئۇ ماڭا بىر نېمە دېمەكچى بولغاندەك تۇيۇلدى. مەن بۇرۇلۇپ ئەتراپىمغا قارىدىم. بىراق، ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى. ئەمما... ئەمما بىرسى ۋە ياكى بىرنەرسە مېنى چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئۈستەلدىكى مۇقەددەس كىتاپقا قارىدىم. ئوچۇق تۇرغان بەت مەن ئوقۇۋاتقان ئەمەس، باشقا بىر جاي ئىكەن! مەن

كۆزۈمگە ئىشەنمەستىن ئىنجىلدىكى بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇدۇم.

«دۇئا قىلىپ تىلەڭلار، خۇدا تىلىگىنىڭلارنى بېرىدۇ. ئىزدەڭلار، تاپىسىلەر. ئىشىكنى قېقىڭلار ئېچىلىدۇ. چۈنكى، تىلىگەنلەر ئېرىشىدۇ. ئىزدىگەنلار تاپىدۇ. ئىشىكنى قاقىقانلارغا ئىشىك ئېچىلىدۇ»

خۇدا بىۋاستە ماڭا سۆزلىدى! ماڭا بۇ سۆزلەرنى كۆرسەتكىنى خۇدا ئۆزىدۇر. مەن ئۇنىڭ دۇئايىمنى قوبۇل قىلىپ، ماڭا جاۋاب بەرگىنىنى بىلىپ يەتكىنىمدە بەدىنىمنى تىترەك باستى.
كېيىنكى ھەپتىسى، تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلدا خاتىرلەنگەن مۆجىزىلەرنى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردۇم. مەن بۇرۇنقى كەلگەن پەيغەمبەرلەر بىلەن ھەزرىتى ئەيسانى سېلىشتۇرسام، چوڭ بىر پەرقىنىڭ بارلىقىنى بايقاپ قالدىم. ئەيسا ئەلەيھىسسالام خۇدانىڭ قۇدرىتىدىن ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قەتئىي پايدىلانمىغان. لېكىن، باشقا پەيغەمبەرلەر دائىم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپتۇ. تەۋراتنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە ئۇلارنىڭ خۇدادىن ئالغان قۇدرەتنى ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكىنى كۆردۈم.
لېكىن، ھەزرىتى ئەيسا ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭدا خۇدانىڭ بارلىق قۇدرىتى بولسىمۇ، ئۇ ھېرگىزمۇ پەرىشتىلەرنى چاقىرىپ، دۈشمەنلىرىنى يوقاتمىغان.
باشقا پەيغەمبەرلەر «خۇدا مۇنداق دېدى...» دەيتتى. ئەمما ھەزرىتى ئەيسا ھەر دائىم «مەن سىلەرگە ئېيتىمەنكى.......» دەيتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن. ماڭا ۋەھيي قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ

ئىلاھىڭلار  يالغۇز بىر ئىلاھتۇر. كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن»

ئەيسا ئەلەيھىسسالام بولسا ئۆزى توغرۇلۇق دائىم سۆزلىدى. مەسلەن ئىنجىل، سۈرە مەتتادا ئۇ دەيدۇكى: «ئەي جاپاكەش ۋە ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالغانلار! مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار، مەن سىلەرگە ئاراملىق بېرەي.» يەنە بىر سۈرەدە ھەزرىتى ئەيسا:«خۇدائاتا ئىككىمىز ئەسلىدە بىرمىز»، «يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن. مېنىڭسىز ھېچكىم خۇدائاتامنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ » دېگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى توغرۇلۇۇق قۇران كەرىم، سۈرە يۇنۇس 49 ئايەتتە مۇنۇ سۆزلىرى قىلغان:
« ئاللا خالىمىسا، مەن ئۆزەمدىن زىياننى دەپئى قىلىشقا، پايدا قازىنىشقا قادىر ئەمەسمەن» ھەر بىر مۇسۇلمان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگىنىنى بىلىدۇ.
لېكىن، ئىجلنى ئوقۇغىنىمدا مەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزى توغرۇلۇق «ئەرشتە ۋە يەر يۈزىدە پۈتۈن ھوقۇق ماڭا بېرىلدى» دېگەن سۆزلىرىنى كۆردىم.
مەن قۇران ۋە ئىنجىلدىكى بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغىنىمدا قايمۇقۇپ، گاڭگىراپ قالدىم. ئىسلامدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ دۇنياغا بارلىق بەختنى ئېلىپ كەلگۈچى دىگەن نامغا ئىگە. ئەمما، ئۇ قايسا قۇدرەت بىلەن بۇ بەختنى بىزگە يەتكۈزىدۇ؟ ئۇ پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئادەم تۇرسا! ئۇ بىزگە ئوخشاش

تۇغۇلۇپ، ياشاپ، ئۆلگەن تۇرسا! ئۇنىڭ قەبرىسىنى ھەممە مۇسۇلمانلار كۆرەلەيدىغۇ دەپ ئويلىدىم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزنى قانداق قۇتقۇزالايدۇ؟! لېكىن، ئىسلام دىنىدا پەقەت پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى دەپ قارىلىپ كەلگەن ئەيسا ئەلەيھىسسالام بولسا ئىنجىلدا ئۆزى توغرۇلۇق: «ئىنسانلارنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈچى ۋە ھاياتلىق بەرگۈچى ئۆزۈمدۇرمەن» دېگەن ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىكى قەبرىسىدە تا ھازىرغىچە ياتىدۇ. ئەمما ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى بولسا، ئىچى قۇپقۇرۇق بولدى. چۈنكى ئۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىليونلىغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن «ئالەمنىڭ گۆھىرى»، «رەسۇلئۇللا» تۇرۇقلۇق، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا بىزنىڭ دۇئالىرىمىز ۋە مۇراجىتىمىزگە مۇھتاج ئىكەن. بارلىق مۇسۇلمانلار، كۈنىگە بەش قېتىم «بۇ دۇنياغا ئەڭ چوڭ بەخت» دەپ قارىلىپ كەلگەن پەيغەمبىرىنىڭ ئۆز بەختى ئۈچۈن دۇرۇت قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ.
(پاۋزا)

مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھاياتىنى سېلىشتۇرگەنسىرى، بۇرۇن غۇۋادا كۆرگەن ھەقىقەت بارغانسىرى ماڭا ئايدىڭلاشتى. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قېشىغا بارسام، ئۇلار سوئاللىرىمغا ئېنىق جاۋاپ بېرەلمىدى. ئۇلار پەقەت مەندىن غەزەبلىنىپ، ماڭا تەھدىت سالدى. ئەمەلىيەتە مېنىڭ ھېچقانداق ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرىدىغان مەقسىتىم يوق ئىدى. مەن پەقەتلا ھەقىقەتنى ئىزدىۋاتقان ئىدىم. مەن ئىشىنىمەنكى، بۇ دۇنيادا

مڭلىغان، ھەتتا يۈز مڭلىغان مۇسۇلمانلار خۇددى ماڭا ئوخشاش ھەقىقەتكە شۇنداق ئىنتىلىپ ئۇنى پۈتۈن كۆچى بىلەن ئىزدىنىۋاتىدۇ!

## 11 باب   « يۇرۇقلۇققا چىقىش»

مەخمۇت ئەپەندى چېچى ئاقارغان مۇلايىم بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ ئۆزى يالغۇز ياشايتى. ئۇ ھەر دائىم مېنى كۆرگەندە ناھايىتى خۇشال بولاتتى. بىر كۈنى ئۇ مېنى ئالاھىدە مېھرىبانلىق بىلەن كۈتىۋالدى. ئۇ چاي دەملىگەندىن كېيىن بىز مېھمانخانىغا كىرىپ ئىسسىق چاينى ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق.

يېنىمدىكى ئۈستەلدە بىر كىتاپچىنى كۆرۈپ قولۇمغا ئالدىم. كىتاپچىنىڭ ئېمىسمى «قۇتقۇزۇلۇش» ئىكەن. مەن ئۇنى ئېچىپ بىر نەچچە بەت ئوقۇدۇم. مەن ئوقۇۋېتىپ، مەخمۇت ئەپەندىدىن بىر سۇئال سورىغىم كەلدى. مەن ئەپەندىمدىن:

بىز مۇسۇلمانلار ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش ھەم ئۆزىمىز قىلغان ياخشىلىقىمىز بىزنى قۇتقۇلدۇرالايدۇ دەپ ئىشىنىمىز. سىلەردىمۇ مۇشۇنداقمۇ؟ دەپ سورىدىم.

مەخمۇت ئەپەندى بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

ياق مەخسۇت، بىز ئۆزىمىزنى گۇناھكار دەپ تونۇيمىز. بىز ئاللانىڭ مۇكەممەل ئۆلچىمىگە يەتمىگەچكە، ئۇنىڭ شان شەرىپىدىن، ئۇنىڭ نىجاتلىقىدىن مەھرۇم قالدۇق. ئۆزىمىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى قىلغان ئىشلىرىمىز ئارقىلىق ئاللانىڭ مەرھىمىتىگە ئېرىشەلمەيمىز. بىز ئىنسانلار ھەرگىزمۇ ئۆز ھەققانىيلىقىمىز ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قۇتقۇزالمايمىز. لېكىن، بىزنى قۇتقۇزالايدىغان ئەرشىدىن كەلگەن بىرسى بار. ئۇ نىجاتكارىمىز ھەزرىتى ئەيسادۇر. ئۇ ئاللانىڭ مەرھىمىتىگە، ئاللانىڭ نىجاتلىقىغا ئېرىشىدىغان بىردىنبىر يولدۇر، دېدى.

شۇ كۈنى، ئۇ ماڭا نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى سۆزلەپ بەردى. بىز خېلى ئۇزۇنغىچە مۇڭداشۇپ، سۇئاللىرىمغا قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئىگە بولدۇم.

مەخمۇت ئەپەندى خۇدانىڭ مەھمىتىنى ئۆز ھاياتىدا ھەقىقەتەن كۆرگەن ئىكەن. ئۇ ئەسلى 1947 يىلى ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈنگەندە، ھىندىستاندىن پاكىستانغا قېچىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇزۇن يىللارغىچە قورال ياراق ئامبىرىدا ئىشلىگەنىكەن. كېيىن ئۇ كاراچى شەھەرىگە كېلىپ ھازىرغىچە بۇ يەردە تۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ ھاياتىدا تەنھالىق بىلەن جاپانىڭ تەمىنى كۆپ تېتىغان ئىكەن. ئايالى بىر قانچە يىل ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن پەرزەنتلىرى بار ئىدى. لېكىن ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ بىرىمۇ قالماپتۇ.

مەخمۇت ئەپەندى شۇنچىلىق كۆپ ئازاب ئوقۇبەت چەككەن بولسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭ يۈزىدە ھەزرىتى ئەيساغا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادى نۇردەك چاقماپ تۇراتتى. مەخمۇد ئەپەندى خۇدانىڭ ھەقىقىتىنى پەقەت ئاغزىدىلا سۆزلىگەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ھاياتىدا كۆرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرگەن.

مېڭىشقا يېقىن، مەن ئۇنىڭدىن ئىسلام دىنى بىلەن ئەيسا مەسىھ ئېتىقادىنى سېلىشتۇرىدىغان كىتابلار بارمۇ؟ دەپ سورىسام،

ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا:

يوق مەخسۇد. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۇنداق كىتابلارنى پاكىستاندا تاپماق ناھايىتى تەس. بۇ خىل كىتابلار نۇرغۇن يېزىلغان، لېكىن ھۆكۈمەت ئۇلارنى چەكلىدى. ئۇنداق كىتاپنى ساقلىغان كىشلەر سېزىلىپ قالسا، ئېغىر جازالىنىدۇ، دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ مەن بەك ھەيران قالدىم. شۇ چاغقىچە، پاكىستاندا، كىشلەرنىڭ بۇندەق ئىشلاردا ئەركىنلىكى بار، ئۆزى خالىغاننى ئۆگىنەلەيدۇ،

خالىغان دىنغا ئېتىقات قىلالايدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئاخىردا، مەخمۇت ئەپەندى ئۆزىدە بار ئىنجىل توغرۇلۇق بىر قانچە كىتابنى بېرىپ تۇرۇپ، مېنى ئۇزۇتۇپ سىرتقا چىقتى.

مېنىڭ چىقىشىمغا ئۇ قولىنى بېشىمغا قويۇپ:

خۇدا ساڭا بەخت ئاتا قىلسۇن، ئوغلۇم! دەپ دۇئا قىلدى.

ئۆيگە كەلسەم، كۈرەش ئەپەندى مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ «ساڭا ياخشى بىر خىزمەت تاپتىم» دەپ كۈلۈمسىرەپ ئېيتتى. ئۇ ماڭا، پوچتا ئىدارىسىدا بىر بوش ئورۇننىڭ بارلىقىنى ھەم كىچىكتۈرمەستىن خىزمەت ئىلتىماسىنى سونۇۋېتىشىمنى تاپىلىدى. مەن ئۇنىڭ قولىدىن خىزمەتكە ئىلتىماس جەدۋىلىنى ئېلىپ، كۆپ رەھمەت ئېيتتىم.

ئارقىدىن ئۇ:جەدۋەلنى قويۇپ، باشتا تامىقىڭنى يەيۋالغىن. بولمىسا سوۋۇپ قالىدۇ. دەپ ئۈندىدى.

ماڭا ئىش چىقىنى ئۈچۈن ھەممەيلەن خۇرسەن بولدى. كۈرەش خانىم ماڭا قاراپ، مېنى كۈزەتكەندەك قىلىپ،

مەخسۇت يېقىندا سەن كۈندە دېگۈدەك ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى بىلەن بىرگە غىزالىنىۋاتىسەن. سەن كېلىپ بىز بىلەن تاماق يېيىگىنىڭدە، چوقۇم غۇسۇل تاھارەت ئېلىپ، كەلىمە شاھادەت ئوقۇشۇڭ كېرەك. سەن داستىخانغا ھېچقانداق نىجىسلىقنى ئېلىپ كەلمە، جۇمۇ! دېدى.

ئۇ بۇ گەپنى چاقچاق قىلىپ ئېيتقاندەك بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ قەلبىدە مەندىن گۇمان قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم.

1972 يىلى 2 ئايدا مەن پوچتا مۇلازىمەت بۆلۈمدىن مېنى قوبۇل قىلغانلىق توغرىسىدا خەۋەر تاپتىم. ئىشقا بەلگىلەشتىن بۇرۇن، مەن پوچتىخانىنىڭ ئۈچ ئايلىق ئۆگىنىشكە قاتناشتىم. بۇ ۋاقىتتا ئۆزەمنىڭ دىنى كىتاپلىرىمنى ئۆگىنىشىم سۇغا چىلاشتى. لېكىن، رەسمى ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، يەنىلا ئۆگىنىشنى كەچتە، ئىشتىن كەلگەندە داۋاملاشتۇرۇدۇم.

مۇشۇنداق قىلىپ، مەن دوستلىرىمدىن ئۆتنە ئالغان ھەرخىل ھەزرىتى ئەيسا ۋە تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئاساسەن تولۇق كۆرۈپ چىقتىم. ئىشتا بوش ۋاقىتلىرىمدا كىتاب ئوقۇسام دەپ ئويلىسىممۇ، بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قىلىدىغان خىزمىتىم ئەنچە ئالدىراش ئەمەس، ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان بىر ئىش ئىدى. مەن باشقا يېڭى ئىشچىلار بىلەن، پوچتا نومۇرلىرى، پوچتا ھەقى، خەت چەك ۋە پوسۇلكىلارنى تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆگەنگەن ئىدىم. خىزمىتىم ياخشى بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۈچۈن ۋاقىت تولىمۇ ئۇزۇن تۇيۇلاتتى. قاچان ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ، كىتاۋىمنى كۆرەرمەن دەپ كۆزۈم تۆت بولۇپ كېتەتتى.

بىركۈنى كەچتە، مەن گۇناھ ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى دىگەن تېمىنى ئۆگۈنىۋاتاتىم. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ ھېچقانداق يېرىدە ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھسسالام گۇناھ قىلغان دەپ يازمىغاندى. ئىنجىلدىمۇ ئۇ دۈشمەنلىرىدىن: «قايسىڭلار مېنىڭ گۇناھىم بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيسىلەر؟» دەپ سورىغان.

مۇھەممەد ئەلەيھسسالامچۇ؟ قۇرئاندا مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنى گۇناھ سادىر قىلغان دەپ ئېنىق دىيىلمىگەن. لېكىن بىز ئۇنىڭ ئاللادىن مەغپىرەت

تىلىشى توغرۇلۇق بىر نەچچە ئايەتلەرنى كۆرەلەيمىز. مەسلەن ئاللا سۈرە نەسىر 3 ئايەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەگەن: «رەببىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللا ھەقىقەتەن تۆۋىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر »،

بۇنىڭدىن سىرت، ئاللا يەنە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا سۈرە فەتىھنىڭ 1 ۋە2 ئايىتىدە «ئاللانىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن، ساڭا بەرگەن نېمىتىمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، سېنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈن، ساڭا كۈچلۈك ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، ساڭا بىز ھەقىقەتەن روشەن غەلبە ئاتا قىلدۇق » دىگەنلىرىنى كۆرەلەيمىز.

بۇ ئايەتلەرنى ئۆگەنگەنسىرى، مەن بەكمۇ ھەيران قالاتتىم. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى گۇناھسىز دىگەن نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز قارىشى قۇران كەرىمنىڭ ئېنىق يېزىلغىنىغا ماس كەلمەيدىكەن!

مەن ئۆگىنىشىمنى داۋاملاشتۇرغىنىمدا يەنە باشقا ئوخشىماسلىقنى بايقاپ قالدىم. مەسلەن، ھەزرىتى ئەيسا بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار توغرۇلۇق تەلىماتلىرى پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. ھەزرىتى ئەيسا ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى قانداق قوغدىغانلىقى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇراتتى. ئىنجىل سۈرە مەتتا 5 :31 32 ئايىتىدىكى ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئاجرىشىش توغرىسىدىكى تەلىمى ئىسلام دىنىغا تامامەن ئوخشىمايدىكەن. ئۇ مۇنداق دىگەن:

"سىلەر «كىمدەكىم ئايالىنى تالاق قىلسا، تالاق خېتىنى بەرسۇن» دېگەن تەلىمنى ئاڭلىغان. بىراق، شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، بىر ئادەم ئۆز ئايالىنىڭ جىنسى ئەخلاقسىزلىق قىلىشىدىن باشقا ئىشنى سەۋەب قىلىپ ئۇنى تالاق قىلسا ھەمدە تالاق قىلىنغان ئايال يەنە بىر ئەرگە تەگسە، تالاق قىلغان ئادەم

ئۆز ئايالىنى زىناغا تۇتۇپ بەرگەن بولىدۇ. تالاق قىلىنغان ئايالنى ئەمرىگە ئالغان كىشىمۇ زىنا قىلغان بولىدۇ".

هەزرىتى ئەيسا ئۆز تەلىمى ئارقىلىق ئاياللارنى تالاقدىن قوغدىغان.

لېكىن، قۇرئان بولسا بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەرىيە ئىسىملىك بىر قېنىزەككە ئاشىق بولۇپ قالغىنىدا ئۇنىڭ ئايالىرى ھەفسە بىلەن ئائىشە خاپا بولۇپ ئۇنى ئەيىپلىدى. دەل شۇ چاغدا قۇرئاندىكى سۈرە تەھرىم نازىل بولۇپتىمىش. بۇ سۈرىنىڭ 4 ئايىتىدە بىز بۇنى كۆرەلەيمىز:

«ئەگەر ئۇ (يەنى مۇھەممەد) سىلەرنى (يەنى ھەفسە بىلەن ئائىشەنى) قويۇۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنىڭلارغا سىلەردىن ياخشى، بويسۇنغۇچى، ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، گۇناھلاردىن تۆۋە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى، چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن.»

ئىنجىل ۋە قۇرئاننى سېلىشتۇرغىنىمدا مەن ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا بولغان ئاتالمىش «بارۋەرلىك»ىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم. ھەمدە ھەزرىتى ئەيسا كۆرسەتكەن يولى ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆپ ئەلا ئىكەن دەپ ئويلىدىم. ئىسلام جەمىيىتىدە، ئاياللارنى خۇددى بىر خىل مۈلۈكدەك قارايدۇ. ئەرلەرنى بولسا ئاياللاردىن يۇقۇرى كۆرىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى جەننەتتىمۇ مۇسۇلمان ئەرلەر نۇرغۇنلىغان شەھۋانىي لەززەتكە مۇييەسسەر بولىدۇ. لېكىن قۇرئان بىچارە مۇسۇلمان ئاياللار ئۇچۇن ئەرلەرگە ئوخشاش ھېچقانداق ئىنئام توغرۇلۇق سۆز

ئاچمىغان.

مەن بۇ ئىشلارنى ئويلىغانسىرى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن ئادىل بولمىغانلىقىنى ھىس قىلدىم. ئادىل خۇدا ئىنسانىنى ھەم ئەر ھەم ئايال قىلىپ ياراتتى. ئۇنداقتىتا ھەر ئىككىلىسىنىڭ قەدىر قىممىتى ئوخشاشلا يۇرقىرى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە!

مەن بۇلارنى سۆكۈتتە ئويلىنىپ ئولتۇراتتىم. دەل شۇ چاغدا مەيىن شامال ئىنجىلنىڭ بەتلىرىنى سىلىق سىيپاپ ئۆتۈپ، مۇنۇ ئايەتلىرىگە ئېچىپ قويۇپتۇ:
«ئۇ يەردىن چىقىڭلار ئەي خەلقىم!
بولمىسا شېرىك بولىسىلەر ئۇ شەھەرنىڭ گۇناھلىرىغا.
ئۇچرايسىلەر ئۇنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان بالايىئاپەتلەرگە.
چۈنكى پەلەككە يەتتى ئۇنىڭ قاتمۇقات گۇناھلىرى،
خۇدانىڭ يادىغا يەتتى ئۇنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى»

بۇ سۆزلەرنى ئوقۇپ مەن ئىچ ئىچىمدىن تىترەپ كەتتىم. نېمە قىلىشىم كېرەك؟ ھەتتا دۇئا قىلىشقىمۇ ئاغزىم بارمىدى.

قۇرئاندا تەسۋىرلەنگەن جەننەت ئۇنىڭدىكى ھۆرىلەر ۋە شەھۋانىي لەززەتلەر بىلەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئاددى قىلىپ ئېيتقان، جەننەت توغۇرسىدىكى تەلىملىرىدىن، روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ھەزرىتى ئەيسا جەننەتتىكى ئەر ۋە ئاياللارنىڭ مۇنىسىۋىتىنى ئىنجىل سۈرە ماركۇسدا مۇنداق

بايان قىلغان:
«ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن، ئىنسانلار ئەرشتىكى پەرىشتىلەرگە ئوخشاش، خوتۇن ئالمايدۇ، ئەرگە تەگمەيدۇ».

ماڭا نىسبەتەن، ئىسلام دىنىنى «بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن مۇقەممەل بىر قانۇن، تەلتۆكۈس بىر نىزام» دەپ قارىغانلارنىڭ خاتالاشقان ئىكەنلىكى روشەن تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئىسلام دىنى ئاياللارنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈردى دەپ جاكارلاپ، پەخىرلىنىدۇ. ئەمما، مۇسۇلمان ئاياللار، خۇدا ئۆزى ئەسلى ئاياللارغا بېغىشلىغان ھەقىقىي ھۆرلۈكتىن بەھرىمان بولدىمۇ؟ مەن ئۆز ئاپامنىڭ ئەھۋالىنى، سىڭلىمنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاپ، تۈپۈكسىز ئاچچىقىم كەلدى. مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئېرىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇش يولى يوق. لېكىن ئەرلەر بولسا، پەقەت ئۈچ مەرتەم «تالاق» دېيىشى بىلەنلا ئۆز خوتۇننى قويۇۋەتەلەيدۇ! ئادىل خۇدا بۇنداق ئادالەتسىزلىكنى ھېرگىزمۇ قۇۋۋەتلىمەيتتى! دەپ ئىچىم تېخىمۇ قاينىدى. مېنىڭ كوچىغا چىقىپ مۇنداق توۋلىغىم كەلدى:
ئەي مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم! جەمىيىتىمىزدىكى ئېرىدىن تالاق بولۇپ كەتكەن ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىغا قاراڭلارچۇ! ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدىن قوغلاندى. كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بىرەر كىشىمۇ يوق. شەھەر كوچىلىرىدا، ئۇلار تىلەمچىلىك ۋە پاھىشەلىك قىلىۋاتىدۇ. باللارنىڭ ئازابى ۋە ئاھ ئۇرۇشلىرىغا قاراڭلار!
قاراڭلار، مۇسۇلمانلار! ئەرلىرى تەرىپىدىن ئۆيىدىن قوغلانغان ئاجىز ئاياللارغا! ئۇلارنىڭ خارلىنىۋاتقانلىقىغا قاراڭلار! بىز باشقا دىندىكىلەرگە قاراپ، ئۆزىمىنى شۇنداق ماختايمىزيۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بىز ئۆز جەمىيىتىمىزدىن

نومۇس قىلىشمىز كېرەك، بىرادەرلەر! ئەرلىرى كېچىك خوتۇنلار ئېلىۋېلىپ، ئەمدى ھالى خەۋەرسىز قالغان ئەشۇ ئاياللارغا قاراڭلار! ئىسلام دىنى يول قويغان بۇ ئىشلار دەل ئۆز ئۆزىگە داغ تەگكۈزگەن شەرمەندىلىك ئەمەسمۇ؟

ئۆيۈمدىكى تۆت تام مېنىڭ ئاجىزلىقىمنى مەسخىرە قىلدى. بۇ سۆزلىرىمنى كىمگىمۇ ئېيتارمەن؟ كىممۇ ئاڭلار؟ دەپ يىغلىدىم. مەن ئاسمانغا قاراپ:

ئى ئاللا! ماڭا توغرا يولنى كۆرسەت! دەپ توۋلىدىم.

بىر نەچچە ئايدىن بۇيان مەن پوچتىخانىدىكى تەكشۈرۈش بۆلۈمىدە ئىشلىدىم. مېنىڭ ۋەزىپەم ئاساسەن پاكىستاندىن چەتئەللەرگە ئەۋەتىدىغان ياكى پاكىستانغا كېلىدىغان خەت پوسۇلكىلار ئارىسىدىن چەكلەنگەن ماتىرىياللارنى تەكشۈرۈش ئىدى. بىز ئەسلى پاكىستاننىڭ قانۇنىنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك ئىدى، لېكىن بەزى خىزمەتداشلىرىم، بۇ قانۇنغا خىلاپ نۇرغۇن ئىشنى قىلاتتى. مەسىلەن، نەق پۇلنى كانۋېرتقا سېلىپ ئەۋەتىش قانۇنغا خىلاپ ئىدى. خىزمەتداشلىرىم بۇنداق خەتلەرنى تاپقىنىدا، قائىدە بويىچە، پۇلنى پاكىستان دۆلەت بانكىسىغا ئەۋەتمەي، يانچۇقىغا سېلىۋالاتتى. ئۇلار يەنە، شەھۋانىي، سېرىق كىتاب ژۇرناللار، ۋە باشقا قانۇنغا خىلاپ ماتىرىياللارنى يىغىپ كۆيدۈرىۋەتمەستىن، ئۇلارنىمۇ ئېلىپ قالاتتى. بەزىدە چوڭ ھۆكۈمەت باشلىقلىرى شەھۋانىي ژورناللارنى ۋە چەتئەل پۇللىرىنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇق چۈشۈرەتتى.

مېنىڭ يەنە بىر ۋەزىپەم، ئىسلام دىنىغا قارشى ماتىرىياللارنى تەكشۈرۈپ،

ئەگەر تېپىلىپ قالسا، ئۇلار ئۇستىدىن دوكلات قىلىش ۋە يوقۇتۇش ئىدى. بۇ چاغلاردا مەن ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرىغا كۆپ ھىسداشلىق قىلغاچقا، ھەزرىتى ئەيسا ۋە ئىنجىلغا ئائىت ژورناللارنى تاپقىنىمدا، مەن باشتا ئۇلارنى ئوقۇۋالاتتىم، ۋە ئادرىسلىرىنى كۆچۈرۋىۋالاتتىم. شۇنداق قىلغاندا، ئۇلارغا ئۆزۈم بىۋاستە خەت يازالايتتىم. ئۇزۇن ئۆتمەي، مەن ھەرخىل دىنى كۆز قاراشتىكى نۇرغۇن ژورناللارغا ئىگە بولدۇم. خۇداغا شۈكۈر، مېنىڭ ھەقىقى ھەزرىتى ئەيسا ئېتىقادىغا ئائىت تەلىملەرنى ئوقۇغانلىرىم كۆپ بولغاچقا، مەن خاتا يوللاردىن ساقلىنىپ، خۇدانىڭ ھەقىقتىنى دائىم ئويلىدىم ۋە بۇ ھەقىقەت كېيىن مېنىڭ ھاياتىمدا مېۋە بەردى.

مەن ئۆگىنىشمنى توختاتمىدىم، مەن داۋاملىق قۇرئان بىلەن ئىنجىلنى سېلىشتۇرىۋاتاتتىم. مەن، ئىسلام دىنىدىكى «پاك بولۇشى» ھەزرىتى ئەيسا ئۆگەتكەن «پاك بولۇشى» بىلەن سېلىشتۇرسام، چوڭ بىر پەرق چىقتى. ئىسلام دىنىدا بىر كىشى خۇدانىڭ ئالدىغا كەلگەندە چوقۇم تەرەت ئېلىپ ئۆز بەدىنىنى پاكلاش كېرەك دەيدۇ. لېكىن ھەزرىتى ئەيسا بولسا، ئىبادەت قىلغاندا بىر كىشىنىڭ تاشقى پاكلىنىشى ئانچە مۇھىم ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قەلبى پاك بولۇشى كېرەك دەيدۇ.

ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئىنجىل سۇرە يۇھانىنا 4 :24 ئايىتىدە ئىبادەت توغرۇلۇق ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرى ماڭا شۇنداق تەسىر قىلدى: «خۇدا روھتۇر. ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغۇچىلار روھى بىلەن ۋە خۇدا ئاشكارىلىغان ھەقىقەت بويىچە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشى كېرەك».

ئۆگۈنۈشمىنىڭ جەريانىدا مەن چۈشۈنۈشكە تەس بولغان نۇرغۇن ئىشلارغا دۇچ كەلدىم. لېكىن ھەر بىر قېتىم خۇدا مېنىڭ قەلبىمنى يورۇتۇپ ئۆز ھەقىقىتىنى ماڭا ئايدىڭلاشتۇردى. ئەگەر بىر كىشى چىڭ قەلبى بىلەن ھەقىقەتنى ئىنتىلىپ ئۇنى ئىزدەنسە، خۇدا ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدۇ! مەن ئۆزەم بۇ ھەقىقەتكە گۇۋاھلىق بېرەلەيمەن.

مەن ئىنجىلدىكى ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئوقۇغىنىمدا ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلۇپ، كرستكە مىخلىنىپ ئۆلۈشىدىن بەكمۇ قايمۇقۇپ قالاتتىم. چۈنكى، باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش، كېچىكىمدىن تارتىپ مەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ يەھۇدىي دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇلۇپ، كرستتە ئۆلمىگىنىنى ئۆگىنىپ كەلگەن ئىدىم.

بۇ ئىش توغرۇلۇق قانداق ئويلاشنى بىلمەي قالساممۇ، مەن يەنە خۇدا ماڭا نېمىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بېرەلەيدۇ دەپ ئىشەندىم. گەرچە، مەن نۇرغۇن كىتابلار ئوقۇساممۇ، لېكىن ھەقىقىي جاۋاپ يەنىلا خۇدانىڭ ئۆزىدىن كەلدى. ئۇنىڭ ئۆز يېتەكلىشى بىلەن مەن قۇرئاندىن ھەزرىتى ئەيسانىڭ كرستكە مىخلىنىشى، ئۆلۈشى، ئاندىن ئۇنىڭ تىرىلىپ ئەرشكە چىقىپ كېتىشىنى كۆرۈپ، چۈشەندىم. بۇ ھەقىقەت، ماڭا نىسبەتەن ئەڭ ھەل قىلغۇچ نۇختا بولدى. مەن خۇداغا يىغلاپ تۇرۇپ:
ئى خۇدا! ئەگەر بۇ راست بولسا، ئۇنداقتا مېنىڭ ئوچۇق ئاشقارا ھالدا ئەيسا مەسىھنىڭ بىر ئەگەشكۈچىسى بولىدىغان كۈنۈم ئاز قاپتۇ! ئاھ ئۇردۇم.

مېنىڭ ئالدىمدا ئىككى ئوخشىمايدىغان كۆز قاراش تۇرۇپتۇ.

بىرىنچىسى  ئىنجىلنىڭ ئېنىق بايانلىرى. يەنى، ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشى، گۇناھكار ئىنسانىنى ئاللانىڭ توغرا يولىغا دەۋەت قىلىشى، دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن چاپراس ياغاچقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشى، دەپنە قىلىنىشى، ئۆلگەندىن كېيىن ئۈچىنچى كۈنى قايتا تىرىلىشى، ۋە قىرىق كۈن شاگىرتلىرى بىللە بولۇپ، ئاندىن جەننەتكە كۆتۈرۈلۈپ كېتكەنلىكىدىن ئىبارەت دۇر. تارىختىن بۇيان، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھەممىسى بۇلارغا ئىشىنىپ كەلگەن ئىدى. مەن بۇنى ئوبدان چۈشىنىۋالدىم.

لېكىن ئالدىمدا يەنە بىر كۆز  قاراش تۇرۇپتۇ. ئۇ بولسىمۇ  بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋىي كۆز  قاراشىمىز ئىدى. بۇ كۆز  قاراش بويىچە ئۇلار ھەزرىتى ئەيسا ئەزەلدىن كىرىسكە مىخلانمىغان. ئاللا ئۇنى يەھۇدىي دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ، ئەرشكە ئېلىپ كەتكەن. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆلتۈرۈلمىگەن!  دەيدۇ.

مۇسۇلمانلار بۇ كۆز  قاراش قۇرئانىنىڭ بايانىغا ئاساسلانغان دەيدۇ. شۇڭا مەن بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن قۇرئانىنىڭ بۇ توغرۇلۇق ئايەتلىرىنى قايتىدىن تەھلىل قىلاي دېسەم پەقەت بىرىنلا تاپتىم.

قۇرئان كەرىم، سۈرە نىسا 157  ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئاللانىڭ رەسۇلى ئەيسا ئىبنى مەريەمنى ھەققەتەن ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئەيسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە لېكىن ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى.»

بەزى تەرجىمان ۋە تەپسىرچىلەر بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىغا «ئۇلار ئەيسانى

ئاستۇق دەپ گۇمان قىلىپ، ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرسىنى ئاستى» دېگەن بىر ئىزاھاتنى قوشىدۇ. لېكىن بۇ سۆزلەر پەقەت ئۆلىمالارنىڭ ئىزاھتى قۇرئاننىڭ ئەسلى سۆزلىرى ئەمەس!

بۇ تەرجىمان ۋە تەپسىرچىلەر نېمىشقا بۇ ئايەتكە شۇنىڭدەك بىر ئىزاھاتنى قوشۇپ قويىدۇ؟ چۈنكى بەزى مۇسۇلمانلار بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى چوڭ بىر شەرمەندىچىلىك ھېسابلايدۇ. شۇڭا ھەزرىتى ئەيسانىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى، ئۇلار ئۈچۈن مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىشتۇر. لېكىن، دۇنيانىڭ تارىخىدا شېھىت بولغان پەيغەمبەرلەر ئاز ئەمەس ئىدى.
ئەمەلىيەتتە، سۈرە نىسانىڭ 155 ئايەتىدە، يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرۈشى توغرىسىدىكى بايان ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ يېزىلغان. شېھىت بولماق شەرمەندىلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەگەر بىر پەيغەمبەر خۇدانىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ شېھىپ بولغان بولسا، بۇ قانداقمۇ بىر شەمەندىلىك بولسۇن؟ مېنىڭچە بۇ چوڭ بىر شەرەپلىك ئىش ئىكەن.

ئۇنداقتا، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلگىنى راستىمدۇ؟ مەن بۇنىڭ جاۋابىنى نەدىن تاپالايمەن؟ دەپ ئويلاندىم. روشەنكى، ئۇنىڭ جاۋابى پەقەتلا ئىنجىلدا تۇرۇپتۇ. چۈنكى مۇقەددەس كىتابلارنىڭ ئارىسىدا، پەقەت ئىنجىلدىلا ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ئىزلىرى تەپسىلىي خاتىرلەنگەن. نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئىنجىل ئۆزگەرتىۋەتىلگەن دەيدۇ لېكىن ئەمەلىيەتتە قۇرئاننىڭ ئۆزى بۇ كۆز قاراشنى قۇۋۋەتلىمەيدۇ. ئۇنىڭدا «ئىنجىل ئۆزگەرتىۋەتىلگەن» دەيدىغان ھېچقانداق بىر ئايەت يوق. ئەكسىچە قۇرئان سۈرە يۇنۇستا ئەگەر بىز قۇرئاندىكى ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىسەك ئىلگىرىكى كىتاب يەنى

ئىنجىلنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك دەيدۇ. شۇڭا مەن قۇرئاننىڭ دېگىنى بويىچە ئىنجىلنى ئۆگىنىۋېپ، بۇ ھەل قىلغۇچ ئايەتلەرنى تاپتىم. ئىنجىل سۇرە ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى 2 بابىدا مۇنۇ ئايەتلەر يېزىلغان:
«ئەي ئىسرائىل قېرىنداشلار، سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار. خۇدا ناسىرەلىك ئەيسا ئارقىلىق ئاراڭلاردا كۆرسەتكەن مۆجىزە كارامەتلىرى بىلەن ھەزرىتى ئەيسانى ئۆزىنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. بۇ ئىش ھەممىڭلارغا مەلۇم. ھەزرىتى ئەيسا خۇدانىڭ ئالدىنئالا بىلىشى ۋە پىلانى بويىچە سىلەرگە تاپشۇرۇلدى. سىلەر ئۇنى خۇدايىمىزغا ئىشەنمىگەن رەزىل ئادەملەرگە تۇتۇپ بېرىپ، كرېستكە مىخلىتىپ ئۆلتۈرگۈزدۈڭلار...
شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەي ئىسرائىل قېرىنداشلار، شۇنى قەتئىي بىلىشىڭلار كېرەككى، خۇدا سىلەر كرېستكە مىخلاپ ئۆلتۈرگەن ھەرزىتى ئەيسانى ھەم رەببىمىز، ھەم بىزنى گۇناھلىرىمىزدىن ئازاد قىلىدىغان قۇتقۇزغۇچى ــــ مەسىھ قىلىپ تەيىنلىدى!..»

مەن بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ خۇدانىڭ مېنى ھەم قۇرئاندىن ھەم ئىنجىلدىن توغرا يېتەكلىگىنىگە مىڭ شۈكۈر ئېيتتىم.

مەن مۇسۇلمان ئۆلىمالارنىڭ ئارىسىدا سۇرە نىسا 157 ئايەت توغرۇلۇق ئىختىلاپ پەيدا بولغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم. تارىخدىن بۇيان تۆرلۈك ئوخشىمايدىغان نەزىرىيەلەر ئوتتۇراغا قويۇلغان. بەزىلەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئورنىدا ئۇنى دۈشمەنلىرىگە ساتقۇنلىق قىلغان يەھۇدا ئىشقارىيوت ئۆلتۈرۈلگەن دېيىشسە، يەنە بەزىلەر كىرىنىيلىك سىمون ئىسىملىك بىرسى ئۆلتۈرۈلگەن دېيىشىدۇ. ئەمما، مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلمىدىم. ئەگەر راستىنلا بۇ

مۇسۇلمانلار دېگەندەك، يەنى خۇدا كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن، يەھۇدا ئىشقارىيوتنىڭ يۈزىنى ھەزرىتى ئەيسانىڭكىدەك قىلىپ كۆرسىتىپ قويغان بولسا، بۇ خۇدانىڭ خاراكتېرىگە داغ كەلتۈرىدىغان ئالدامچىلىق بولمامدۇ؟ پاك، ئادىل خۇدا بۇنداق ئالدامچىلىق بىلەن ھەپىلىشىدىغان بىر خۇدامۇ؟ ياق ھەرگىزمۇ ئۇنداق بولمايدۇ. خۇدا ئالدانمايدۇ، ھەم ئالدىمايدۇ! مېنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم، بۇ خىل ھارام كۆز قاراشنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى.

ئۇنداقتا، ھېلىقى ئۆلىمالارنىڭ ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئورنىدا كىرىنىيلىك سىمون ئىسىملىك بىرسى ئۆلتۈرۈلگەن دېيىشىچۇ؟ بۇ ئۆلىمالار، سىمون ھەزرىتى ئەيسا ئۈچۈن چاپراس ياغاچنى كۆتۈرۈپ ماڭغاچقا، يەھۇدىيلار ئۇنى ئەيسا دەپ ئېلىشتۇرۇپ قويغان، دەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئورنىدا يەھۇدىيلار بىچارە سىموننى كرىستكە مىخلاپ ئۆلتۈردى دەپ ئىشىنىدۇ. لېكىن، مەن بۇنىمۇ رەت قىلدىم. خۇدانىڭ ھەقىقي پەيغەمبىرى بولغان ھەزرىتى ئەيسا قانداقمۇ بۇنداق چوڭ ناھەقچىلىققا يول قويسۇن؟ بۇ پەسكەش كۆز قاراشنى كىممۇ قوبۇل قىلالىسۇن؟!
مەن يەنە ئويلاپ باقتىم. ئەگەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى پەقەت بىر ئاساسسىز ھېكايە بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ مۇتلىرىچۇ؟ ئۇلار قانداق ئادەملەر؟ ئۇلار ئۆمۈربويى دۇنيانى كېزىپ، باتۇرلۇق بىلەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، دەپنە قىلىنىشى ۋە ئۆلۈمدىن تىرىلىشىنى جاكارلىغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدامچىمۇ؟! ياق. بۇ سەپسەتىچىلىك كىشىنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئەگەر، ئۇلار شۇنداق يالغانچىلاردىن بولغان بولسا، ئۇلار نېمە ئۈچۈن كىشىلەرگە خۇدانى سۆيۈڭلار ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار دەپ تەلىم بېرىدۇ؟ ياق! ئۇلار ئالدامچىلار ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئىخلاسمەن

بەندىلىرى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، مەن، ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسى ئۆلتۈرۈلگەن دېگەن كۆز قاراشىغا: «ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس!» دەپ يەكۈنگە كەلدىم. مەن قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئۆگەنگەنسېرى، ھەزرىتى ئەيسانىڭ كرېستكە مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ تىرىلىپ، ئاللانىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلگەنلىكىگە ئىشەنچىم كامىل بولدى. سۈرە ئال ئىمران 55 ئايەتتە ئاللا ھەزرىتى ئەيساغا مۇنداق دەيدۇ:
«ئى ئەيسا! مەن سېنى قەبزى رۇھ قىلىمەن» (قەبزى رۇھ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى جان ئۈزۈش ياكى ۋاپات بولۇشدۇر) بۇ يەردە قۇرئاننىڭ ئەسلى مەنىسى: «ئى ئەيسا، مەن سېنىڭ ئۆلۈشىڭگە يول قويىمەن» دىمەكتۇر.
ئاندىن ئاللا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن. سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن. سىنى ئەگەشكەنلەرنى قىيامەتكىچە كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن...» دەپ ۋەدە قىلدۇ.
بۇ ئايەت ئوچۇقتىن ئوچۇق ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلىشى ۋە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشىنى ئىسپاتلىۋاتامدۇ؟! مەيلى شۇ دەۋىردىكى يەھۇدىيلار «ئەيسا ئىبنى مەريەمنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈردۇق!» دېگەن خىيالدا بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەقىقي ئۆلتۈرگۈچى ئۇلار ئەمەس ئاللانىڭ ئۆزىدۇر!
ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن، ھەزرىتى ئەيسانىڭ خۇدا بۇ دۇنياغا ئەۋەتكەن، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز جىنىنى قۇربان قىلغان، نىجاتكار ئىكەنلىكىنى ئېتراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم!
شۇنىڭ بىلەن مەن كىتابلىرىمنى يېپىپ قويدۇم. تەتقىقاتىم ئاياغلاشتى!

ئەمدى، قانداق قىلارمەن؟ ماڭا، ئېنىق بىر قارار قىلىش ۋاقتى، يېتىپ كەلدى.

## 12 باب «مەسىھ يولىغا قەدەم تاشلاش»

كېيىنكى يەكشەنبە كۈنى، مەن ۋىنسىنت ۋە مەخمۇد ئەپەندىلەرنىڭ جامائەتچىلىكىدە باشقا ئېتىقادچىلار بىلەن بىرلىكتە چىن قەلبىم بىلەن «ئى پەرۋەردىگار سەن نەقەدەر ئۇلۇغ!» دېگەن مەدھىيە ناخشىسىنى ئېيتتىم. ھەربىر سۆز ئىچىمدە ياڭراپ، ئۇلارنىڭ چوڭقۇر، گۈزەل مەنىسى قەلبىمگە سىڭىپ كىردى.

مەدھىيە كۈيلىرى ئاخىرلىشىپ ھەممىمىز ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەن ئۆز ئۆزۈمگە:

مەخسۇت، سەن ئىككى توشقاننى تەڭ قوغلىساڭ بولمايدۇ. سەن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خوجايىنغا بىرلا ۋاقىتتا تەڭ خىزمەت قىلالمايسەن. سەن چوقۇم بىر قارارغا كېلىشىڭ كېرەك. سەن قايسىسىغا ئەگىشىسەن؟ ئىسلام دىنىغىمۇ ياكى ھەزرىتى ئەيساغىمۇ؟ مەيلى قايسىسى بولۇشتىن قەتئىينەزەر سەن چوقۇم تېزدىن بىر قارارغا كەلمىسەڭ بولمايدۇ! دېدىم.

شۇنداق. مەن قارار قىلىشىم كېرەك. لېكىن مېنىڭ بىر قارارغا كېلىشىمگە ئىنتايىن تەس كەلدى. ئەگەر، ھەزرىتى ئەيساغا ئەگەشسەم، ئائىلەم ۋە دوستلىرىمنىڭ مەندىن مەڭگۈ ۋاز كېچىشى ئېنىق ئىدى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، ھەزرىتى ئەيساغا مەخپىي ھالدا ئەگىشىپ، ئىسلام دىنىدا داۋاملىق تۇرسام بولامدىكىن دىگەندەك ئۈمىدىممۇ ئاز تولا بار ئىدى.

لېكىن مۇشۇنداق ئىككى يۈزلۈك ھاياتىمدىن مەن ئالاقاچان تويۇپ كېتتىم. ئالدىمدا روشەن بىر قارار تۇرۇپتۇ. مەن يا بۇ تەرەپكە، يا ئۇ تەرەپكە مېڭىشىم كېرەك.

ئىسلام دىنى ماڭا «ھەقسۇبھانىھۇۋەتائالللا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى مۇھەممەدنى ئېتىراپ قىلساڭ، شەرىيەتنىڭ پەرھىزلىرىنى تۇتساڭ نىجاتلىققا ئېرىشىسەن» دەپ تەلىم بېرەتتى. دېمەك نىجاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەم ئىمان ھەم ساۋاپلىق ئەمەللەر لازىم.

لېكىن، ئەگەر ئىنجىلنىڭ دېگىنى راست بولسا؛ ئەگەر مەن ھەزرىتى ئەيساغا ئەگەشسەم، ئۇ چاغدا، ئۆزۈمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ھېچقانداق بىر ئەمەل قىلالمايتتىم. ئىنجىل شەرىف سۈرە ئەفەسلىكلەر بۇنى شۇنداق ئوچۇق چۈشەندۈردۇ. ئايەتلەر مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىپ، خۇدانىڭ مېھىر شەپقىتى ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدىڭلار. بۇ سىلەرنىڭ ئەجرىڭلاردىن كەلگەن ئەمەس، بەلكى خۇدادىن كەلگەن ئىلتىپاتتۇر. سىلەر ھەرگىزمۇ ياخشى ئەمەللەر بىلەر قۇتقۇزۇلمىدىڭلار، شۇڭا سىلەرنىڭ ماختىنىشقا ھەققىڭلار يوق.»

دېمەك، مېنىڭ قىلغان ئەمەللىرىمنىڭ ھەممىسى، مەيلى قانداق ياخشى، مەيلى قانداق ساۋاپلىق بولسۇن، ئالللانىڭ ئالدىدا مېنى ئاقلىيالمايدۇ. نىجاتلىق پەقەت ئالللانىڭ قولىدىن كېلىدۇ. مەن پەقەت ئالللانىڭ ھەزرىتى ئەيسانى بۇ دۇنياغا ئەۋەتكىنىگە، ۋە ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ بارلىق گۇناھلىرىگە بەدەل تۆلەش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلغىنىغا ئىمان ئېيتسام، ئالللا مېنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. مەن بۇنى ئىنجىلدىن ئوبدان چۈشىنەتتىم.

ئىسلام دىنى ماڭا خۇدانى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن تۇتىدىغان پەرھىزلەرنى ئۆگەتتى.

ئەمما، ئىنجىل بولسا، خۇدانىڭ ئەزەلدىن مېنى شۇنداق سۆيىدىغانلىقىنى ئۆگەتتى. خۇدا مېنى شۇنداق سۆيۇدۇكى ئۇ ھەزرىتى ئەيسانى قۇربان قىلىش ئارقىلىق مېنى ئۆزى بىلەن ياراشتۇرماقچى بولدى. مېنىڭ گۇناھكار تەبىيتىم مېنىڭ قىلغان بارلىق ئەمەللىرىمنى بۇلغايدۇ. مەندەك بىر گۇناھكار ئىنساننىڭ خۇدا بىلەن يارىشىشىلىشى پەقەت خۇدانىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئۆزۈم ھېچنېمە قىلالمايمەن. لېكىن خۇدا ئۇچۇن قىلالمايدىغان ئىش يوق!

ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قۇرئان كەرىم بولسا، ئىخلاسمەن، يامان ئىش قىلمايدىغان مۆمىنلەر ئۇچۇن يېزىلغان بىر نىزامنامەدۇر.

ئەمما، ئىنجىل بولسا، ئۆزىنى مەندەك، بىزنىڭ ھەممىمىزدەك، گۇناھكار ئىنسانلار ئۇچۇن يېزىلغان، ئۇلارغا يېڭى ھاياتلىق بېرىدىغان، خۇداتائاللانىڭ سۆزى دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

ئىنجىلدا، ھەتتا تەۋرات ۋە زەبۇردىمۇ خۇدانىڭ ئىنسانىيەتنى ئۆزىگە ياراشتۇرىدىغان پىلانى ۋە شۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرغان ھەزرىتى ئەيسا مەركىزلەشتۈرۈلگەن. ئەگەر، ھەزرىتى ئەيسا بولمىغان بولسا، تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىل بولمايتتى. ھەزرىتى ئەيسا بولسا، مۇقەددەس كىتاب ۋە ئۇنىڭدىكى ئېتىقادنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان، ھالقىلىق نۇختىسى.

لېكىن قۇرئاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەقەتلا ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش بىر پەيغەمبەر، دەپ سۈرەتلىگەن. 3 سۈرە يەنى سۈرە ئالئىمران 144 ئايەتتە بۇنى شۇنداق ئوچۇق يېزىلغان: «مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى.»

ئەمما ھەزرىتى ئەيسا بولسا، ئىنجىلدا ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى بىر

پەيغەمبەردەك تەسۋىرلەنمىگەن. ئىنجىل سۈرە يۇھانادا ھەزرىتى ئەيسا ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن، مېنىڭسىز ھېچكىم خۇداغا بارالمايدۇ»، «ئىنسانلارنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈچى ۋە ھاياتلىق بەرگۈچى ئۆزۈمدۇرمەن. ماڭا ئېتىقاد قىلغان كىشى ئۆلسىمۇ، يەنە ھايات بولىدۇ.»

دېمەك ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ھاياتلىقنى كۆرستىدىغان بىر ئەلچى. ھەزرىتى ئەيسا بولسا، شۇ ھاياتلىقنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ھەزرىتى ئەيسا بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۈپتىن پەرقلىنىدۇ.

مەن ئۆزۈمنىڭ بارلىق نەرسىدىن ۋاز كېچىپ ھەقىقەتنى ئىزدىگىنىمنى ئويلىدىم. ئەمدى، مەن بۇ ھەقىقەتنى تاپقاندەك ھىس قىلدىم. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزەم ئىككى ئۆز ئارا قارىمۇ قارشى، قۇدرەتلىك كۈچنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك بولدۇم. مەن ئالغا ئىلگىرىلەشتىن قورقتۇم. لېكىن، كەينىمگە قارىسام، مەن پەقەت ئىسلام دىنىدىكى ماڭا يەتكۈزگەن ئازاب ئوقۇبەت، ئاراملىقنى ھەرگىزمۇ بېرەلمەيدىغان شەرىيەت ئەھكاملىرىنى كۆردۇم. شۇ ۋاقىتتا، خۇددى، ھەزرىتى ئەيسا مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ:

ماڭا ئەگەشكىن، مەن ساڭا ئاراملىق بېرەي! دېگەندەك ئاڭلىدىم. قەلبىم ئەشۇنداق ئاراملىققا بەكمۇ تەشنا ئىدى.

(پاۋزا)

لېكىن كۈرەش ئەپەندىم ۋە ئۆيدىكىلەرچۇ؟! ئۇلارنىڭ مېنى نېمە دەپ

ئويلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم. ئۇلار مېنى ۋاپاغا جاپا قىلغان بىر مۇناپىق دەپ ئويلاپ قالارمۇ؟ مەن ئۆمرۈمدە ھېچقاچان ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىدەك مېھىر مۇھەببەتكە ئېرىشكەن ئەمەس. مەن تايانچسىز، بىچارە ۋە ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندا، ئۇلار ماڭا ياردەم قولىنى سۇنغان ئىدى. ھەتتا، ھازىرمۇ ئۇلار خۇددى خۇدا ئەۋەتكەن پەرىشتىلەردەك، ماڭا خەير ساخاۋەت قىلىۋاتاتتى. ناۋادا، مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئەگەشكۈچىسى بولدۇم دەپ ئىقرار قىلسام، قانداق بولار؟

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئويلاپ شۇنداق بىئارام بولدۇم.

مەن ھەم قۇرئاننى ھەم ئىنجىلنى ئوقۇۋەردىم. مەن ھەم مەسچىتكە ھەم مەخمۇد ئەپەندىنىڭ جامائەتچىلىككە بارىۋەردىم. مەن ھەم مۇسۇلمان ئۆلىمالارنىڭ ھەم ئىنجىل ئۇستازلىرىنىڭ تەلىماتىنى ئاڭلىۋەردىم. مەن ئىككى ئاتنى تەڭ مىنمەكچى بولغان بىر كىشىدەك بولدۇم. بىر قارارغا كەلمىسەم بولمايتتى.

ئۆيۈمدە بىر رادىئو بار ئىدى. مەن كۈرەش ئەپەندىمنىڭكىگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇلار ياخشى كۆڭلى بىلەن ئۇنى ئىشلەتسۇن دەپ ماڭا بەرگەن ئىدى. مەخمۇت ئەپەندى ماڭا ئىنجىل ۋە ئەيسا ئېتىقادىغا ئائىت پىروگراممىلارنىڭ چاستوتىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. مەن دائىم دېگۈدەك ئۇلارنى ئاڭلاپ تۇراتتىم.
كۈرەش ئەپەندىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ بەزىدە مېنىڭ بىلەن بىللە ئۇنى ئاڭلاپ قوياتتى. لېكىن، ئۇلار ئانچە ھەۋەس قىلمىدى. بۇ ئاڭلىتىش، موسكۋا

رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاڭلىتىش چاستوتىسىغا ناھايىتى يېقىن بولغاچقا بەزىدە كەچلىك پىروگراممىلارنى ئاڭلاش ناھايىتى تەس ئىدى.

بىر كۈنى ئەتىگىنى ئىشقا بېرىشقا تەييارلىق قىلغاچ رادىئو ئاڭلاۋاتقىنىمدا، پروگرامىدا بىر ئىنجىل ئۇستازى خۇدانىڭ پادىشاھلىقى توغرىسىدا سۆزلىدى. گەرچە ئانچە دىققەت قىلىپ ئاڭلىمىغان بولسامىمۇ، ئەمما پروگراممىنىڭ ئاخىرىدا ئاڭلىتىلغان ئىنجىل ئايەتلىرى مېنىڭ دىققىتىمنى شۇنداق تارتتى: «ھەزرىتى ئەيسا دەيدۇكى:
شۇنداق ئىكەن، ‹نېمە يەيمىز؟ نېمە ئىچىمىز؟ نېمە كىيىمىز؟› دەپ غەم قىلماڭلار... ئەرشتىكى ئاتاڭلار سىلەرنىڭ بۇ نەرسىلەرگە مۇھتاجلىقىڭلارنى بىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ھەممىدىن مۇھىمى خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ۋە ھەققانىيلىقى ھەققىدە ئىزدىنىڭلار. ئۇ چاغدا، خۇدا سىلەرگە مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ تەقدىم قىلىدۇ.»

بۇ سۆزلەر يۈرىكىمنىڭ دېگەن يېرىگە باردى. خۇددى بىر ئاتا ئۆز باللىرىنى ياخشى چۈشەنگەندەك، پەرۋەردىگار خۇدا ئۆز ئاجىز بەندىلىرىنىڭ كۆڭلىنى نېمىدېگەن ئوبدان چۈشىنىدۇ ھە. پەقەت خۇدالا مېنىڭ كەلگۈسىدىكى يىمەك ئىچمەك ۋە تۇرىدىغان يەردىن غەم يېيىشىمنى بىلەتتى. ئەگەر مەن كۈرەش ئائىلىسىدىن قوغلانسام، مەن قانداق قىلارمەن؟ لېكىن، بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى بولسا، مەن بۇنىمۇ قوبۇل قىلىشقا تەييارمەن.

شۇ كۈنى مەن ئىش ئورنۇمدىن ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت ئالدىم. ھەزرىتى ئەيسانىڭ سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «غەم قىلماڭ...

ئەرشتىكى ئاتاڭ سېنىڭ مۇھتاجلىقىڭنى بىلىدۇ. خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ۋە ھەققانىيلىقى ھەققىدە ئىزدىنىڭ. ئۇ چاغدا، خۇدا سېنىڭ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ تەقدىم قىلىدۇ.»
بۇ ئايەتلەرنى ئېسىمگە ئېلىپ، مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى پۈتۈن قەلبىم، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئىزدىنىشكە بەل باغلىدىم.

پۈتۈن كۈن ئۆيدە ئولتۇرۇپ، خۇدانىڭ ئۆزىنى ماڭا نامايەن قىلىشىنى كۈتتۈم. تۇيۇقسىزلا «خۇدانى بىزگە نامايەن قىلسىڭىز، رازى بولاتتۇق» دېگەن شاگىرتىگە، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى:
«....سىلەر بىلەن بىرگە بولغىنىمغا تالاي ۋاقىت بولدى، مېنى تېخىچە تونۇمىدىڭمۇ؟.....»

مەن دەرھال مۇقەددەس كىتاپنى ئېچىپ، سۇرە يۇھاننادىن بۇ ئايەتلەرنى تېپىپ، تولۇق ئوقۇپ چىقتىم. ئوقۇسام، ئۇلار خۇددى مەخسۇس مەنىلا ئۈچۈن يېزىلغاندەك تۇيۇلدى. ئەمما، قەلبىم پارە پارە بولۇپ، تىترەپ كەتكەن قوللىرىم بىلەن كىتاپنى يېپىپ قويدۇم. مەن ھەزرىتى ئەيساغا پۈتۈنلەي ئىشىنىشكە يەنىلا جۈرئەت قىلالمىدىم.

ئالدىمدا بولسا بىر ئەينەك بار ئىدى. ئەمما مەن يۈزۈمگە قاراشقا پېتىنالمىدىم. ئۆيىنىڭ باشقا يەرلىرىدە، كۆرەش ئەپەندىم ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ۋاراڭ چۇرۇڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن مەن ئۆز خىياللىرىم ۋە ئەندىشىلىرىم بىلەن يالغۇز قالدىم. مەن تەتقىقات قىلغان ئىشلارنى قايتا قايتا ئويلىدىم. ماڭا بىر چىقىش يولى يوق. ھەممىسى شۇنداق ئېنىق، چۈشىنىشلىك

ئىدى.

باللىق دەۋرىمدە، ھېلىقى چۈشۈمدە كۆرۈنۈپ: «ھازىرچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇغىن. سەن بۇ يەردىكى ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، سېنى مېنىڭ مەكتىپىمگە قوبۇل قىلىمەن» دېگەن شۇ خۇدا، ھازىر مېنى قوبۇل قىلىشقا تەييار تۇرۇپتۇ! ئۇ ھازىر مېنىڭ بىر قارارغا كېلىشىمنى كۈتۈۋاتىدۇ. ئەمما، مەن تەشۋىشتە قالدىم. مېنىڭ ھەقىقەتنى ئىزدەپ تېپىشىم ئۈچۈن، بارلىق ئەھۋاللىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن شۇ خۇدا، ھازىر مېنى كۈتۈۋاتىدۇ. ئەمما، مەن كەينىگە سوزۇۋاتاتتىم. مەن بىردىنلا، «خۇدانى بۇنداق ئۇزۇن ساقلىتىپ قويسام، مېنى پالاكەت باسماس ھە»، دەپ قاتتىق قورقۇنۇچ ئىچىدە قالدىم. ماڭا شۇنداق ئېغىر بېسىم كەلگەندەك تۇيۇلۇپ، يىغلاپ كەتتىم.

قاتتىق چارچاپ كەتكەچكە، مەن مۈگدەپ قالدىم. ئۆيىنى تويۇقسىزلا بىر نۇر يورىتىۋەتكەندەك بولۇپ، تاملار يوقلىپ كەتكەندەك بولدى. كۆز ئالدىمدا بىر كونا، ناھايىتى قەدەمكى بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى. ئۇنى كۆرۈپ، توساتتىنلا ئىنجىل، سۈرە يۇھاننادىكى بىر بايان ئېسىمگە كەلدى. مەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ شاگىرتى توماسنىڭ، باشقا مۇرىتلار بىلەن بىرگە ئولتۇرغىنىنى كۆردۈم. ئۇ خاپا ھەم گۇماندا ئىدى. ئاندىن تويۇقسىزلا مەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولۇپ ئۆرە تۇرغىنىنى كۆردۈم. ئۇ:
ئامان بولۇڭلار!  دېدى.

مەن توماسنىڭ ھەيران قېلىپ، ئاغزىنىڭ ئېچىلغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئاندىن، ھەزرىتى ئەيسا توماسقا قاراپ:

بارمىقىڭنى بۇ يەرگە تەگكۈزۈپ، قوللىرىمغا قارا. قولۇڭنى ئۇزۇتۇپ بېقىنىمغا تەگكۈزۈپ باق. گۇمان قىلماي، ماڭا ئىشەن!  دېدى.

ئاندىن، توماس ھەزرىتى ئەيسانىڭ پۇتلىرىغا يىقىلىپ:
سەن مېنىڭ رەببىم ھەم خۇدايىمسەن!    دېدى.
شۇ ۋاقىتتا ھەزرىتى ئەيسا قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:
مېنى كۆرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئىشەندىڭمۇ؟ مېنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىشەنگەنلەر نەقەدەر بەختلىك  ھە!   دېدى.

بۇ كۆرۈنۈش ئاستا   ئاستا كۆز ئالدىمدىن غايىپ بولدى. مەن ئويغىنىپ، چۈشۈمدە كۆرگەن، ۋە ئاڭلىغانلىرىمنى ئويلاشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ مەنىسىنى مەن ئوبدان چۈشەندىم. مەنمۇ توماسقا ئوخشاش شەك كەلتۈرگەن بولساممۇ، لېكىن ھەزرىتى ئەيسا يەنىلا مېنى سۆيىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە يەنىلا مېنى تەكلىپ قىلدى.

مەن بىردىنلا چوڭقۇر ھەسرەتتە قېلىپ، ئىچىمدە: «ئۇ ھەردائىم مېنىڭ قەلبىمنىڭ ئىشىگى ئالدىدا ئىدى. ئەمما مەن ئۇنىڭغا ئىچىپ بەرمىدىم.» دېدىم. مەن شەيتاننىڭ ھىيلە   مىكرىدىن پەھەس بولمىغاچقا ئۇ ئۈستۈمدىن ئاسانلا غالىپ كەلگەن ئىدى. جىمى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى خۇدا، مېنىڭ قەلب ئىشىكىمنى چېكىۋاتقان ۋاقىتتا، مېنىڭ شەيتاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىنىم نېمىسى!؟

كۈن ئاستا   ئاستا يورۇشقا باشلىدى. مەن تىزلىنىپ:
ئى رەببىم، مەن ساڭا ھەقىقەتەن ئىشىنىمەن. مېنىڭ جاھىللىقىم ۋە گۇمانىمنى كەچۈرۈپ مېنى قوبۇل قىلغايسەن!    دەپ توۋلىدىم.
ئاندىن مەن ئىچىمدە، بىر مۆلايىم ئاۋازنى ئىڭلىدىم. ئۇ ماڭا:

"  مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان كىشلەرنىڭ ھەممىسىنى، ئەيىبىنى كۆرىستىپ، تەربىيلەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قىزغىن بولۇپ، گۇناھلىرىڭغا تۆۋا قىل». دىدى.

مەن ئۆزگەرتىلگەن، يېڭى بىر كىشى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. خۇددى قەلبىم «ئى پەرۋەردىگارىم، سەن نەقەدەر ئۇلۇغ سەپ!» دەپ مەدھىيە ئېيتقاندەك بولدى.

شۇ كۈنى 1973 يىلى 4 ئاينىڭ 26 كۈنى ئىدى. شۇ كېچىسى مېنىڭ قەلبىم، بۇرۇن ھېچقاچان ھىس قىلىپ باقمىغان، تىنىچلىق، ئارام ۋە ئامانلىققا تولۇپ تاشتى. ئىككى يىلدىن ئارتۇق تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش نەتىجىسدە، مەن ھەقسۇبھانەھۇۋەتائاللانى ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزىدە تونۇپ يەتتىم. خۇدانىڭ تەڭداشسىز شان شەرىپى، ئۇنىڭ بارلىق ئۇلۇغلىقى ھەزرىتى ئەيسادا پۈتۈنلەي مۇجەسسەملەنگەن ئىكەن! مېھرى شەپقەتلىك ئاللا مېنىڭ قاراڭغۇ، غاپىل قەلبىمنى يورۇتۇپ، ئۆزىنى ماڭا ھەزرىتى ئەيسادا نامايەن قىلدى. بارلىق ھەمدۇسا ئاللاغا بولغاي!

(پاۋزا)

ئەتىسى مەخمۇد ئەپەندىنى كۆرگىلى باردىم. مەن بارغاندا ئۇ ئۆيىدە يوق ئىكەندۇق، مەن ئۆيگە يېقىن بىر چايخانىدا چاي ئىچىپ ساقلاپ تۇردۇم. مېنىڭ كۆڭلۈم ناھايىتى ئازادە ئىدى. مەن چايدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيگە يەنە بېرىپ، دەرۋازىنىڭ قوڭغىرىقىنى قايتا چالدىم. مەخمۇد ئەپەندىم ئىشىكنى

ئېچىپ، مېنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيران ھالدا:

نېمە بولدى مەخسۇت؟ سەن بۈگۈن يېڭى بىر ئادەمدەك كۆرۈنىشەنغۇ! دېدى ماڭا قاراپ تۇرۇپ. «شۇنداق، مەن يېڭى بىر ئادەم بولدۇم» دەپ كۈلۈمسىردىم. ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ، مېنى ئۆيىگە يېتىلەپ كىردى. ئاندىن بىز بىللە مېھمانخانىغا كىردۇق.

مەن بۇرۇن ئۇنىڭ مېھمانخانىسىغا كىرىپ باقمىغانىدىم. ھازىر ئويلاپ كۆرسەم ئۇ تاملىرى ئوچۇق رەڭدە ھاكلانغان، راھەت بىر ئۆي ئىدى. مەخمۇت ئەپەندى مەندىن:

مەخسۇت، مۇقەددەس كىتاپنى ئۆگىنىشىڭ قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟ دەپ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا:

مەن راستىنلا يېڭى بىر ئادەم بولدۇم. مېنى چۆمۈلدۈرۈۋەتسەڭلار بولامدۇ؟ دەپ سورىدىم.

ئۇ نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشەندى. ئەمما، ئۇ كۈلمەستىن ماڭا قاراپ:

مەخسۇت، ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىپ، چۈمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلساڭ، باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ سەنىنى قانداق قىلىدىغانلىغىنى بىلەمسەن؟ دېدى.

مەن: بىلىمەن، خۇدا ماڭا چوقۇم ياردەم قىلىدۇ، دېدىم.

ئەمما مەخمۇت ئەپەندى يەنىلا ئەنسىرىگەن ھالدا:

مەخسۇت، سەن ئۆلۈمنى ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟ دەپ سورىدى ھەمدە ئۇلاپلا:

بەزىلەر، سېنى ئۆلتۈرسە، «خۇدانىڭ ئالدىدا چوڭ بىر ساۋاپلىق ئىش قىلدىم» دەپ ئويلايدۇ. ئۇنى بىلەمسەن؟ دېدى.

لېكىن، قەلبىمدە خۇدانىڭ ئامانلىقى شۇ ۋاقىتتا ماڭا شۇنداق يېقىن تۇيۇلدى. مەن جاۋابەن:

- ئۇنداقتا، ھەزرىتى ئەيسا ئۆز دۈشمەنلىرىنى كەچۈرگىنىدەك، مەنمۇ ئۇلارنى كەچۈرىمەن، ئىنشاللاھ !

بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، مەخمۇت ئەپەندى مېنى چىڭ قۇچاقلىدى. ئاندىن ئۇ مەن ئۈچۈن دۇئا قىلدى. دۇئادىن كېيىن، قوللىرىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

مەخسۇت، بۇ ماڭا ناھايىتى خۇشاللىق بىر كۈن بولدى دېدى.

بىز مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ، چۆمۈلدۈرۈش توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. مەخمۇد ئەپەندى ماڭا مۇنداق دېدى: مەخسۇت، چۆمۈلدۈرۈش ئاددىي بىر مۇراسىم بولۇپ، دۇنيادىكى ھەممە ھەزرىتى ئەيسا ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئادا قىلىنىدۇ. بىز سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈشنىڭ بىر ئادەمنى قۇتقۇزالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئۇ پەقەت ھەزرىتى ئەيسانى مېنىڭ قۇتقۇزغۇچىم، مېنىڭ رەببىم دەپ قوبۇل قىلىشنىڭ ئوچۇق ئاشكارا بىر شاھىتلىقتۇر. بۇ ئاددىي مۇراسىم ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن يېڭى ئېتىقادچى، ئۆزىنىڭ ھەزرىتى ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن چۆمۈلدۈرۈش مۇراسىمى ئارقىلىق، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئەگەشكۈچىلىرى يېڭى بىر ئېتىقادچىنى قارشى ئالىدۇ. چۆمۈلدۈرۈش مۇراسىمىدا، پاكىز كېيىم كىيگەن يېڭى ئېتىقادچى، جامائەتچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆز ئىمانىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. جامائەتچىلىكنىڭ مەسئۇللىرى يېڭى ئېتىقادچىغا خۇدانىڭ بەختىنى تىلەپ، ئۇنىڭ بېشىغا پاكىز سۇ قۇيىدۇ. دالادا بولسا، ئۇلار ئۇنى دەريا ياكى كۆلچەكنىڭ سۈيىدا

چۆمۈلدۈرۈشى مۇمكىن. ھەزرىتى ئەيسا دەۋرىدە ئۇلار بۇ مۇراسىمنى دەريا ۋە كۆلچەكتە قىلغاچقا، تا ھازىرغىچە ئۇ «چۆمۈلدۈرۈش» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

مەخمۇد ئەپەندى ئاخىرىدا: مەخسۇت، جامائەتچىلىكىمىزدە چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلاي دېسىڭىز، مەن باشتا ۋىنسىنت ئەپەندى بىلەن سۆزلىشەي دېدى.

بىراق مەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بارىمەن دەپ تۇرۇۋالدىم. بىز ۋېنسىت ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا باردۇق. ئۇمۇ خۇش خەۋىرىمنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە خۇداغا شۈكرى دەپ مېنى قۇچاقلىدى. ئاخىرى بىز چۆمۈلدۈرۈشنى، كېلىدىغان يەكشەنبە كۈندىكى يىغىلىشتا ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدۇق. مېنىڭ بىخەتەرلىگىمنى ئويلاپ، مېنى پەقەت جامائەتچىلىكنىڭ بىر نەچچە ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئالدىدا چۆمۈلدۈرۈش تەلۋىنى بەردى. لېكىن مەن: ياق! پۈتۈن جامائەتچىلىكنىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىق بېرىپ، چۆمۈلدۈرۈلىمەن دەپ چىڭ تۇرىۋالدىم.

ئۇ 1973 يىلى 4 ئاينىڭ 29 كۈنى بىر يەكشەنبە كۈنى كېچىسى ئىدى. جامائەت بىناسىغا كىشىلەر لىق تولغانىدى. مەن شۇ كېچىسى چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلاتتىم. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، پەشتاققا قاراپ يول ئالغىنىمدا، ھەممە كىشى ماڭا قاراشتى. پەشتاققا چىقىنىمدا، مەخمۇت ئەپەندى كەينىمگە كېلىپ تۇردى. ۋېنسىنت ئەپەندىمۇ قىشىمدا تۇرۇپ، مېنى قىسقىلا تونۇشتۇردى. ئۇ ھېچنېمە دىمىسىمۇ، ھەممە كىشىلەرگە مېنىڭ بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىم ناھايىتى روشەن ئىدى. پاكىستاندا بىر مۇسۇلماننىڭ مۇشۇنداق ئوچۇق ئاشكارا جامائەتنىڭ ئالدىدا چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشى

ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى.

چۆمۈلدۈرۈش مۇراسىمى داۋاملىشىۋاتقاندا، ھەزرىتى ئەيسانىڭ مۇرتلىرىغا بەرگەن ۋەسىيىتى ئېسىمگە كەلدى. ھەزرىتى ئەيسا دەيدۇكى:
«شۇنىڭ ئۈچۈن بېرىپ، پۈتكۈل مىللەتلەرنى مېنىڭ شاگىرتلىرىم قىلىپ يېتىشتۈرۈڭلار. ئۇلارنى خۇدا ئاتا، ئۇنىڭ ئوغلى ۋە مۇقەددەس روھنىڭ نامى بىلەن چۆمۈلدۈرۈپ، ئۇلارغا مەن سىلەرگە بۇيرىغان بارلىق ئەمرلەرگە ئەمەل قىلىشنى ئۆگىتىڭلار. مەن ھەقىقەتەنمۇ زامان ئاخىرىغىچە ھەر دائىم سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن.»

(پاۋزا)

مېنى چۆمۈلدۈرگەن ۋاقىتتا مەن ۋېنىست ئەپەندىنىڭ مۇنداق دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم. «مەن سېنى ئەرشىدىكى ئاتا، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھنىڭ نامىدا چۆمۈلدۈردۈم.» بۇ سۆزلەرنى بىر قانچە يىل ئىلگىرى ئاڭلىغان بولسام، بەلكى ئۇنىڭ ماڭا ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايتتى.  ئەمما بۈگۈن ئىنجىلدىكى بۇ سۆزلەر ماڭا شۇنداق مەنىلىك ئىدى.

مەن ئەمدى چۆمۈلدۈرۈش توغرىسىدىكى مۇنۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئوبدان چۈشىنىپ يەتتىم: «بىز چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلغىنىمىزدا، ئەيسا مەسىھكە باغلانغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەنمۇ باغلاندۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز چۆمۈلدۈرۈلۈش ئارقىلىق ئەيسا مەسىھ بىلەن بىللە ئۆلۈپ، بىللە كۆمۈلدۇق. خۇدا ئاتىمىزنىڭ بۈيۈك قۇدرىتى ئارقىلىق ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلگىنىدەك، بىزمۇ يېڭى ھاياتتا ياشىشىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە تىرىلدۇق. خۇدا ئاتىمىزنىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى مەقسىتى شۇكى،

ئەيسا مەسھنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كۈچ  قۇدرىتى ئارقىلىق تىرىلدۈرگەندەك بىزنىمۇ يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈرۈشتۇر.»

مۇراسىمدىن كېيىن، ھەربىر كىشى كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشتى. مەخمۇت ئەپەندى ماڭا ئۆزىنىڭ كۆپ دوستلىرىنى تونۇشتۇردى. جامائەت تارقىغاندىن كېيىن ، مەن مەخمۇد ئەپەندى بىلەن بىرگە كېتىش ئۈچۈن، ئۇنى سىرتتا ساقلىغانىدىم. مەن سىرتتا تۇرىۋاتقىنىمدا، يېنىمدا ئۈچ ياش بالىنىڭ پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.  كېيىن، يەنە بىرى كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدى. مەن ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى تاسادىبىي ئاڭلاپ قالدىم.

سېنى خېلى ئۇزۇنغىچە ساقلاپ تۇردۇم،  دېدى بىرسى ئەتراپقا قارىغاچ:
نېمە بولدى؟ يېغىلىش كېچىكىپ ئاخىرلاشتىمۇ؟  دېدى.
شۇنداق ئاداش، دېدى ئارىدىن يەنە بىرى:
بىر مۇسۇلمان گۆي چۆمۈلدۈرۈلۈپتۇ.
يەنە بىرسى:
ئۇ گۆي ھازىر نەدە؟ ئۇنىڭ سەلىسىنى بىر كۆرۈپ كېلەيلى   دەپ قاقاقلاپ كۈلدى.
مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، يۈزۈم قىزىرىپ، بېشىمنى تۆۋەن تۇتتىم.
ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىش نىمىدىگەن قىيىن ھە! مەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمدىنلا ئەمەس، بەلكى بۇ ئاتالمىش ئەيسا ئەگەشكۈچى قېرىنداشلىرىمدىنمۇ مازاققا ئۇچراۋاتىمەن! روھىم شۇنداق چۈشۈپ كەتتى. مەن چاندۇرماي كېتىۋالاي دېسەم، مەخمۇت ئەپەندى بىنانىڭ بۇلۇڭىدىن ئۆتۈپ كەلدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ، ئالدىراپ ئالدىمغا  كەلدى.

ھە مەخسۇت، سەن بۇ يەردە ئىكەنسەن،  دېدى، ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:
يۇر، بۇ ياشلىرىمىزغا سېنى تونۇشتۇرۇپ قوياي،  دېدى.

ئېنىقكى ئۇ باللار مەخمۇت ئەپەندى بىلەن ئوبدان تونۇشاتتى. مېنى ئۇلارغا تونۇشتۇرغاندا، ئۇلار ھاڭ  تاڭ قېلىشىپ خىجىل بولۇشتى. ئۇلار مېنىڭ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالغانلىقىمنى بىلگەچكە، بەك جىددىيلەشتى.

شۇ كۈنى كەچتە، ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە، كۆرەش ئەپەندىم ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مەندىن بىر نەرسە سوراپ قېلىشىدىن ئەنسىرگەن ئىدىم. ئەمما، ئۇلار مەندىن ھېچنەرسە سورىمىدى.
ئۆيۈم ئادەتتىكىدەك پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى. مەن ئۇزۇندىن بۇيان بۇ ئۆيدە خۇشال ياشاپ كەلگەنلىگىم ئۈچۈن، بۇ ئۆي خۇددى ئۆز ئۆيۈمدەك بولۇپ قالغان ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن، بۇيەردە داۋاملىق تۇرسام بولارمىكىن دەپ خىيال قىلدىم. يېتىشتىن ئىلگىرى يۇيۇندۇم. كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ مۇنچىدىن چىققىنىمدا، ئورۇندۇقنىڭ كەينىگە ئېسىپ قويغان جايناماز كۆزۈمگە يولۇقتى. مەن بۇ جايناماز ئۈستىدە كۆپ قېتىم ناماز ئوقۇغىنىمنى ئويلىدىم. كۆرەش خانىم بولتۇر ئەرەبستاندىن قايتىپ كەلگەندە،  بۇ جاينمازنى ماڭا ھەرەمنىڭ سوغىسى دەپ ھەدىيە قىلغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئۈستىدە كۈندە تىزلىنىپ، «ئى خۇدا! مېنى توغرا يولغا باشلىغايسەن!» دەپ دۇئا قىلغاندىم.
مەن جايىنامازنى يىغىۋېتىپ، ئۇنى ئىشكاپقا سېلىۋەتتىم. خۇداغا شۈكرى، مېنىڭ دۇئالىرىم ئىجابەت بولدى! ھازىر مەن توغرا يولنى، خۇدانىڭ ھەقىقەت يولىنى تاپتىم. ھەر قانداق ئەھۋالدا، ھەرقانداق يەردە، ھەرقانداق ۋاقىتتا خۇدانىڭ ئالدىغا كېلەلەيمەن! مەن ئەركىن بولدۇم!

قۇرئاننى قانداق قىلىش كېرەك؟ كۆزۈم كېچىكمەدىن تارتىپ، كۈندە دىگۈدەك ئوقۇغان بۇ كىتابغا چۈشتى. ئۇنىمۇ ئېلىپ، ئىشكاپقا تىقىۋېتىش كېرەكمۇ يا!؟ ئۇنىڭغا ھاجىتىم چۈشمەسمۇ؟ كۆڭلۈمدە، ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. بۇ كىتاب، مېنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن بىر گۇۋاھ بولىدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدىن، خۇدا ماڭا ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھەقىقي كىملىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى. ھەقىقەتنى ئىزدىشىمگە  تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بۇ قۇرئان، ماڭا، ۋە قېرىنداشلىرىمغا گۇۋاھ بولسۇن دەپ،  ئۇنىڭغا مۇھىم بىر ئورۇن بېرىش قارارىغا كەلدىم.

شۇ كۈنى كېچىسى، ئۇخلاشتىن بۇرۇن مەن مۇقەددەس كىتاپنى ئېچىپ ئىنجىل سۈرە مەتتا 10    بابىدىن بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇدۇم:

«مانا، مەن سىلەرنى قويلارنى بۆرىلەرنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتكەندەك ئەۋەتىمەن...
...ماڭا ئىشەنگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، ھەممە ئادەم سىلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىدۇ، لېكىن ئاخىرغىچە بەرداشلىق بەرگەنلەر جەزمەن قۇتقۇزۇلىدۇ...»

مەن بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلغان خۇداغا مىڭ شۈكۈر ئېيتىپ، خۇددى بىر بوۋاقتەك، شېرىن ئويقۇغا كېتىپتىمەن.

## 13باب    «داۋاملىق ئىلگىرىلەش»

ئۇزۇن ئۆتمەي كۈرەش ئەپەندىم ئائىلىسىدىكىلەر مېنىڭ مەسچىتكە بارماي، ئۆيدىمۇ بۇرۇنقىدەك ناماز ئوقۇمايۋاتقىنىمنى بايقىدى. مەن كۈندە ئۆيۈمدە ئاللانى مەدھىلەپ، مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇپ، دۇئا  تىلاۋەت قىلىشۋەردىم. لېكىن ئۇلار بۇنى كۆرمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار بۇنى كۆرگەن بولسىمۇ، چۈشىنەلمەيتتى. بىر كۈنى، ئۇلار مەندىن ئىمانىنى يوقاتتى دەپ گۇمانلىنىپ، ئۇدۇللا سورىدى. مەن ئىنكار قىلالماي، ئۆزۈمنىڭ ھەزرىتى ئەيساغا ئەگەشكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلدىم. بۇنى ئاڭلاپ ئۇلار مەندىن شۇنداق خاپا بولدى ھەم  كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ماڭا تۇتقان مۇئامىلىسى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى.

مېنىڭ ھەزرىتى ئەيساغا ئىشەنگەنلىكىم ھەممە يەرگە پۇر كەتتى.  بەزى خىزمەتداشلىرىم مەندىن ھەرخىل گۇمان قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، چەتئەللىكلەر «سېنى ئېلىپ چىقىپ كېتىمىز، ياخشى خىزمەت ئېرىشىسەن» دەپ قويسا، ئىماندىن تانغان گەپ، دىگەنگە ئوخشاش گۇمانلاردىمۇ بولدى. لېكىن يەنە بەزىلەر  سەممىي سۇئاللارنى سورىغان ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ سۇئاللىرىنى ياخشى بىر پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئۆزۈمنىڭ نىمە ئۈچۈن ھەزرىتى ئەيساغا ئەگەشكەنلىكىمنى ئۇلارغا تەپسىلى چۈشەندۈردۈم.

شۇنداق قىلىپ ھەم ئۆيدە، ھەم ئىشخانىدا مۇنازىرىلەر ئۈزۈلمىدى. ئاخىرى كۈرەش ئەپەندىم مېنىڭ ھەزرىتى ئەيسادىن يانمايدىغانلىقىمنى كۆرۈپ، «مەخسۇت، بىزدىن كۆچۈپ، تۇرمۇشۇڭنى ئۆزەڭ ئورۇنلاشتۇرساڭ تۈزۈك» دەپ ئېيتتى.

مەن كۆرەش ئەپەندىمنىڭ ئۆيىدە تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى، ئۆي خىزمەتچىلىرىنىڭ ياتىقىدا ئۇخلاشقا مەجبۇر بولدىم. بۇ ماڭا ھاياتىمنىڭ يەنە بىر سەھىپىسىنى بېسىپ بولغاندەك تۇيۇلدى. شۇ كۈنى كەچتە، مەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدىم:

مەن ئى كۆيۈمچان ئاللا، ئەگەر بۇ سېنىڭ ئىرادەڭ بولسا، مەن قايتا كوچىغا چىقىپ، ئۆي ماكانسىز تۇرۇشقا رازى، پىكرىم يوق، دېدىم.

خۇددى خۇدا دۇئالىرىمنى قوبۇل قىلغاندەك ھىسسىياتتا بولدۇم. مەن بۇ ئائىلىدە تۆت يىلنىڭ مابەينىدە تۇنجى قېتىم قاتتىق پولدا يېتىپ، بۇرۇنقى كۈنلىرىم ئېسىمگە كېلىپ قالدى. مەن ئەسلىگەچ ئاخىرى ئۇيقىغا كېتىپتىمەن. ئەتىگىنى قوپسام، كۈن يۇپيۇرۇق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۈمىدسىزلىك مېنى:

مەخسۇت، يەنە تېخى ۋاقىت بار. بېرىپ ئۆلاردىن كەچۈرۈم سورا! سېنى سۆيىدىغان بۇ ئائىلە بىلەن قايتا ياراشساڭ بولىدۇ. ئويلاپ كۆرگىنە قېنى! سەن نېمىدىن مەھرۇم بولىۋاتىسەن؟ ئۆزۈڭنىڭ خىزمىتى ۋە ئىستىقبالىڭنى ئويلاپ كۆرگىن!... دەپ ئويلاشقا مەجبۇر قىلدى.

ئارقىدىنلا، ئىنجىلدىكى ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھاياتىدىن بىر قىسسە كۆز ئالدىمغا كەلدى. ھەزرىتى ئەيسا چۆل باياۋاندا قىرىق كېچە كۈندۈز ھېچقانداق تاماق يىمەي، روزا تۇتىۋاتاتتى. شەيتان ئۇنىڭغا كېلىپ ئۇنى تائام ۋە شان شۆھرەت بىلەن سىنىغىنىدا، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۇنىڭغا: «رەببىڭلار بولغان خۇداغىلا ئىبادەت قىلىڭلار، پەقەت ئۇنىڭغىلا خىزمەت قىلىڭلار!» دېگەن سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى.

مەن دەرھال ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئالدىراشلا سومكامنى ئېلىپ،

ئۆيدىن جىمجىت چىقىپ كەتتىم. دەرۋازىدا بىر دەم توختاپ ماڭا ئۆزۈندىن بېرى ئارامگاھ بولغان بۇ قوروغا قايتىدىن قارىدىم. ئاندىن يولۇمغا راۋان بولدۇم. (پاۋزا) كەينىمگە ئىككىنچى قارىمىدىم.

(پاۋزا ۋە مۇزىكا)

مەن ھەزرىتى ئەيساغا ئەگەشكەن بۇ ئۆزۈن يىللاردىن بىرى، مېنىڭ تۇغقانلىرىم، دوستلىرىم ۋە خىزمەتداشلىرىم دائىم مېنى «دۆلەتنىڭ خائىنى، ئاتا ئانىسىنى تەرك ئەتكەن، ئۆچ خۇداغا ئىشىنىدىغان كاپىر» دەپ ئەيىپلەپ كەلدى. مەن بۇ خىل ئەيىپلەشتىن بەزىدە شۇنداق مەيۈسلىنەتتىم. چۈنكى مېنىڭ سۆيۈملىك مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم، تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىلنى ھەتتا ئوقۇشتىنمۇ قورىدۇ. شۇڭا ئۇلار مېنىڭ ئېتىقادىمنى قەتتى چۈشۈنەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ مۇقەددەس كىتابنى ۋە ئۇنىڭدىكى ئېتىقادنى توغرا چۈشەنگەن بولسا، مۇشۇنداق ئىغۋاگەرچىلىكنى ھەرگىزمۇ قىلمايتتى. چۈنكى، مۇقەددەس كىتاپتا، بىزلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ كانۇنىغا بويسۇنۇڭلار دەپ ئېنىق ئېيتقان ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئاتا ئانىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە خۇدانىڭ بىرلىگى ۋە بارلىقىغا ئىشىنىش قاتارلىقلارنىمۇ، مۇقەددەس كىتاپنىڭ ھەممە يېرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ.

لېكىن ماڭا قارشى تۇرغانلار پەقەت مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىملا ئەمەس. ھەتتا بەزىدە ھەزرىتى ئەيساغا ئەگەشكۈچىلەرمۇ ماڭا گۇمان بىلەن قاراشتى. بەزىلەر مېنىڭ ئىنجىل ئايىتىگە ئۇلارنىڭكىگە ئوخشاش بولمىغان تەپسىر بەرگەنلىكىم ئۈچۈن، مېنى بىدئەت دەپ گۇمان قىلغان. يەنە باشقا بەزىلىرى

بولسا، مېنىڭ ھەزرىتى ئەيساغا ئەگەششىمنى پەقەت ماددى مەنپەئەت ئۈچۈن شۇنداق قىلغان دېگەنگە ئىشىنەتتى. يەنە تېخى بەزىلەر بولسا، مېنى، ھۆكۈمەتنىڭ جامائەتچىلىكتە قويغان بىر ئىشپىيۇنى دەپمۇ گۇمان قىلدى.

مەيلى نەگە باراي، دائىم رەببىم ھەزرىتى ئەيساغا بولغان مېھىر مۇھەببىتىم توغرىلىق گۇۋاھلىق بېرەتتىم. بۇنىڭ ئاقىۋىتى دائىم دېگۈدەك خىزمىتىمدىن ئايرىلىپ قالاتتىم. مەن نۇرغۇن قېتىم، ئىشلەيدىغان ئورنۇم ياكى تۇرۇدىغان جايىمدىن:

يوقال كاپىر! قايتىپ كەلگۈچى بولما! دېگەندەك ھاقارەتلەر بىلەن قوغلىناتتىم.

شۇنداقتىمۇ، مەن قەلبىمدە يەنىلا خۇدانىڭ چوڭقۇر ئاراملىق ھېس قىلاتتىم. مەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ رەت قىلىنىشى ۋە تارتقان ئازابىنى ئەسلەپ، مېنىڭ دۇچ كەلگەن مۇشەققەتلىرىمنى يېنىق دەپ بىلدىم. ئىنجىلدىكى ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ سۆزلىرى ئېسىمگە دائىم كېلەتتى:

«مەن ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھاقارەت، زىيانكەشلىك ۋە تۆھمىتىگە ئۇچرىساڭلار، نەقەدەر بەختلىكسىلەر! شاد خۇرام بولۇڭلار. چۈنكى، ئەرشتە سىلەر ئۈچۈن كۆپ ئىنئام ساقلانماقتا. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرمۇ مۇشۇنداق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان.»

ئەلۋەتتە، بۇ ئايەتلەرنى ئەسلىگىنىمدە، ئۇلار ماڭا تەسەللىي بېرەتتى.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، بالا قازا، زىيانكەشلىك ۋە جاپا مۇشەققەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. بەزىدە، كىشىلەر مېنى مەسخىرە قىلىشىپ، مەندىن:

سەن بۇنداق ھاياتتىن رازىمۇ؟ ھاياتىڭنى مۇشۇنداق بىر قاچقۇنغا ئوخشاش ئۆتكۈزۈشكە رازىمۇ؟ سېنىڭ ھەتقىقات ئېلىپ بېرىشىڭنىڭ نەتىجىسىدىن خوش بولدۇڭمۇ؟ دېگەنىدەك سۇئاللارنى سورىشاتتى. مەن ئۇلارغا جاۋابەن:

رازى بولدۇم! خۇش بولدۇم! مېنىڭ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمنىڭ سەۋەبى ھەقىقەتنى ئىزدەش، يەنى مېنىڭ ئاتا بوۋىلىرىمدىن مىراس قالغان، مەنىسىز ھاياتتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ھەقىقەتنى تېپىشتۇر. پەرۋەردىگار خۇدا ئۆزى دىلىمنى يورۇتۇپ، مېنى بۇ توغرا يولغا باشلىدى. غەزىپىگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، خۇدا مېنى ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىدى! خۇدا بۇ يولنى ھەزرىتى ئەيسانى بۇ دۇنياغا ئەۋەتىپ، ئۇنى قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق ئېچىپ بەردى. ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلىمى بىلەن شەيتاننىڭ چاڭگىلىدا قالغان ئىنسانلارنى ئازات قىلدى. ئۇنداقتا كىمكى ئۆز گۇناھلىرىدىن يېنىپ، خۇدا ئېچىپ بەرگەن بۇ توغرا يولدا ماڭسا، ئۇ خۇدانىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن يارىشۋالىدۇ.

مەن دائىم مېنى مازاق قىلىپ، تاكاللاشقانلارغا مۇشۇنداق بىر قاتار ھەقىقەتلەر بىلەن جاۋاب بېرىمەن.

ھەزرىتى ئەيساغا ئەگەشكەندىن بۇيان، خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا قەتتىي ئەرزىمەيدىغانلىقىمنى تونۇپ يەتتىم. لېكىن، جىمى ئالەملەرنى ياراتقان خۇدا يەنىلا مەندەك بىر گۇناھكارغا كۆيۈنىدۇ! ئىنجىلدا ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دېگەن:

«شۇڭا بىلىپ قويۇڭلاركى، تۇرمۇشۇڭلارغا كېرەكلىك يېمەك ئىچمەك ياكى ئۇچاڭلارغا كىيىدىغان كىيىم كېچەكتىن غەم قىلماڭلار. ھاياتلىق يېمەكتىن،

تەن كيىم   كىچەكتىن كۆپ ئەزىز ئەمەسمۇ؟  كۆكتىكى ئۇچار قاناتلارغا قاراڭلار! ئۇلار تېرىمايدۇ، يىغمايدۇ، ئامباردا ئۇزۇقمۇ ساقلىمايدۇ.  ئەرشتىكى ئاتاڭلار ئۇلارنىمۇ ئاچ قويمىغان يەردە، سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى چوقۇم بېرىدۇ. چۈنكى، سىلەر ئاشۇ قۇشلاردىن كۆپ ئەزىز ئەمەسمۇ؟»

مەن بۇ ھاياتىمنىڭ ئۆزۈمگە تەئەللۇق ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلمەن. مەن ئۇنى ئۆز ئىرادەم بىلەن خۇداغا بېغىشلىغان. ئۇ ھاياتىمنىڭ ھەر بىر ئەھۋالىنى مېنى دەپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. گەرچە مەن، بۇ دۇنيادىكى ئائىلەمدىن ئايرىلىپ قالغان بولساممۇ، گەرچە ھەرتەرەپتىن تەھدىتلەرگە ئۇچراپ تۇرساممۇ، مېنىڭ رەببىم كۆڭلۈمگە داۋاملىق ئارام بېغىشلاپ كەلدى.

ئىنجىل سۈرە مەتتادا ھەزرىتى ئەيسانىڭ مۇنۇ سۆزلىرى خاتىرلەنگەن:
«تېنىڭلارنى ئۆلتۈرسىمۇ، جېنىڭلارنى ئالالمايدىغانلاردىن قورقماڭلار. ئەكسىچە، تېنىڭلارنىمۇ، جېنىڭلارنىمۇ دوزاختا ھالاك قىلالايدىغان خۇدادىن قورقۇڭلار. ئىككى قۇشقاچنى بىر تەڭگىگە  سېتىۋالغىلى بولسىمۇ، لېكىن ئەرشتىكى ئاتاڭلار بىلمەي تۇرۇپ، ئۇلاردىن  بىرسىمۇ يەرگە چۈشمەس. شۇنداق ئىكەن، قورقماڭلار، چۈنكى سىلەر خۇدا ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان قۇشقاچتىنمۇ قىممەتلىك  دە!»

ھاياتىمىزدا    بالايى   ئاپەت، گاڭگىراش ۋە ئېزىقتۇرۇشلارغا ئۇچراپ، تەنھالىق، ھارغىنلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك ھىس قىلغاندا، پەقەت خۇدا كېلىپ بىزنى قۇتقۇلدۇرالايدۇ. بارلىق مەدھىيە، بارلىق شان   شەرەپ پەرۋاردىگار خۇداغىلا خاستۇر!

مەيلى هاياتىمنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتىينەزەر، مەن ئىنجىلدىكى مۇنۇ ئايەتلەرنى قورقماي ئېيتالايمەن:

«مانا بىز ھەرتەرەپتىن قىيىن ئەھۋالدا قالدۇق، ئەمما يەكسان بولمىدۇق. تەمترەپ قالدۇق، ئەمما ئۈمىدسىزلەنمىدۇق. قوغلىنىۋاتىمىز، ھالبۇكى خۇدا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلمىدۇق. يېقىتىلدۇقيۇ، ئەمما يوقىتىلمىدۇق. ئەيسا مەسىھكە ئوخشاش ئازاب ئوقۇبەتلەرگە، ھەتتا ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز، لېكىن ئەيسا مەسىھ دائىم بىزگە كۈچ قۇدرەت بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر ۋۇجۇدىمىزدىن ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايدۇ. بىز ئۇچراۋاتقان بۇ ۋاقىتلىق ئەرزىمەس ئازاب ئوقۇبەتلەر بىزگە تەڭداشسىز ۋە مەڭگۈلۈك شان شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ.

مەن قەتئي شۇنداق قارايمەنكى، رەببىم ئەيسا مەسىھنى تونۇشنىڭ ئەۋزەللىكى ئالدىدا، ھەرقانداق ئىش قەدىرسىزدۇر. ئەيسا مەسىھنى تونۇپ يېتىشىم ۋە ئۇنىڭغا زىچ باغلىنىشىم ئۈچۈن، ھەممىنى تاشلىۋەتتىم ھەمدە ئۇلارنى ئەخلەت دەپ قارايمەن.

«خۇدا پۈتكۈل ئىنساننىڭ قۇتقۇزۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى تونۇشىنى خالايدۇ»

(پاۋزا، مۇزىكا)

قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم، مەن ئىشىنىمەنكى، ئاراڭلاردا ماڭا ئوخشاش، ھەقىقەتنى ئىزدەۋاتقانلار ئاز ئەمەس. ئاللادىن « مېنى توغرا يولغا باشلىغىن» دىگەن دۇئانى ھەرگىزمۇ توختاتماڭ. خۇدا چوقۇم سىزنى ئاڭلاپ، بۇ دۇئايىڭىزنى

ئىجابەت قىلدۇ!

(پاۋزا)

ئى ئاللا! ئاڭلىغۇچىلاردىن سېنى ئىزدىنىۋاتقانلارنى ئۆزەڭ بىلسەن. ئۇلارنىڭ
دۇئالىرىنى ئاڭلاپ ئۇلارنى ئۆزۈڭنىڭ توغرا يولۇڭغا باشلىغايسەن.
ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش سېنىڭ مېھرى  شەپقىتىڭ، سېنىڭ ئىنائىتىڭدىن
بەھرىمان بولغاي.
ئى رەببىمىز، ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز.

ئامىن!